شەيخ ھافىز ئىبنى ئەھمەد ئەل ھەكەمىي
(1342 ـ 1377 ھىجرىيە)

# ئىسلام ئەقىدىسى ھەققىدە
# سوئال ـ جاۋاب

تەرجىمە قىلغۇچى: ئابدۇلغەنى ئابدۇلئەزىز
سابىرجان

ئۇيغۇر تەرجىمە مەركىزى


تورېبېكەت ئادرېسى:
www.munber.org   www.munber.net
ئېلخەت ئادرېسى:
webmaster@munber.org   munber@munber.org

# مۇندەرىجە


بەندە ۋە بەندىچىلىك ........................................ 6
ئىسلام دىنى......................................................... 12
ئىسلام ئاساسلىرى ................................................ 15
ئىمان.................................................................... 34
الله قا ئىمان كەلتۈرۈش............................................. 40
پەرىشتىلەرگە ئىمان ئېيتىش ..................................... 84
كىتابلارغا ئىمان ئېيتىش .......................................... 88
پەيغەمبەرلەرگە ئىمان ئېيتىش.................................... 100
ئاخىرەتكە ئىمان ئېيتىش ........................................ 114
تەقدىرگە ئىمان ئېيتىش........................................... 167
ئىماننىڭ شاخچىلىرى .............................................. 201
ئېھسان.................................................................. 206
ئىمانغا مۇناسىپ كەلمەيدىغان نەرسىلەر ......................... 209
سېھىر ۋە سېھىرگەر............................................... 224
تۇمار، كۆز مونچاق ۋە باشقىلار ................................ 227
كاھىنلىق............................................................... 231
مۇنەججىملىك......................................................... 234
شۇم پال ئېلىش ۋە كۆز تېگىش ................................. 237
گۇناھ، تەۋبە ۋە دۇنياۋىي جازالار .............................. 241
سىراتەل مۇستەقىم (توغرا يول) ................................. 256
بىدئەت، ئۇنىڭ تۈرلىرى ۋە ھۆكمى .............................. 259
ساھابىلەر ۋە ئەھلى بەيت ......................................... 266
خەلىپىلىك............................................................. 277
ئەمىرگە بويسۇنۇش.................................................. 286
ئەۋلىيالىق ۋە كارامەت............................................. 291

## ناھايىتى مېھرىبان ۋە شەپقەتلىك اللّٰه نىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن

ھۆرمەتلىك مۇسۇلمان قېرىنداشلار، قولۇڭىزدىكى شەيخ ھافىز ئىبنى ئەلھەكەمىنىڭ «ئىسلام ئەقىدىسى ھەققىدە سوئال ـ جاۋابلار» ناملىق كىتابىنى ئۇيغۇر تەرجىمە مەركىزى مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا تەرجىمە قىلىپ تاماملىدى. بۇ كىتابچە بارلىق مەنپەئەتلىك ئىلىمنىڭ يىغىندىسىدىن تەركىب تاپقان، پەيغەمبەرلەر دەۋەت قىلغان ساماۋى كىتابلار ئېلىپ كەلگەن ھەرقانداق بىر كىشى ئۇنىڭسىز دىنىدا نىجاتلىققا ئېرىشەلمەيدىغان دىنىنىڭ ئاساسلىق قائىدىلىرى تەۋھىدنىڭ ئاساسلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان پايدىلىق بىر ئەقىدە يېتەكچىسىدۇر. بۇ كىتابچە داغدام يولغا ئاشكارا ھەقىقەتكە باشلاپ ئاللاھ تائالانىڭ كامالى سۈپىتىگە زىت كېلىدىغان بارلىق شەك ـ شۈبھىلەرنى سۈپۈرۈپ تاشلاش بىلەن بىرگە ئىمان ۋە ئۇنىڭ خىسلەتلىرىنى شەرھىلەپ بېرىدۇ.

شۇنداقلا ھەر بىر مەسىلىگە ئاللاھدە دەلىل كەلتۈرىدۇ. ئەينى ۋاقىتتا ئوقۇرمەنلەرنىڭ چۈشىنىش ۋە ئۆزلەشتۈرۈشىگە قولايلىق بولسۇن ئۈچۈن كىتابچە سوئال ـ جاۋاب بويىچە تۈزۈلگەن.

بۇ كىتاب ئارقىلىق بارلىق قېرىنداشلىرىمىزنىڭ ئەقىدە ساھەسىدىكى بەزى بوشلۇقلىرىنى تولدۇرۇپ، ئىلگىرى خاتا

كەتكەن بەزى ئەقىدىلىرىنى تۈزىتىشكە مەلۇم جەھەتتە تۆرتكە بولالىسا دېگەن ئۈمىدتىمىز.

ئاللاھ تائالادىن قىلغان بارلىق ئىش ـ ئەمەللىرىمىزنى رىيادىن خالىي ھالەتتە پەقەت كەرەملىك پەرۋەردىگارىمىزنىڭ رازىلىقى ئۈچۈنلا قىلىشقا مۇيەسسەر قىلىشنى تىلەيمىز.

ھۆرمەت بىلەن: ئۇيغۇر تەرجىمە مەركىزى

تور بېكىتىمىز:

www.munber.org
www.munber.net
E-mail:
webmaster@munbe.org

# كىرىش سۆز

## ناھايىتى مېھرىبان ۋە شەپقەتلىك اللە نىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن

جىمى ھەمدۇسانا ئاسمان ـ زېمىننى ياراتقان، ئۇنىڭدا يورۇقلۇق ۋە زۇلۇمەتنى پەيدا قىلغان، ئۆز پەرۋەردىگارلىرىغا كاپىر بولغانلارغىمۇ ئادىللىق قىلىدىغان اللە تائالاغا بولسۇن! اللە تائالا شۇنداق بىر زاتتۇركى، سىلەرنى (يەنى سىلەرنىڭ ئاتاڭلار ئادەمنى) لايدىن ياراتقان، ئاندىن ئەجىلىڭلارنى بېكىتكەن، (سىلەرنىڭ تىرىلىدىغان) ۋاقتىڭلارنى ئۆز دەرگاھىدا ئېنىق بەلگىلەپ قويغان، ئاندىن سىلەر ـ ئى كۇففارلار! (ئۆلگەندىن كېيىن تىرىلىشكە) شەك كەلتۈرىسىلەر. ئۇ يەنە شۇنداق زاتتۇركى، سىلەرنىڭ ئاسمان ـ زېمىندىكى بارلىق ئىش ـ ھەرىكەتلىرىڭلارنى بىلىپ تۇرغۇچىدۇر.

شۇنداق دەپ گۇۋاھلىق بېرىمەنكى، شېرىكسىز، يالغۇز بىر اللە تىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوقتۇر! ئۇ زات يېگانىدۇر، بارلىق مەخلۇقات ئۇنىڭغا موھتاجدۇر. ئۇ بالا تاپقانمۇ ئەمەس ۋە تۇغۇلغانمۇ ئەمەس، ھېچ كىشى ئۇنىڭغا تەڭداش بولالمايدۇ، پۈتكۈل مەخلۇقاتلار ئۇنىڭغىلا بويۇن ئېگىدۇ. ئۇ زات ئاسمان ـ زېمىننى يوقتىن بار قىلغۇچى بولۇپ، ئۇ بىرەر ئىشنى ئىرادە قىلغان بولسا، ئۇنىڭغا: ”بول“ دېيىش بىلەنلا ۋۇجۇدقا كېلىدۇ. ئۇ خالىغىنىنى ئەڭ مۇناسىپ شەكىلدە يارىتىدۇ. ئى قىلغان ئىشىدىن سوراق قىلىنمايدىغان، بەلكى قىلغانلارنى سوراق قىلىدىغان اللە! سېنى ھەرقانداق شېرىكلەردىن پاك ـ مۇنەززەھ دەپ ئۇلۇغلايمىز.

يەنە شۇنداق دەپ گۇۋاھلىق بېرىمەنكى، بىزنىڭ خوجىمىز، پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام اللە تائالانىڭ بەندىسى ۋە ئەلچىسىدۇر. گەرچە كاپىرلار يامان كۆرگەن تەقدىردىمۇ اللە ئۇنى دىنىنىڭ ھەممىسىنى ئاشكارىلاپ بېرىش ئۈچۈن ھەق دىن ۋە ھىدايەت بىلەن ئەۋەتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا، ئائىلە - تاۋابىئاتلىرىغا، ھەقىقەتتىن تايماي ماڭغان ساھابىلىرىغا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈننىتىدىن چىقماي ئۇنى مەھكەم تۇتۇپ، شۇ سۈننەت ئۈچۈن دوست ياكى دۈشمەن بولۇپ، شۇ سۈننەتنى قوغداش يولىدا بارلىقىنى قۇربان قىلىپ، دۇنيادىن ئۆتكەن تابىئىنلەرگە ۋە قىيامەتكىچە شۇلارنىڭ ئىزىدىن ماڭغان بارلىق مۇسۇلمانلارغا اللە تائالانىڭ رەھمىتى ۋە سالامى بولسۇن!

قولىڭىزدىكى بۇ كىتابچە بارلىق مەنپەئەتلىك ئىلمىنىڭ يىغىندىسىدىن تەركىب تاپقان، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالاملار دەۋەت قىلغان، ساماۋىي كىتابلار ئېلىپ كەلگەن، ھەر قانداق بىر كىشى ئۇنىڭسىز دىندا نىجاتلىققا ئېرىشەلمەيدىغان دىنىنىڭ قائىدىلىرىنى، تەۋھىدنىڭ ئاساسلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ناھايىتى پايدىلىق بىر كىتابچىدۇر. بۇ كىتابچە داغدام يولغا، ئاشكارا ھەقىقەتكە باشلاپ، اللە نىڭ كامالى سۈپىتىگە زىت كېلىدىغان بارلىق شەكلەرنى سۈپۈرۈپ تاشلايدىغان ئىمانىنى ۋە ئۇنىڭ خىسلەتلىرىنى شەرھىيلەپ بېرىدۇ. ھېچقانداق شەك قالماسلىقى ئۈچۈن ھەر بىر مەسىلىدە ئۇنىڭ دەلىللىرى كەلتۈرۈلدى. بىدئەتچى ۋە ھاۋايى ھەۋەسكە ئەگەشكۈچى پىرقىلەرنىڭ پىكرىنى ئۇنىڭغا رەددىيە بېرىش ئۈچۈن كەلتۈرۈلگىنىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، پەقەت ئەھلى سۈننە ۋەلجامائەنىڭ پىكرىلا زىكىر قىلىندى. گەرچە قارشىسىنى ئوتتۇرىغا قويۇش بىلەنلا خاتا پىكىر ئاشكارا

بولسىمۇ، كۆننىڭ چىقىشى بىلەنلا كۆندۈز بولىدىغانلىقىغا دەلىل كەتمىسىمۇ، ھەق ئاشكارا بولغاندىن كېيىن قالغانلىرىنىڭ زالالەت ئىكەنلىكى ئوچۇق بولسىمۇ، ئۇلۇغ ئىماملىرىمىز شۇ بىدئەتخور ۋە ھاۋايى ھەۋەسكە بېرىلگۈچىلەرگە رەددىيە بېرىدىغان ئالاھىدە كىتابلارنى يېزىپ قالدۇرغان (الله ئۇلارنىڭ ھەممىسىگە ياخشى ئەجرىلەرنى ئاتا قىلسۇن).

قولىمىزدىكى بۇ كىتابچە ئوقۇغۇچىنىڭ دىققىتىنى مەركەزلەشتۈرۈش مەقسىدىدە سوئال ـ جاۋاب شەكلىدە تۈزۈلدى. بۇ كىتابقا «الأعلام السنة المنشورة لاعتقاد الطائفة الناجية المنصورة» (نىجاتلىق ۋە غەلىبىگە ئېرىشكۈچىلەر ئۈچۈن داغدام يول) دەپ نام بېرىلدى.

ئاخىرىدا، الله سۇبھانە ۋەتائالادىن قىلغان ئەمەللىرىمىزنى پەقەت ئۇنىڭ رازىلىقىغا ئېرىشىش ئۈچۈنلا قىلغانلارنىڭ قاتارىدىن قىلىپ بېرىشىنى، ئۆز پەزلى مەرھەمىتىدىن بىزگە ئاتا قىلغان ئىلمىنى مەنپەئەتلىك ئىلىم قىلىپ بېرىشىنى، مەنپەئەتلىك ئەمەللەرنى بىلدۈرۈشىنى تىلەيمەن! الله تائالا ھەقىقەتەن ھەرقانداق نەرسىگە قادىردۇر. بەندىلىرىگە مېھرىبان ۋە قىلغان بارلىق ئىشلىرىدىن خەۋەرداردۇر. ئاخىرى قايتىدىغان قارارگاھىمىز ئۇ الله نىڭ دەرگاھىدۇر. ئۇ بىزنىڭ ئىگىمىزدۇر، ئۇ نېمە دېگەن ياخشى ئىگە! نېمە دېگەن ياخشى ياردەمچى ـ ھە!

# بەندە ۋە بەندىچىلىك

**1 ــ سوئال:**

**بەندىلەرگە ئەڭ ئاۋۋال نېمە ۋاجىپ بولىدۇ؟**

بەندىلەرگە ئەڭ ئاۋۋال ۋاجىپ بولىدىغىنى، الله تائالانىڭ بەندىلىرىنى نېمە ئۈچۈن ياراتقانلىقىنى، ئەھدى ــ مىساق كۈنى ئۈچۈن نېمە بىلەن ئەھدە ئالغانلىقىنى[1]، پەيغەمبەرلەرنى نېمە ئۈچۈن ئەۋەتكەنلىكىنى، كىتابلارنى نېمە ئۈچۈن نازىل قىلغانلىقىنى، دۇنيا ــ ئاخىرەت ۋە دوزاخ ــ جەننەتنى نېمە ئۈچۈن ياراتقانلىقىنى، قىيامەتنىڭ نېمە ئۈچۈن قايىم بولىدىغانلىقىنى، مىزان ــ تارازىلارنىڭ نېمە ئۈچۈن تىكلىنىدىغانلىقىنى، سەھىپىلەرنىڭ نېمە ئۈچۈن ئۇچىشىدىغانلىقىنى، بەخت ۋە بەختسىزلىكنىڭ سەۋەبىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى، نۇرلارنىڭ نېمىگە قارىتا تەقسىم قىلىنىدىغانلىقىنى بىلىشتۇر.

**2 ــ سوئال:**

**الله تائالانىڭ بەندىلەرنى يارىتىشتىكى مەقسىدى نېمە؟**

بۇ ھەقتە الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئاسمانلارنى، زېمىننى ۋە ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى نەرسىلەرنى ئويناپ (يەنى بىكارغا) ياراتقىنىمىز يوق. ئۇلارنى بىز پەقەت ھەق ياراتتۇق ۋە لېكىن ئىنسانلارنىڭ تولىسى (بۇنى) بىلمەيدۇ.﴾[2] ﴿ئاسماننى،

---

[1] الله تائالانىڭ ئادەم ئەسلىدىن ئالغان ئەھدىسى ئۈچۈن ئەئراف سۈرىسىنىڭ 172 ــ ئايىتىگە قاراڭ.
[2] سۈرە دۇخان، 38 ـ 39ـ ئايەتلەر.

زېمىنىنى ۋە ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى شەيئىلەرنى بىكار ياراتمىدۇق، ئۇ (يەنى ئۇلارنى بىكار يارىتىلغان دەپ قاراش) كافىرلارنىڭ گۇمانىدۇر، كافىرلارغا دوزاختىن ۋاي!﴾[1] ﴿اللە ئاسمانلارنى ۋە زېمىنىنى ھەقلىق بىلەن ياراتتى، ھەر ئىنسانىنىڭ قىلمىشىغا يارىشا جازا ياكى مۇكاپات بېرىلىدۇ، ئۇلارغا زۇلۇم قىلىنمايدۇ.﴾[2] ﴿ جىنلارنى، ئىنسانلارنى پەقەت ماڭا ئىبادەت قىلىش ئۈچۈنلا ياراتتىم.﴾[3]

## 3 ـ سوئال:

## بەندە (ئەبد) نىڭ مەنىسى نېمە؟

ئەگەر بۇنىڭدىن بويسۇنۇش، خار بولۇش مەقسەد قىلىنسا، ئۇ چاغدا بۇ ئاسمان ـ زېمىندىكى ئەقىللىق ـ ئەقىلسىز، ھۆل ـ قۇرۇق، ھەرىكەتلىنىدىغان ـ ھەرىكەتلەنمەيدىغان، ئاشكارا ـ يوشۇرۇن، مۇئمىن ـ كاپىر ۋە ياخشى ـ يامان بارلىق نەرسىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. اللە تائالا ھەرقانداق نەرسىنى ياراتقۇچى ۋە پەرۋىش قىلغۇچىدۇر. ئۆز قۇدرىتى ئارقىلىق باشقۇرغۇچىدۇر ۋە ئورۇنلاشتۇرغۇچىدۇر. ئۇ نەرسىلەرنىڭ ھەر بىرىنىڭ بەلگىلىك دائىرىسى ۋە ئاخىرلىشىدىغان چەك ـ چېگرىسى بار. ھەممىسى بەلگىلىمە بويىچە ھەرىكەت قىلىدۇ، ئۇنىڭدىن زەررىچىلىكمۇ ئېشىپ كېتەلمەيدۇ. بۇ بولسا، قۇدرەتلىك، ھەممىنى بىلگۈچى زاتنىڭ بەلگىلىمىسى، ھېكمەتلىك، ئادىل زاتنىڭ ئورۇنلاشتۇرىشىدۇر. ئەگەر ”بەندە“ دىن بويسۇنۇش ۋە ياخشى كۆرۈش مەقسەد قىلىنسا، ئۇ چاغدا بۇ ئاتالغۇ ھەرقانداق غەم ـ قايغۇ ۋە

[1] سۈرە ساد، 27 ـ ئايەت.

[2] سۈرە جاسىيە 22 ـ ئايەت.

[3] سۈرە زارىيات 56 ـ ئايەت.

قورقۇنچتىن خالىي، ﷲ تائالانىڭ ھۆرمەتلىك بەندىلىرى، تەقۋا ئەۋلىيالىرىغا خاس ئاتالغۇ بولىدۇ.[1]

## 4 _ سوئال:

## ئىبادەت دېگەن نېمە؟

ئىبادەت دېگەن ﷲ تائالا ياخشى كۆرىدىغان ۋە رازى بولىدىغان ھەر قانداق مەخپىي ـ ئاشكارا سۆز ـ ئەمەللەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان ۋە بۇنىڭغا زىت كېلىدىغان خۇسۇسلاردىن يىراق تۇرۇشنى ئىپادىلەپ بېرىدىغان ئومۇمىي ئىسىمدۇر.

## 5 ـ سوئال:

## ئەمەللەر قانداق ۋاقىتتا ئىبادەت ھېسابلىنىدۇ؟

ئەمەللەر شەرتسىز بويسۇنۇش (كەمتەرلىك) ۋە چوڭقۇر مۇھەببەتتىن ئىبارەت ئىككى ئامىل ئەڭ يۇقىرى پەللىگە يەتكەندىلا، ئاندىن ئىبادەت ھېسابلىنىدۇ.

بۇ ھەقتە ﷲ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿مۇئمىنلەر ﷲ نى ھەممىدىن بەك دوست تۇتقۇچىلاردۇر﴾.[2] ﴿ئۇلار ھەقىقەتەن پەرۋەردىگارىنىڭ ھەيۋىسىدىن قورققۇچى كىشىلەردۇر.﴾[3]

يەنە بىر ئايەتتە ئىككىلا ئىشنى زىكىر قىلىپ مۇنداق كەلگەن: ﴿(رەھمىتىمىزنى) ئۈمىد قىلىپ، (ئازابىمىزدىن) قورقۇپ بىزگە دۇئا قىلاتتى، بىزگە كەمتەرلىك بىلەن ئىبادەت قىلاتتى.﴾[1]

---

[1] بۇ مەنە ﷲ تائالانىڭ: ﴿راستلا ﷲ نىڭ دوستلىرىغا (ئاخىرەتتە ﷲ نىڭ ئازابىدىن) قورقۇش، (دۇنيادا قولدىن كەتكۈزۈپ قويغانغا) قايغۇرۇش يوقتۇر. ئۇلار ئىمان ئېيتقان ۋە تەقۋادارلىق قىلغانلاردۇر﴾ دېگەن ئايىتىدىن بىلىنمەكتە (سۈرە يۇنۇس، 62 _ ۋە 63 _ ئايەتلىرى).

[2] سۈرە بەقەرە، 165 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

[3] سۈرە مۇئمىنۇن، 57 ـ ئايەت.

**6 ـ سوئال:**

**بەندىنىڭ الله ئەززە ۋە جەللەھگە بولغان مۇھەببىتىنىڭ ئىپادىسى قايسى ئىشلاردا كۆرىلىدۇ؟**

بۇنىڭ ئىپادىسى الله تائالا ياخشى كۆرگەننى ياخشى كۆرۈش، يامان كۆرگەننى يامان كۆرۈش، بۇيرۇقلىرىنى بەجا كەلتۈرۈش، توسقان ئىشلىرىدىن يىراق تۇرۇش ۋە الله تائالانىڭ دوستىنى دوست، دۈشمىنىنى دۈشمەن بىلىش قاتارلىق ئىشلاردا كۆرىلىدۇ. شۇڭا الله يولىدا دوستلىشىش ۋە الله يولىدا دۈشمەنلىشىش ئىماننىڭ ئەڭ مۇستەھكەم تۇتقىلىرىدىندۇر.

**7 ـ سوئال:**

**بەندىلەر الله تائالانىڭ نېمىنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى ۋە نېمىگە رازى بولىدىغانلىقىنى قايسى يول ئارقىلىق بىلدى؟**

ئۇلار ئۇنى الله تائالانىڭ پەيغەمبەر ئەۋەتىپ، كىتابلارنى نازىل قىلىپ، ئۆزى ياخشى كۆرىدىغان ۋە رازى بولىدىغان ئىشلارغا بۇيرۇشى، ياقتۇرمايدىغان يامان ئىشلاردىن توسىشىدىن بىلىۋالدى. بۇ ئارقىلىق بەندىلەرگە الله تائالانىڭ كەسكىن ھۆججىتى تىكلەندى ۋە چەكسىز ھېكمىتى ئاشكارا بولدى.

الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئەۋەتىلگەن پەيغەمبەرلەردىن كېيىن الله نىڭ ئالدىدا كىشىلەر (يەنى پەيغەمبەر ئەۋەتىلگەن بولسا ئەلۋەتتە ئىمان ئېيتاتتىم ۋە ئىتائەت قىلاتتىم دېگۈچىلەر) گە باھانە بولۇپ قالماسلىقى ئۈچۈن، (ئىتائەت قىلغۇچىلارغا جەننەت بىلەن) خۇش خەۋەر بەرگۈچى، (ئاسىيلىق

[1] سۈرە ئەنبىيا، 90 ـ ئايەت.

قىلغۇچىلارنى دوزاختىن) ئاگاھلاندۇرغۇچى پەيغەمبەرلەرنى ئەۋەتتۇق﴾[1] ﴿(ئى مۇھەممەد! ئۇلارغا) ئېيتقىنكى «ئەگەر سىلەر اللّٰه نى دوست تۇتساڭلار، ماڭا ئەگىشىڭلاركى، اللّٰه سىلەرنى دوست تۇتىدۇ، (ئۆتكەنكى) گۇناھىڭلارنى مەغپىرەت قىلىدۇ. اللّٰه ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر.»﴾[2]

**8 ـ سوئال:**

**ئىبادەتنىڭ شەرتلىرى قانچە؟**

ئىبادەتنىڭ شەرتلىرى ئۈچ:

بىرىنچى: ھەقىقىي ئىرادە، بۇ شۇ ئىشنىڭ ۋۇجۇدقا چىقىشىنىڭ شەرتىدۇر.

ئىككىنچى: خالىس نىيەت.

ئۈچىنچى: اللّٰه تائالا بۇيرىغان شەرىئەت ئۆلچىمىگە مۇۋاپىق كېلىش. بۇ ئىككىسى قوبۇل بولۇشنىڭ شەرتلىرىدۇر.

**9 ـ سوئال:**

**قانداق قىلغاندا ئىرادە مۇستەھكەم بولغان بولىدۇ؟**

ھورۇنلۇق ۋە سۇسلۇق قىلماي، سۆزى بىلەن ھەرىكىتىنىڭ بىردەك بولۇشى ئۈچۈن بارلىق تىرىشچانلىقنى كۆرسەتكەندە، ئاندىن ئىرادە مۇستەھكەم بولغان بولىدۇ.

بۇ ھەقتە اللّٰه تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئى مۇئمىنلەر! سىلەر نېمە ئۈچۈن قىلمايدىغان ئىشنى قىلىمىز دەيسىلەر؟ (يەنى ئەمەلدە سىلەر قىلمايدىغان ياخشى ئىشلارنى نېمە ئۈچۈن ئاغزىڭلاردا قىلىمىز

---

[1] سۈرە نىسا، 165 ـ ئايەت.

[2] سۈرە ئال ئىمران، 31 ـ ئايەت.

دەيسىلەر؟). سىلەرنىڭ قىلمايدىغان ئىشنى (قىلىمىز) دېيىشىڭلار اللە نىڭ دەرگاھىدا ئەڭ ئۆچ (كۆرۈلىدىغان نەرسىدۇر)﴾[1]

## 10 ـ سوئال:

## قانداق قىلغاندا نىيەت خالىس بولغان بولىدۇ؟

بەندىنىڭ بارلىق ئاشكارا ـ مەخپىي سۆز ۋە ئەمەللىرىنىڭ مەقسىدى اللە تائالانىڭ رازىلىقى ئۈچۈن بولغاندا نىيەت خالىس بولغان بولىدۇ.

بۇ ھەقتە اللە تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئۇلار پەقەت ئىبادەتنى اللە قا خالىس قىلغان، ھەق دىنغا ئېتىقاد قىلغان ھالدا (يالغۇز) اللە غىلا ئىبادەت قىلىشقا بۇيرۇلدى.﴾[2] ﴿ئۇنىڭ قىلغان ياخشىلىقى بىراۋنىڭ ياخشىلىقىنى ياندۇرۇش ئۈچۈن ئەمەس، پەقەت ئۇلۇغ پەرۋەردىگارىنىڭ رازىلىقى ئۈچۈندۇر﴾[3] ﴿(ئۇلار ئېيتىدۇ) «سىلەرگە بىز اللە نىڭ رازىلىقى ئۈچۈن تائام بېرىمىز، سىلەردىن (بۇنىڭ بەدىلىگە) ھېچقانداق مۇكاپات ۋە تەشەككۇر تەلەپ قىلمايمىز﴾[4] ﴿كىمكى (ئۆزىنىڭ ئەمەلى بىلەن) ئاخىرەتنىڭ ساۋابىنى كۆزلىسە، ئۇنىڭ ساۋابىنى زىيادە بېرىمىز، كىمكى (ئەمەلى بىلەن) دۇنيانىڭ مەنپەئىتىنى كۆزلىسە، (ئۇنىڭ تىلىگەن) مەنپەئىتىنىڭ بەزىسىنى بېرىمىز، ئۇنىڭغا ئاخىرەتتە (ساۋابتىن) ھېچ نېسىۋە يوق.﴾[5] بۇ ھەقتە بۇندىن باشقىمۇ ئايەتلەر ناھايىتى كۆپ.

---

[1] سۈرە سەف، 2ـ 3ـ ئايەتلەر.
[2] سۈرە بەييىنە، 5 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[3] سۈرە لەيل، 19 ـ 20 ـ ئايەتلىرى.
[4] سۈرە ئىنسان، 9 ـ ئايەت.
[5] سۈرە شۇرا 20 ـ ئايەت.

# ئىسلام دىنى

## 11 ـ سوئال:

**الله تائالا بۇيرىغان ۋە شۇنىڭدىن باشقىسى قوبۇل قىلىنمايدىغان شەرىئەت قايسى؟**

ئۇ، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ توغرا بولغان دىنىدۇر.

بۇ ھەقتە الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿ھەقىقەتەن الله نىڭ نەزىرىدە مەقبۇل دىن ئىسلام (دىنى) دۇر.﴾[1] ﴿ئۇلار (يەنى يەھۇدىيلار ۋە ناسارالار) الله نىڭ دىنىدىن (يەنى ئىسلام دىنىدىن) باشقا دىننى تىلەمدۇ؟ ھالبۇكى، ئاسمانلاردىكىلەر ۋە زېمىندىكىلەر ئىختىيارىي ۋە ئىختىيارسىز رەۋىشتە الله قا بويسۇنغان تۇرسا﴾[2] ﴿ئۆزىنى ئەخمەق قىلغانلاردىن باشقا كىم ئىبراھىمنىڭ دىنىدىن يۈز ئۆرۈيدۇ؟﴾[3] ﴿كىمكى ئىسلام (دىنىدىن) غەيرىي دىننى تىلەيدىكەن، ھەرگىز ئۇ (يەنى ئۇنىڭ دىنى) قوبۇل قىلىنمايدۇ، ئۇ ئاخىرەتتە زىيان تارتقۇچىدۇر.﴾[4] ﴿ئۇلارنىڭ الله رۇخسەت قىلمىغان نەرسىلەرنى دىن قىلىپ بېكىتكەن مەبۇدلىرى بارمۇ؟ (الله نىڭ ئۇلارغا بېرىلىدىغان ئازابنى قىيامەتكىچە تەخىر قىلىش توغرىسىدىكى) ھۆكمى بولمىسا ئىدى، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئەلۋەتتە (دۇنيادىلا) ھۆكۈم چىقىرىلغان بولاتتى﴾[5] ۋە بۇنىدىن باشقا نۇرغۇن ئايەتلەر بار.

[1] سۈرە ئال ئىمران، 19 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[2] سۈرە ئال ئىمران، 83 ـ ئايەت.
[3] سۈرە بەقەرە، 130 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[4] سۈرە ئال ئىمران، 85 ـ ئايەت.
[5] سۈرە شۇرا، 21 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

# ئىسلام دىنى

## 11 ـ سوئال:

**الله تائالا بۇيرىغان ۋە شۇنىڭدىن باشقىسى قوبۇل قىلىنمايدىغان شەرىئەت قايسى؟**

ئۇ، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ توغرا بولغان دىنىدۇر.

بۇ ھەقتە الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿ھەقىقەتەن الله نىڭ نەزىرىدە مەقبۇل دىن ئىسلام (دىنى) دۇر.﴾[1] ﴿ئۇلار (يەنى يەھۇدىيلار ۋە ناسارالار) الله نىڭ دىنىدىن (يەنى ئىسلام دىنىدىن) باشقا دىننى تىلەمدۇ؟ ھالبۇكى، ئاسمانلاردىكىلەر ۋە زېمىندىكىلەر ئىختىيارىي ۋە ئىختىيارسىز رەۋىشتە الله قا بويسۇنغان تۇرسا﴾[2] ﴿ئۆزىنى ئەخمەق قىلغانلاردىن باشقا كىم ئىبراھىمنىڭ دىنىدىن يۈز ئۆرۈيدۇ؟﴾[3] ﴿كىمكى ئىسلام (دىنىدىن) غەيرىي دىننى تىلەيدىكەن، ھەرگىز ئۇ (يەنى ئۇنىڭ دىنى) قوبۇل قىلىنمايدۇ، ئۇ ئاخىرەتتە زىيان تارتقۇچىدۇر.﴾[4] ﴿ئۇلارنىڭ الله رۇخسەت قىلمىغان نەرسىلەرنى دىن قىلىپ بېكىتكەن مەبۇدلىرى بارمۇ؟ (الله نىڭ ئۇلارغا بېرىلىدىغان ئازابنى قىيامەتكىچە تەخىر قىلىش توغرىسىدىكى) ھۆكمى بولمىسا ئىدى، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئەلۋەتتە (دۇنيادىلا) ھۆكۈم چىقىرىلغان بولاتتى﴾[5] ۋە بۇندىن باشقا نۇرغۇن ئايەتلەر بار.

[1] سۈرە ئال ئىمران، 19 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[2] سۈرە ئال ئىمران، 83 ـ ئايەت.
[3] سۈرە بەقەرە، 130 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[4] سۈرە ئال ئىمران، 85 ـ ئايەت.
[5] سۈرە شۇرا، 21 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

**12 ـ سوئال:**

**ئىسلام دىنى قانچە مەرتىۋىگە بۆلۈنىدۇ؟**

ئىسلام دىنى: ئىسلام، ئىمان ۋە ئېھساندىن ئىبارەت ئۈچ مەرتىۋىگە بۆلۈنىدۇ. بۇلارنىڭ ھەر بىرى ئايرىم تىلغا ئېلىنغاندىمۇ دىنىنىڭ ھەممە مەنىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

**13 ـ سوئال:**

**ئىسلامنىڭ مەنىسى نېمە؟**

ئىسلامنىڭ مەنىسى: الله تائالانىڭ بىرلىك ۋە بارلىقىغا تەسلىم بولۇش ۋە شېرىكتىن خالى ھالەتتە ئۇ زاتقا ئىبادەت قىلىش ئارقىلىق بويۇن ئېگىشتىن ئىبارەتتۇر.

بۇ ھەقتە الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿ياخشى ئەمەللەرنى قىلغان ھالدا ئۆزىنى الله قا تاپشۇرغان (يەنى الله نىڭ ئەمرىگە بويسۇنۇپ ئەمەلىنى خالىس الله ئۈچۈن قىلغان)، باتىل دىنلاردىن بۇرالغان ھالدا ئىبراھىمنىڭ دىنىغا ئەگەشكەن كىشىدىن (دىنىي جەھەتتە) ياخشىراق ئادەم بارمۇ؟﴾[1] ﴿ياخشى ئىش قىلغۇچى بولغان ھالدا ئىخلاس بىلەن الله قا بويسۇنغان ئادەم مەھكەم تۇتقىغا ئېسىلغان بولىدۇ.﴾[2] ﴿سىلەرنىڭ ئىلاھىڭلار بىر ئىلاھتۇر، ئۇنىڭغا بويسۇنۇڭلار، ئىتائەتمەنلەرگە خۇش خەۋەر بەرگىن.﴾[3]

**14 ـ سوئال:**

**”ئىسلام“ سۆزىنىڭ دىنىنىڭ ھەممىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغانلىقىنىڭ دەلىلى نېمە؟**

---

[1] سۈرە نىسا، 125 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

[2] سۈرە لوقمان، 22 ـ ئايەت.

[3] سۈرە ھەج، 34 ـ ئايەت.

بۇ ھەقتە الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿ھەقىقەتەن الله نىڭ نەزىرىدە مەقبۇل دىن ئىسلام (دىنى) دۇر﴾[①]

ئىمام مۇسلىم پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ:«ئىسلام پات يېقىندا خۇددى دەسلەپ باشلانغان چاغدىكىدەك غېرىپ ھالەتتە قايتىدۇ.» [بۇنى ئىمام تىرمىزى، ئىمام مۇسلىم، ئىبنى ماجە قاتارلىقلار رىۋايەت قىلغان]

يەنە پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «ئىسلامنىڭ ئەڭ ئەۋزىلى الله تائالاغا ئىمان كەلتۈرۈش.» [بۇنى ئىمام ئەھمەد ۋە تەبرانى رىۋايەت قىلغان]

بۇندىن باشقا نۇرغۇنلىغان دەلىل بۇنى كۆرسىتىپ بەرمەكتە.

---

① سۈرە ئال ئىمران، 19 ـ ئايەت.

# ئىسلام ئاساسلىرى

**15 ـ سوئال:**

**ئىسلامنىڭ تەپسىلىي چۈشەنچىسىنىڭ بەش ئەركان ئىكەنلىكىنىڭ دەلىلى قايسى؟**

ئۇنىڭ دەلىلى پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ جىبرىئىل ئەلەيھىسسالامنىڭ سوئالىغا بەرگەن جاۋابىدۇر: «ئىسلام دېگەن بىر اللە تىن باشقا ھېچ ئىلاھنىڭ يوقلۇقىغا ۋە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ اللە نىڭ ئەلچىسى ئىكەنلىكىگە گۇۋاھلىق بېرىش، ناماز ئوقۇش، زاكات بېرىش، رامىزاندا روزا تۇتۇش ۋە ھەرەمگە بېرىشقا قادىر بولالىساڭ، بەيتۇللاھنى ھەج قىلىشتۇر.» [بۇ ھەدىسنى بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان]

ۋە يەنە پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ: «ئىسلام بەش پەرز ئۈستىگە قۇرۇلغان بىرىنچى: اللە تىن باشقا ئىلاھ يوق، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام اللە نىڭ ئەلچىسى دەپ گۇۋاھلىق بېرىش. ئىككىنچىسى: ناماز ئوقۇش. ئۈچىنچىسى: زاكات بېرىش. تۆتىنچىسى: ھەج قىلىش. بەشىنچىسى: روزا تۇتۇش»[1] دېگەن ھەدىسىدۇر. [بۇ ھەدىسنى بۇخارى، مۇسلىم ۋە تىرمىزى رىۋايەت قىلغان]

**16 ـ سوئال:**

**شاھادەت كەلىمىسىنىڭ ئىسلامدىكى ئورنى قانداق؟**

[1] بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

بەندە ئىسلام دىنىغا پەقەت شۇ شاھادەت كەلىمىسى بىلەنلا كىرەلەيدۇ.

بۇ ھەقتە الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿الله قا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىمان ئېيتقان كىشىلەر كامىل مۇئمىنلەردۇر.﴾[1]

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «مەن كىشىلەر بىلەن ھەتتاكى ئۇلار بىر الله تىن باشقا ھېچ ئىلاھنىڭ يوقلۇقىغا، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ الله نىڭ ئەلچىسى ئىكەنلىكىگە گۇۋاھلىق بەرگەنگە قەدەر ئۇرۇش قىلىشقا بۇيرۇلدۇم.»[2]

## 17 ـ سوئال:

**بىر الله تىن باشقا ھېچ ئىلاھنىڭ يوقلۇقىغا گۇۋاھلىق بېرىشنىڭ دەلىلى نېمە؟**

بۇ ھەقتە الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿الله ئادالەتنى بەرپا قىلغان ھالدا گۇۋاھلىق بەردىكى، ئۇنىڭدىن باشقا ھېچ مەبۇد (بەرھەق) يوقتۇر. پەرىشتىلەرمۇ، ئىلىم ئەھلىلىرىمۇ شۇنداق گۇۋاھلىق بەردى: ئۇنىڭدىن باشقا ھېچ مەبۇد (بەرھەق) يوقتۇر، ئۇ غالىبتۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر﴾[3] ﴿بىلگىنكى، الله تىن باشقا ھېچ مەبۇد (بەرھەق) يوقتۇر﴾[4] ﴿غالىب بىر الله تىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوقتۇر﴾[5] ﴿الله نىڭ بالىسى يوق، ئۇنىڭغا باراۋەر باشقا بىر ئىلاھمۇ يوق﴾[6] ﴿ مۇشرىكلار ئېيتقاندەك، الله بىلەن بىرگە يەنە باشقا

---

[1] سۈرە نۇر 62 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[2] بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.
[3] سۈرە ئال ئىمران، 18 ـ ئايەت.
[4] سۈرە مۇھەممەد، 19 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[5] سۈرە ساد، 65 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[6] سۈرە مۇئمىنۇن، 91 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

ئىلاھلار بولغان تەقدىردە، ئەرش ئىگىسى (الله ئۇستىدىن) غەلىبە قىلىش ئۇچۇن ئەلۋەتتە يول ئىزدىگەن بولاتتى.﴾[1]

**18 ـ سوئال:**

**”لائىلاھە ئىللەللاھ“ نىڭ مەنىسى نېمە؟**

ئۇنىڭ مەنىسى: الله تائالادىن باشقا ھەرقانداق شەيئىنىڭ ئىبادەتكە لايىق ئىكەنلىكىنى ئىنكار قىلىش، الله تائالادىن باشقا ھېچقانداق بىرىنىڭ ئىبادەتكە لايىق ئەمەسلىكىنى ئىسپاتلاش ۋە شۇنداقلا بارلىق ئىگىدارچىلىق قىلىشتا الله تائالانىڭ ھېچقانداق شېرىكى يوق، ـ دېگەنلىك بولىدۇ.

الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿بۇ (قۇدرەت) شۇنىڭ ئۇچۇندۇركى، الله ھەقتۇر، (مۇشرىكلارنىڭ) الله نى قويۇپ ئىبادەت قىلىدىغان نەرسىلىرى (يەنى بۇتلىرى) باتىلدۇر، الله (ھەممە نەرسىدىن) ئۇستۇندۇر، بۈيۈكتۇر.﴾[2]

**19 ـ سوئال:**

**”لائىلاھە ئىللەللاھ“ دەپ گۇۋاھلىق بەرگەندە، (ئۇلاردىن بىرەرسى كەم بولۇپ قالسا) گۇۋاھلىق بەرگۈچىگە ھېچقانداق مەنپەئەت بەرمەيدىغان شەرتلەر قايسىلار؟**

بۇ شەرتلەر يەتتە:

1) ئۇنىڭ مەنىسىنى ئېنىق بىلىش.

2) ئۇنىڭغا چىن قەلبىدىن ئىشىنىش.

---

[1] سۈرە ئىسرا، 42 ـ ئايەت.

[2] سۈرە ھەج، 62 ـ ئايەت.

3) ئىچكى ۋە تاشقى كۆرنىش جەھەتتە ئۇنىڭ تەلەپلىرىگە بويسۇن ئېگىش.

4) ئۇ تەلەپ قىلغان بارلىق ئىشلارنىڭ ھېچبىرىنى رەت قىلماستىن قوبۇل قىلىش.

5) ئۇنىڭغا ئىخلاس قىلىش.

6) ئۇنى تىلى بىلەن تەستىقلاپلا قويماستىن، ئېتىقادىدا راستچىل بولۇش.

7) شۇ كەلىمىگە ۋە شۇنى ئېتىقان كىشىلەرگە مۇھەببەت باغلاش، پەقەت شۇ كەلىمە ئۈچۈنلا دوست ياكى دۈشمەن بولۇش.

**20 ـ سوئال:**

**"ئۇنىڭ مەنىسىنى ئېنىق بىلىش" نىڭ شەرت ئىكەنلىكىگە قۇرئان ۋە ھەدىستە قايسى دەلىللەر بار؟**

بۇ ھەقتە الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئۇلارنىڭ الله نى قويۇپ چوقۇنغان نەرسىلىرى شاپائەت قىلالمايدۇ. پەقەت ھەق بىلەن گۇۋاھلىق بەرگەن (يەنى لا الـه الا الله دېگەن، تىلى بىلەن ئېتىقانى دىلى بىلەن) ھەقىقىي بىلگەنلەر بۇنىڭدىن مۇستەسنا.﴾[1]

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دەيدۇ: «كىمكى "لائىلاھە ئىللەللاھۇ" نىڭ مەنىسىنى بىلىپ (يەنى يۇقىرىدا دېيىلگەن شەرتلەرنى ئورۇنلاپ) ئۆلسە، ئۇ جەننەتكە كىرىدۇ». [ئىمام مۇسلىم رىۋايەت قىلغان]

**21 ـ سوئال:**

[1] سۈرە زۇخرۇق، 86 ـ ئايەت.

**”ئۇنىڭغا چىن قەلبىدىن ئىشىنىش“ نىڭ شەرت ئىكەنلىكىنىڭ قۇرئان ۋە ھەدىستىكى دەلىللىرى قايسىلار؟**

الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿شۈبھىسىزكى، (ھەقىقىي) مۇئمىنلەر الله قا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىمان كەلتۈرگەن، ئاندىن (ئىماندا) شەك كەلتۈرمىگەن، ماللىرى بىلەن، جانلىرى بىلەن الله نىڭ يولىدا جىھاد قىلغانلاردۇر، ئەنە شۇلار (ئىمان دەۋاسىدا) راستچىللاردۇر.»﴾[1]

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دەيدۇ: «ھەرقانداق بىر بەندە، الله تائالادىن باشقا ئىلاھنىڭ يوقلىقىغا، مېنىڭ الله نىڭ پەيغەمبىرى ئىكەنلىكىمگە گۇۋاھلىق بېرىپ، ئۇنىڭغا ھېچقانداق شەك كەلتۈرمەي، الله تائالاغا ئۇچراشسا، ئۇ جەننەتكە كىرىدۇ.» [مۇسلىم رىۋايەت قىلغان]

ۋە يەنە بىر ھەدىستە پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا مۇنداق دېگەن: «مۇشۇ تامنىڭ ئارقىدا بىر الله تىن باشقا مەئبۇدنىڭ بەرھەق يوقلۇقىغا چىن قەلبىدىن ئىشەنگەن بىرىنى كۆرسەڭ، ئۇنىڭغا جەننەت بىلەن خۇش بېشارەت بەرگىن.» [مۇسلىم رىۋايەت قىلغان]

**22 ـ سوئال:**

**”ئىچكى ۋە تاشقى كۆرۈنىش جەھەتتە ئۇنىڭ تەلەپلىرىگە بويسۇن ئېگىش“ نىڭ قۇرئان ۋە ھەدىستىكى دەلىللىرى قايسىلار؟**

الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ياخشى ئىش قىلغۇچى بولغان ھالدا ئىخلاس بىلەن الله قا بويسۇنغان ئادەم مەھكەم تۇتقىغا ئېسىلغان بولىدۇ، ئىشلارنىڭ ئاقىۋىتى الله قا مەنسۇپتۇر.﴾[2]

---

[1] سۈرە ھۇجرات، 15 ـ ئايەت.
[2] سۈرە لوقمان، 22 ـ ئايەت.

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دەيدۇ: « سىلەرنىڭ ھېچقايسىڭلارنىڭ ھاۋايى - ھەۋىسى مەن ئېلىپ كەلگەنگە (قۇرئان ۋە ھەدىسكە) ئەگەشمىگىچە ئىمان ئېيتقان بولمايدۇ. »[1]

## 23 ـ سوئال:

**"شاھادەت كەلىمىسى تەلەپ قىلغان بارلىق ئىشلارنىڭ ھېچبىرىنى رەت قىلماستىن قوبۇل قىلىش" نىڭ قۇرئان ۋە ھەدىستىكى دەلىللىرى قايسىلار؟**

الله تائالا ئۇنى قوبۇل قىلمىغان كىشى ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: ﴿الله پەرىشتىلىرىگە ئېيتىدۇ) زۇلۇم قىلغۇچىلارنى، ئۇلارنىڭ (مۇشرىكلىكتىكى، كۇفرىدىكى) قاياشلىرىنى ۋە ئۇلارنىڭ الله نى قويۇپ چوقۇنغان بۇتلىرىنى (مەھشەرگاھقا) توپلاڭلار. ئاندىن ئۇلارنى دوزاخنىڭ يولىغا باشلاڭلار. ئۇلارنى توختىتىپ تۇرۇڭلار، چۈنكى ئۇلار (جىمى سۆزلىرى ۋە ئىشلىرىدىن) سوئال - سوراق قىلىنىدۇ. (ئاندىن) ئۇلارغا: «نېمىشقا (دۇنيادىكى ھالىتىڭلارغا ئوخشاش) بىر - بىرىڭلارغا ياردەم قىلمايسىلەر؟» (دېيىلىدۇ). بەلكى ئۇلار بۈگۈن بويسۇنغۇچىلاردۇر. ئۇلار بىر - بىرىگە قاراپ مۇنازىرىلىشىدۇ. ئەگەشكۈچىلەر ئەگەشتۈرگۈچىلەرگە: «سىلەر (سۆزۈڭلارنىڭ راستلىقىغا) قەسەم ئىچىپ بىزنى ئىماندىن توسۇيتتۇڭلار» دەيدۇ. (ئەگەشتۈرگۈچىلەر ئەگەشكۈچىلەرگە) ئېيتىدۇ: «سىلەر (ئۆز ئىختىيارىڭلار بىلەن) مۇئمىن بولمىدىڭلار. بىزنىڭ سىلەرنى (بىزگە ئەگىشىشكە) زورلايدىغان كۈچىمىز يوق ئىدى، بەلكى سىلەر (بىزگە ئوخشاش) ئازغان قەۋم ئىدىڭلار. پەرۋەردىگارىمىزنىڭ بىزنى (جازالاش) سۆزى بىزگە تېگىشلىك بولدى. بىز ھەقىقەتەن ( شۇ سۆز بويىچە ئازابنى) چوقۇم

[1] بۇ ھەدىسكە بىرمۇنچە مۇھەددىسلەر ئاجىز دەپ باھا بەرگەن.

تېتىغۇچىمىز. سىلەرنى بىز ئازدۇردۇق، چۈنكى بىز ھەقىقەتەن ئازغان ئىدۇق»). ئۇلار (يەنى ئەگەشتۈرگۈچىلەر بىلەن ئەگەشكۈچىلەر) بۇ كۈندە (يەنى قىيامەت كۈنىدە) ئازابتا ئورتاقتۇر. بىز ھەقىقەتەن گۇناھكارلارغا مۇشۇنداق قىلىمىز، (يەنى ئەگەشتۈرگۈچىلەر بىلەن ئەگەشكۈچىلەرنىڭ ھەممىسىگە ئازاب قىلىمىز). ئۇلار ھەقىقەتەن مۇشۇنداق ئىدىكى، ئۇلارغا: «بىر اللە تىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوق» (دەڭلار) دېيىلسە، (كەلىمە تەۋھىدتىن) تەكەببۇرلۇق قىلىپ باش تارتاتتى. ئۇلار: «ئىلاھلىرىمىزنى ھەقىقەتەن بىر مەجنۇن شائىر ئۈچۈن (يەنى ئۇنىڭ سۆزى ئۈچۈن) تاشلىۋېتەمدۇق؟» دەيتتى.﴾[1]

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دەيدۇ: «شەك - شۈبھىسىزكى، اللە مەن بىلەن ئەۋەتكەن ھىدايەت ۋە ئىلىم، زېمىنغا چۈشكەن يامغۇرغا ئوخشايدۇ. زېمىننىڭ ئىچىدە بىر قىسىم مۇنبەت يەر بولۇپ، ئۇ سۇنى قوبۇل قىلىدۇ. ئاندىن نۇرغۇن ئۆسۈملۈك ۋە ئوت - چۆپلەرنى ئۈندۈرىدۇ. زېمىننىڭ ئىچىدە قاتتىق يەرمۇ بار بولۇپ، سۇنى سىڭدۈرىۋەتمەي ساقلايدۇ. ئاندىن اللە ئۇ سۇ بىلەن كىشىلەرنى مەنپەئەتلەندۈرىدۇ. كىشىلەر سۇنى ئىچىدۇ. زىرائەتلىرىنى سۇغۇرىدۇ. زېمىننىڭ ئىچىدە يەنە بىر قىسىم شورلۇق يەر بولۇپ، ئۇ سۇنى تۇتۇپ قالالمايدۇ. ئۆسۈملۈكلەرنىمۇ ئۈندۈرەلمەيدۇ. مۇنبەت يەر: اللە نىڭ دىنىدا ئالىم بولغان ۋە اللە مەن بىلەن ئەۋەتكەن نەرسىلەردىن پايدىلانغان، ئۆگەنگەن ۋە ئۆگەتكەن كىشىنىڭ مىسالىدۇر. قاتتىق يەر: اللە مەن بىلەن ئەۋەتكەن ئاشۇ ھەقىقەتنى كىشىلەرگە يەتكۈزگەن، لېكىن ئۆزى ئەمەل قىلمىغان كىشىنىڭ مىسالىدۇر. شورلۇق يەر: مەن ئارقىلىق ئەۋەتىلگەن اللە نىڭ ھىدايىتىنى قوبۇل قىلمىغان ۋە ئۇنىڭغا قاراپمۇ قويمىغان كىشىنىڭ مىسالىدۇر.» [بىرلىككە كەلگەن ھەدىس]

[1] سۈرە سافات، 22 ـ ئايەتتىن 37 ـ ئايەتكىچە.

**24 ـ سوئال:**

**"ئىخلاس قىلىش" نىڭ قۇرئان ۋە ھەدىستىكى دەلىللىرى قايسىلار؟**

الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿بىلىڭلاركى، (شېرىكتىن ۋە رىيادىن) ساپ دىن الله قا خاستۇر.﴾[1] ﴿دىنىڭنى شېرىكتىن (ۋە رىيادىن) ساپ قىلغىنىڭ ھالدا الله قا ئىبادەت قىلغىن.﴾[2]

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دەيدۇ: «كىشىلەر ئارىسىدا مېنىڭ شاپائىتىمگە ئېرىشىپ، ئەڭ بەختلىك بولغان كىشى "الله تىن باشقا مەئبۇد بەرھەق يوق" دېگەن كەلىمىنى چىن قەلبىدىن ئىخلاس بىلەن ئېيتقان كىشىدۇر.» [بۇخارى رىۋايەت قىلغان]

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم يەنە مۇنداق دەيدۇ: «الله تائالا "الله تىن باشقا مەئبۇد بەرھەق يوق" دېگەن كەلىمىنى پەقەت الله رىزالىقى ئۈچۈنلا ئېيتقان كىشىگە دوزاخنى ھارام قىلىدۇ.»[بۇخارى رىۋايەت قىلغان]

**25 ـ سوئال:**

**"ئېيتقىنىدا راستچىل بولۇش" نىڭ قۇرئان ۋە ھەدىستىكى دەلىللىرى قايسىلار؟**

الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئەلىف، لام، مىم. ئىنسانلار «ئىمان ئېيتتۇق» دەپ قويۇش بىلەنلا سىنالماي تەرك ئېتىلىمىز، دەپ ئويلامدۇ؟ ئۇلاردىن بۇرۇن ئۆتكەنلەرنى بىز ھەقىقەتەن سىنىدۇق،

[1] سۈرە زۇمەر، 3 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

[2] سۈرە زۇمەر، 2 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

الله (ئىمانىدا) راستچىللارنى چوقۇم بىلىدۇ، (ئىمانىدا) يالغانچىلارنىمۇ چوقۇم بىلىدۇ.﴾[1]

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دەيدۇ: «بىر بەندە چىن قەلبىدىن راستچىللىق بىلەن ”بىر الله تىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوق ۋە مۇھەممەد الله نىڭ بەندىسى ۋە ئەلچىسى“ دەپ گۇۋاھلىق بەرسە، الله ئۇنىڭغا دوزاخنى ھارام قىلىدۇ.» [بۇخارى رىۋايەت قىلغان]

يەنە بىر ھەدىستە مۇنداق كەلگەن: نەجدلىك (چاچلىرى پاخپايغان) بىر كىشى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا كەلدى. بىز ئۇنىڭ پىچىرلىغان ئاۋازىنى ئاڭلىدۇق. لېكىن، نېمە دېگەنلىكىنى چۈشەنمىدۇق. ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا يېقىن كەلدى. ئۇ ئەسلىدە ئىسلام ھەققىدە سورىغان ئىكەن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «(ئىسلام) بىر كېچە ـ كۈندۈزنىڭ ئىچىدە بەش ۋاخ ناماز ئوقۇشتۇر» دەپ جاۋاب بەردى. ئۇ: مەن ئوقۇيدىغان ئۇ نامازلاردىن باشقا ناماز بارمۇ؟ ـ دەپ سورىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام «يوق، ئەگەر ئوقۇيمەن دېسەڭ، نەفلە ناماز ئوقۇغىن» دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە: «(ئىسلام) رامىزان ئېيىنىڭ بىر ئاي روزىسىنى تۇتۇشتۇر» دېدى . ئۇ: ماڭا ئۇنىڭدىن باشقا روزىمۇ بارمۇ؟ ـ دەپ سورىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «يوق، تۇتاي دېسەڭ، نەفلە روزا تۇتقىن» دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا: «زاكاتمۇ ئىسلامنىڭ قاتارىدىن» دەپ سۆزلەپ بەرگەن ئىدى. ئۇ كىشى: ئۇنىڭدىن باشقىسىمۇ بارمۇ ؟ ـ دەپ سورىدى . پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «يوق، بېرەي دېسەڭ، سەدىقە بەرسەڭ بولىدۇ» دېدى. ئاندىن ئۇ كىشى: الله نىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، مەن بۇنىڭدىن ئارتۇقمۇ قىلمايمەن، كەممۇ

[1] سۈرە ئەنكەبۇت، 1 ـ دىن 3 ـ ئايەتكىچە.

قىلمايمەن، ـ دېگەن پېتى ئارقىسىغا يېنىپ كەتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئۇ راستچىللىقنى ۋە ساداقىتىنى ئوتتۇرىغا قويسا نىجات تاپىدۇ» دېدى.[بىرلىككە كەلگەن ھەدىس]

**26 ـ سوئال:**

**”مۇھەببەت باغلاش“ نىڭ قۇرئان ۋە ھەدىستىكى دەلىللىرى قايسىلار؟**

اللە تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئى مۇئمىنلەر! سىلەردىن كىمكى مۇرتەد بولىدىكەن، (اللە ئۇنىڭ ئورنىغا) اللە ئۇلارنى دوست تۇتىدىغان، ئۇلارمۇ اللە نى دوست تۇتىدىغان، مۇئمىنلەرگە كۆيۈنىدىغان، كاپىرلارغا شەپقەتسىز، اللە نىڭ يولىدا جىھاد قىلىدىغان ۋە مالامەت قىلغۇچىنىڭ مالامىتىدىن قورقمايدىغان بىر قەۋمنى كەلتۈرىدۇ.﴾[1]

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دەيدۇ: «ئەگەر بىر ئادەمدە تۆۋەندىكىدەك ئۈچ نەرسە بولسا، ئۇ ئىماننىڭ ھالاۋىتىنى تېتىغان بولىدۇ. اللە ۋە اللە نىڭ رەسۇلىنى بارلىق نەرسىدىن ياخشى كۆرسە. بىر كىشى بىلەن پەقەت اللە رازىلىقى ئۈچۈنلا دوست بولسا. اللە ئۇنى كۇپۇرلۇقتىن قۇتقۇزغاندىن كېيىن، كۇپۇرلۇققا قايتىشنى خۇددى ئوتقا تىرىك تاشلانغاندەك يامان كۆرسە...» [بىرلىككە كەلگەن ھەدىس]

**27 ـ سوئال:**

**”اللە نىڭ دوستىنى دوست، دۈشمىنىنى دۈشمەن تۇتۇش“ نىڭ قۇرئان ۋە ھەدىستىكى دەلىللىرى قايسىلار؟**

[1] سۈرە مائىدە، 54 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئى مۇئمىنلەر! يەھۇدىي ۋە ناسارالارنى دوست تۇتماڭلار. ئۇلار بىر ـ بىرىنى دوست تۇتىدۇ. سىلەردىن كىمكى ئۇلارنى دوست تۇتىدىكەن، ئۇمۇ ئەنە شۇلاردىن سانىلىدۇ، الله زالىم قەۋمنى ھەقىقەتەن ھىدايەت قىلمايدۇ. دىللىرىدا كېسەللىك (يەنى مۇناپىقلىق) بارلارنىڭ (زامان ئۆزگىرىپ كاپىرلار زەپەر تاپسا) ئۆزىمىزگە بىر پالاكەتچىلىك كېلىشىدىن قورقىمىز دەپ، ئۇلار بىلەن دوست بولۇشقا ئالدىرىغانلىقىنى كۆرىسەن، الله (رەسۇلۇللاغا، مۇسۇلمانلارغا) غەلىبە (يەنى مەككىنى فەتھى قىلىشنى) ئاتا قىلىدۇ، ياكى بىر ئىشنى (يەنى ئۇلارنىڭ مۇناپىقلىقىنى پاش قىلىشنى) مەيدانغا كەلتۈرىدۇ ـ دە، كۆڭلىدە يوشۇرغىنى (يەنى مۇئمىنلەرنىڭ دۈشمەنلىرىنى دوست تۇتقانلىقى) ئۈچۈن ئۇلار نادامەت چېكىدۇ. (بۇ مۇناپىقلارنىڭ مۇسۇلمانلارغا قىلغان ھىيلە ـ مىكرى پاش قىلىنغاندا) مۇئمىنلەر (بىر ـ بىرىگە): «سىلەر بىلەن چوقۇم بىللە ئىكەنلىكلىرىگە الله نامى بىلەن قاتتىق قەسەم ئىچىشكەنلەرمۇ شۇ كىشىلەرمۇ؟» دەيدۇ. ئۇلارنىڭ (يەنى مۇناپىقلارنىڭ) قىلغان ئەمەللىرى بىكار بولدى، ئۇلار (دۇنيادا ۋە ئاخىرەتتە) زىيان تارتقۇچى بولدى. ئى مۇئمىنلەر! سىلەردىن كىمكى مۇرتەد بولىدىكەن، الله (ئۇنىڭ ئورنىغا) الله ئۇلارنى دوست تۇتىدىغان، ئۇلارمۇ الله نى دوست تۇتىدىغان، مۇئمىنلەرگە كۆيۈنىدىغان، كاپىرلارغا شەپقەتسىز، الله نىڭ يولىدا جىھاد قىلىدىغان ۋە مالامەت قىلغۇچىنىڭ مالامىتىدىن قورقمايدىغان بىر قەۋمنى كەلتۈرىدۇ. بۇ (يەنى يۇقىرىدىكى سۈپەتلەر بىلەن سۈپەتلىنىش) الله نىڭ پەزلىدۇركى، (الله) ئۇنى (بەندىلىرىدىن) خالىغان كىشىگە بېرىدۇ، الله (نىڭ پەزلى) كەڭدۇر، (الله) ھەممىنى بىلگۈچىدۇر. شۈبھىسىزكى، سىلەرنىڭ دوستۇڭلار الله دۇر، الله نىڭ رەسۇلىدۇر ۋە مۇئمىنلەردۇركى، مۇئمىنلەر تەئدىل ئەركان بىلەن

نامـاز ئۆتـەيدۇ، زاكـات بېـرىدۇ، ئـۇلار (اللّٰه نىـڭ ئەمرىگـە) كەمتـەرلىك بىلــەن بويســۇنغۇچىلاردۇر.﴾[1] ﴿ئـى مۇئمىنلــەر! ئەگــەر ئــاتىلىرىڭلار، قېرىندىشــڭلار ئىمــاندىن كۇفـرىنى ئـارتۇق كۆرسـە (كۇفـرىدا مەھكـەم تۇرسـا)، ئۇلارنـى دوسـت تۇتمـاڭلار. ئىچىڭلاردىـن كىملـەركى، ئۇلارنـى دوســت تۇتىدىكــەن، ئــۇلار زالىمــلاردۇر (يـــەنى ئۇلارغــا ئوخشــاش مۇشـرىكتۇر، چۈنكـى مۇشـرىكلىككە رازى بولغـان ئـادەممۇ مۇشـرىك ھېســـابلىنىدۇ). ئېيتقىـــنكى، «ئەگـــەر ســـىلەرنىڭ ئاتـــاڭلار، ئوغۇللـــىرىڭلار، قېرىندىشـــڭلار، خوتۇنلـــىرىڭلار، ئـــۇرۇق ـ تۇغقـــانلىرىڭلار (ھـــەممە ئۇلاردىـــن باشـــقىلار)، تاپـــقان پـــۇل ـ مـــاللىرىڭلار، ئاقمـــاي قېلىشـــىدىن قورققـــان تىجـــارىتىڭلار، ياخشـى كۆرىدىغـــان ئـــۆيلىرىڭلار ســـىلەر ئۈچـــۈن اللّٰه دىـــن، اللّٰه نىـــڭ پـەيغەمبىرىدىن ۋە اللّٰه نىـڭ يولىـدا جىھـاد قىلىشـتىنمۇ سـۆيۈملۈك بولسـا (يـەنى شـۇلار بىلـەن بولـۇپ كېتىپ، اللّٰه نىـڭ پەيغەمبىرىگـە يـاردەم بەرمىسـەڭلار)، ئـۇ ھـالدا سـىلەر تـاكى اللّٰه نىـڭ ئـەمرى (يـەنى مەككىنى پەتىھ قىلىش ئىزنى) كەلگۈچە كۈتۈڭلار، اللّٰه پاسىق قەۋمنى (يـەنى اللّٰه نىڭ دىنىنىڭ چەك ـ چېگرىسىدىن چىقىپ كەتكۈچىلەرنى) ھىدايـەت قىلمـايدۇ».﴾[2] ﴿اللّٰه قـا ۋە ئـاخىرەت كۈنىگـە ئىشـىنىدىغان بىـر قـەۋمنىڭ اللّٰه بىلـەن ۋە ئۇنىـڭ پـەيغەمبىرى بىلـەن قارشىلاشقانلارنى ـ ئۇلارنىـڭ ئـانىلىرى، ئوغۇللـىرى، يـا قېرىنداشـلىرى، يـا ئـۇرۇق ـ تۇققـانلىرى بولغـان تـەقدىردىمۇ ـ دوسـت تۇتقـانلىقىنى كۆرمەيسـەن (يـەنى ئۇلارنـى دوسـت تۇتۇشـى مۇمكىـن ئەمـەس)﴾[3] ﴿ ئـى مۇئمىنلـەر، مېنىـڭ دۈشـمىنىمنى ۋە سـىلەرنىڭ دۈشـمىنىڭلارنى دوسـت تۇتمـاڭلار،

[1] سۈرە مائىدە، 51 ـ دىن 55 ـ ئايەتكىچە.
[2] سۈرە تەۋبە، 23 ـ 24 ـ ئايەتلەر.
[3] سۈرە مۇجادىلە، 22 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

ئۇلار سىلەرگە كەلگەن ھەقىقەتنى (يەنى ئىسلامنى، قۇرئاننى) ئىنكار قىلغان تۇرسا، ئۇلارغا دوستلۇق يەتكۈزىسىلەر.﴾[1]

**28 ـ سوئال:**

**مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى ئىكەنلىكىگە گۇۋاھلىق بېرىشنىڭ دەلىلى نېمە؟**

الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿الله مۇئمىنلەرگە الله نىڭ ئايەتلىرىنى تىلاۋەت قىلىدىغان، ئۇلارنى (گۇناھلاردىن) پاك قىلىدىغان، ئۇلارغا كىتابنى ۋە ھېكمەتنى (يەنى قۇرئان بىلەن سۈننەتنى) ئۆگىتىدىغان، ئۆزلىرىدىن بولغان بىر پەيغەمبەر ئەۋەتىپ، ئۇلارغا چوڭ ئېھسان قىلدى؛ ھالبۇكى، ئۇلار بۇرۇن ئوچۇق گۇمراھلىقتا ئىدى﴾[2] ﴿(ئى ئىنسانلار!) شۈبھىسىزكى، سىلەرگە ئۆز ئاراڭلاردىن پەيغەمبەر كەلدى. سىلەرنىڭ كۈلپەت چېكىشىڭلار ئۇنىڭغا ئېغىر تۇيۇلىدۇ؛ ئۇ سىلەرنىڭ (ھىدايەت تېپىشىڭلارغا) ھېرىستۇر، مۇئمىنلەرگە ئامراقتۇر، ناھايىتى كۆيۈمچاندۇر﴾[3] ﴿سېنىڭ ھەقىقەتەن الله نىڭ پەيغەمبىرى ئىكەنلىكىڭنى الله بىلىدۇ.﴾[4]

**29 ـ سوئال:**

**مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى ئىكەنلىكىگە گۇۋاھلىق بېرىشنىڭ مەنىسى نېمە؟**

ئۇنىڭ مەنىسى: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ الله نىڭ بەندىسى، بارلىق ئىنسان ۋە جىنلارغا ئەۋەتكەن پەيغەمبىرى

---

[1] سۈرە مۇمتەھىنە، 1 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[2] سۈرە ئال ئىمران، 164 ـ ئايەت.
[3] سۈرە تەۋبە، 128 ـ ئايەت.
[4] سۈرە مۇنافىقۇن، 1 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

ئىكــەنلىكىنى تىلــى بىلــەن تەســتىقلاش بىلــەن بىرگــە، چىــن دىلىدىــن جەزملەشتۈرۈش دېگەنلىك بولىدۇ.

الله تائـالا بـۇ ھەقتـە مۇنـداق دەيـدۇ: ﴿ئـى پـەيغەمبەر! سـېنى بىـز ھەقىقەتــەن گــۇۋاھچى، بىشــارەتچى، ئاگــاھلاندۇرغۇچى، الله نىــڭ ئىــزنى بىلــەن ئۇنىــڭ (بىرلىكىگــە، تائــەت ـ ئىبادىتىگــە) دەۋەت قىلغۇچــى ۋە نۇرلۇق چىراق قىلىپ ئەۋەتتۇق.﴾[1]

شــۇڭا پــەيغەمبەر ســەللەللاھۇ ئەلــەيهى ۋەســەللەمنىڭ ئــۆتمۈش ۋە كېلەچــەك ھــەققىدىكى خــەۋەرلىرىنى، ھــالال ۋە ھــارام ھــەققىدىكى ھــۆكۈملىرىنى شەكســىز تەســتىقلاپ، بۇيرۇقلىرىغــا بويســۇنۇپ، چەكلىگــەنلىرىدىن يېنىــپ، ھــەرقانداق ئــەھۋال ئاســتىدا شەرىئىتىگــە ئەگىشــىپ، ســۈننىتىنى چىــڭ تۇتــۇپ، بــارلىق ئىشــلاردا ئۇنىڭغــا شەكســىز بويســۇنۇش كېــرەك. ئۇنىڭغــا بويســۇنۇش الله تائالاغــا بويسۇنغانلىقتۇر، ئۇنىڭغا ئاسـىيلىق قىلىـش الله تائالاغـا ئاسـىيلىق قىلغانلىقتۇر. چۈنكى ئۇ الله نىڭ بۇيرىقىنى يەتكۈزگۈچىدۇر.

الله تائــالا پــەيغەمبەر ســەللەللاھۇ ئەلــەيهى ۋەســەللەمنى ئــۆزىنىڭ دىنىــنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ بولمىغىچــە، ھەممــە ھۆكۈملــەرنى ئاشــكارا ئوتتۇرىغــا قويمىغىچــە ۋاپــات تاپــتۇرمىدى. پــەيغەمبەر ســەللەللاھۇ ئەلــەيهى ۋەســەللەم ئــۆز ئۈممىتىگــە كېچىسى كۈندۈزگــە ئوخشــايدىغان، ئۇنىڭدىــن تــايغۇچىلارنى پەقەت ھالاكەتكىلا ئېلىپ بارىدىغان ئاشكارا دىنىــنى ئــېلىپ كــەلدى. بــۇ ھەقتــە الله خالىســا كېلىدىغــان بــابلاردا تەپسىلى توختىلىمىز.

**30 ـ سوئال:**

---

[1] سۈرە ئەھزاب، 45 ـ 46 ـ ئايەتلىرى.

**مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى ئىكەنلىكىگە گۇۋاھلىق بېرىشنىڭ شەرتى نېمە؟ ”الله تائالادىن باشقا مەئبۇد بەرھەق يوق“ دېيىش بىلەنلا شاھادەت قوبۇل قىلىنامدۇ؟**

يۇقىرىدا ئۆتكىنىدەك، ھەرقانداق بىر كىشى مۇشۇ ئىككى شاھادەت كەلىمىسىنى ئېيتمىغىچە دىنغا ھەرگىزمۇ كىرەلمەيدۇ. ئۇ ئىككى كەلىمە بىر ـ بىرى بىلەن زىچ باغلىنىشلىقتۇر. بىرىنچىسى بىلەن ئىككىنچىسىنىڭ شەرتلىرى ئوخشاشتۇر.

**31 ـ سوئال:**

**ناماز ۋە زاكاتنىڭ پەرزلىكىنىڭ دەلىلى نېمە؟**

الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئەگەر ئۇلار تەۋبە قىلسا، ناماز ئوقۇسا، زاكات بەرسە، ئۇلارنى قويۇپ بېرىڭلار، شۈبھىسىزكى، الله (تەۋبە قىلغۇچىلارغا) مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، رەھىم قىلغۇچىدۇر.﴾[1] ﴿ئەگەر ئۇلار (كۇفرىدىن) تەۋبە قىلسا، ناماز ئۆتىسە، زاكات بەرسە، دىنىي جەھەتتە سىلەرنىڭ قېرىنداشلىرىڭلار بولىدۇ (يەنى ھوقۇق ۋە مەجبۇرىيەتتە ئۇلار سىلەر بىلەن ئوخشاشتۇر)﴾[2] ﴿ئۇلار پەقەت ئىبادەتنى الله قا خالىس قىلغان، ھەق دىنغا ئېتىقاد قىلغان ھالدا (يالغۇز) الله غىلا ئىبادەت قىلىشقا بۇيرۇلدى. نامازنى ئادا قىلىشقا، زاكاتنى بېرىشكە (بۇيرۇلدى)، ئەنە شۇلار (يەنى ئىبادەت، ئىخلاس ناماز، زاكاتلار) توغرا دىندۇر.﴾[3]

**32 ـ سوئال:**

**رامىزان روزىسىنىڭ پەرزلىكىنىڭ دەلىلى نېمە؟**

---

[1] سۈرە تەۋبە، 5 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[2] سۈرە تەۋبە، 11 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[3] سۈرە بەييىنە، 5 ـ ئايەت.

الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئى مۇئمىنلەر! (گۇناھلاردىن) ساقلىنىشىڭلار ئۈچۈن، سىلەردىن ئىلگىرىكىلەرگە (يەنى ئىلگىرىكى ئۈممەتلەرگە) روزا پەرز قىلىنغاندەك، سىلەرگىمۇ (رامىزان روزىسى) پەرز قىلىندى.﴾[①] ﴿سىلەردىن كىمكى رامىزان ئېيىدا ھازىر بولسا، رامىزان روزىسىنى تۇتسۇن.﴾[②]

يۇقىرىدىكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا كەلگەن نەجدىلىك (چاچلىرى پاخپايغان) كىشى ھەققىدىكى ھەدىسنىڭ بىر قىسمىدا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە: «(ئىسلام) رامىزان ئېيىنىڭ بىر ئاي روزىسىنى تۇتۇشتۇر» دېدى . ئۇ: ماڭا ئۇنىڭدىن باشقا روزىمۇ بارمۇ؟ ـ دەپ سورىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «يوق، تۇتاي دېسەڭ، نەفلە روزا تۇتقىن» دېدى. [بىرىنچىگە كەلگەن ھەدىس]

## 33 ـ سوئال:

## ھەجنىڭ پەرزلىكىنىڭ دەلىلى نىمە؟

الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ھەج بىلەن ئۆمرەنى الله ئۈچۈن تولۇق ئورۇنلاڭلار.﴾[③] ﴿قادىر بولالىغان كىشىلەرنىڭ الله ئۈچۈن كەبىنى زىيارەت قىلىشى ئۇلارغا پەرز قىلىندى. كىمكى ئىنكار قىلىدىكەن (يەنى ھەجنى تەرك ئېتىدىكەن، زىيىنى ئۆزىگە)، شۈبھىسىزكى، الله ئەھلى جاھاندىن (يەنى ئۇلارنىڭ ئىبادىتىدىن) بىھاجەتتۇر.﴾[④]

[①] سۈرە بەقەرە 183 ـ ئايەت.
[②] سۈرە بەقەرە 185 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[③] سۈرە بەقەرە 196 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[④] سۈرە ئال ئىمران 97 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دەيدۇ: «اللە تائالا سىلەرگە ھەج قىلىشنى پەرز قىلدى.» [بىرلىككە كەلگەن ھەدىس]

يۇقىرىدا ئۆتكەن، جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام سوئال سورىغان ھەدىستە، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دەپ جاۋاپ بەرگەن: «ئىسلام دېگەن بىر اللە تىن باشقا ھېچ ئىلاھنىڭ يوقلۇقىغا ۋە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ اللە نىڭ ئەلچىسى ئىكەنلىكىگە گۇۋاھلىق بېرىش، ناماز ئوقۇش، زاكات بېرىش، رامىزاندا روزا تۇتۇش ۋە ھەرەمگە بېرىشقا قادىر بولالىساڭ، بەيتۇللاھنى ھەج قىلىشتۇر.» [بۇخارى رىۋايەت قىلغان]

**34 ـ سوئال:**

**يۇقىرىقى پەرزلەرنىڭ بىرەرسىنى ئىنكار قىلغاننىڭ ياكى ئۇنىڭ پەرزلىكىنى ئېتىراپ قىلغان، ئەمما ئۇنى كەمسىتكۈچىنىڭ ھۆكمى نېمە؟**

ئۇ خۇددى ئىبلىس ۋە فىرئەۋنگە ئوخشاشتۇر. ئۇ باشقا يالغانچى، تەكەببۇر كاپىرلار ئۆلتۈرۈلگەندەك ئۆلتۈرۈلىدۇ.

**35 ـ سوئال:**

**يۇقىرىقى پەرزلەرنىڭ پەرز ئىكەنلىكىنى تەستىقلاپ تۇرۇپ، ھورۇنلۇق ياكى تەئۋىل (ئۆز چۈشەنچىسى ئارقىلىق خالىغانچە بۇرمىلاش) قىلىش بىلەن ئۇنىڭدىن بىرەرنى قىلماسلىقنىڭ ھۆكمى نېمە؟**

يۇقىرىقى سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن نامازنى كېچىكتۈرۈپ قالسا، ئۇنىڭدىن تەۋبە قىلىش تەلەپ قىلىنىدۇ. تەۋبە قىلىشقا ئۇنىماي تۇرىۋالسا، ئۇنىڭغا ئۆلۈم جازاسى بېرىلىدۇ.

الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئەگەر ئۇلار تەۋبە قىلسا، ناماز ئوقۇسا، زاكات بەرسە، ئۇلارنى قويۇپ بېرىڭلار.﴾[1]

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دەيدۇ: «مەن كىشىلەر بىلەن ھەتتاكى ئۇلار بىر الله تىن باشقا ھېچ ئىلاھنىڭ يوقلۇقىغا، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ الله نىڭ ئەلچىسى ئىكەنلىكىگە گۇۋاھلىق بەرگىچە، ناماز ئوقۇغىچە ۋە زاكات بەرگىچە ئۇرۇش قىلىشقا بۇيرۇلدۇم. ئەگەر ئۇلار شۇلارنى قىلسا، ئۇلار قانلىرىنى ۋە ماللىرىنى مەندىن ساقلاپ قالىدۇ. پەقەت ئىسلامنىڭ ھەققى بىلەن ساقلاپ قالالمايدۇ.»[2] [بىرلىككە كەلگەن ھەدىس]

ئەگەر زاكات بەرمەي قالسا، ئۇ ئادەمگە ئىسلام ھاكىمىيىتىنىڭ كۈچى يەتكەن تەقدىردە، ئىمام (مۇسۇلمانلارنىڭ باشلىقى) ئۇنىڭدىن زاكاتنى مەجبۇرى ئالىدۇ ۋە ئۇنى بۇ ئىشتىن قايتۇرۇش ئۈچۈن ئۇنىڭ مېلىدىن قوشۇپ (جەرىمانە) ئېلىنىدۇ.

بۇ ھەقتە پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دەيدۇ: «كىمكى زاكاتنى بەرمىسە، بىز ئۇنى (يەنى زاكاتنى) ئۇنىڭ بەزى ماللىرى بىلەن قوشۇپ ئالىمىز.» [ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد، نەسەئى، ئىبنى ئەبى شەيبە ۋە ئابدۇرراززاق قاتارلىقلار رىۋايەت قىلغان]

ئەگەر زاكاتنى بەرمىگەنلەر بىر توپ كىشىلەر بولسا ۋە ئۇلاردىن ئېلىشقا كۈچى يەتمىسە، ئىمام (مۇسۇلمانلار باشلىقى) نىڭ ھەتتا زاكاتنى ئادا قىلدۇرغىچە، ئۇلار بىلەن ئۇرۇش قىلىشى ۋاجىب بولىدۇ.

[1] سۈرە تەۋبە، 5 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[2] يەنى ئىسلامدا قان تۆكۈشكە ئوخشاش جىنايەت سادىر قىلغان بولسا، ئىسلامنىڭ ھەققى ـ ھۆرمىتى بىلەن ئۇنىڭغا بېرىلىدىغان جازا ئىجرا قىلىنىۋېرىدۇ.

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ يۇقىرىدىكى ھەدىسى، ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ۋە ساھابە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملارنىڭ قىلغان ئۇرۇشى[1] بۇنىڭ دەلىلىدۇر.

ئەمما روزا ھەققىدە ئېنىق بىر ھۆكۈم يوق، شۇنداقتىمۇ ئىمام ياكى ئۇنىڭ ئىزباسارى ئۇ ئاگاھ بولغىدەك جازا ئارقىلىق ئۇنى جازالىشى كېرەك.

ھەجگە كەلسەك، ئادەمنىڭ ئۆمرىنىڭ ھەممىسى ھەجنىڭ ۋاقتى بولۇپ، ھەج پەقەت ئۇ كىشى ئۆلۈشى ئارقىلىقلا قازا بولىدۇ. ئەمما ھەجگە ئالدىراش ۋاجىب، ئۇنىڭغا سەل قاراشنىڭ ئاخىرەتنىڭ جازالىرىدىن بىرى ئىكەنلىكى ھەققىدە ئاگاھلاندۇرۇشلار بار بولۇپ، ئۇنىڭدا دۇنيادا بېرىلىدىغان مەخسۇس جازا بەلگىلەنمىگەن.

[1] ئەينى زاماندا پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسسەللەم ۋاپات بولۇپ، كۆپ ئۆتمەي، بەزى بەدەۋىي ئەرەبلەر زاكات بېرىشتىن باش تارتقان. شۇنىڭ بىلەن، خەلىپە ئەبۇبەكرى ۋە ساھابە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملار بىرلىككە كېلىپ، ئۇلار بىلەن تاكى ئۇلار تەسلىم بولغىچە ئۇرۇش قىلغان ــ ت.

# ئىمان

**36 ـ سوئال:**

**ئىمان دېگەن نېمە؟**

ئىمان ــ ئېتىراپ قىلىش ۋە ئەمەل قىلىش. يەنى قەلبى ۋە تىلى ئارقىلىق ئېتىراپ قىلىش، قەلبى، تىلى ۋە ئەزالىرى ئارقىلىق ئەمەل قىلىشتۇر. ئۇ تائەت ـ ئىبادەت قىلىش ئارقىلىق كۈچلىنىدۇ، گۇناھ ـ مەئسىيەت ئۆتكۈزۈش ئارقىلىق زەئىپلىشىدۇ. مۇئمىنلەر ئىمانىنىڭ كۈچلۈك ـ ئاجىزلىقى بىلەن بىر ـ بىرىدىن پەرقلىق بولىدۇ.

**37 ـ سوئال:**

**ئىمانىنىڭ ”ئېتىراپ قىلىش ۋە ئەمەل قىلىش“ دېگەنلىك بولىدىغانلىقىنىڭ دەلىلى نېمە؟**

اللہ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿لېكىن اللہ سىلەرگە ئىماننى قىزغىن سۆيگۈزدى ۋە ئۇنى دىلىڭلاردا كۆركەم قىلدى.﴾[1] ﴿اللہ قا ۋە اللہ نىڭ سۆزلىرىگە ئىمان كەلتۈرىڭلار.﴾[2]

مانا بۇ ئىككىسى، بەندە دىنغا پەقەت شۇ ئارقىلىقلا كىرەلەيدىغان شاھادەتنىڭ مەنىسىدۇر. ئۇ بولسىمۇ، ئىككىسى بىرلەشمىگۈچە پايدا قىلمايدىغان قەلبنىڭ ئەملى ئېتىقاد ۋە تىلنىڭ ئەملى ئېتىراپ قىلىشتىن ئىبارەتتۇر.

[1] سۈرە ھۇجرات، 7 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[2] سۈرە ئەئراق، 158 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

الله تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿الله سىلەرنىڭ ئىمانىڭلارنى بىكار قىلىۋەتمەيدۇ.﴾[1] يەنى قىبلە ئۆزگىرىشتىن ئىلگىرى بەيتۇلمۇقەددەسكە قاراپ ئوقۇغان نامىزىڭلارنى بىكار قىلىۋەتمەيدۇ. بۇ ئايەتتە الله قەلب، تىل ۋە ئەزالار ئارقىلىق قىلىنىدىغان ئەمەل (ناماز) نىڭ ھەممىسىنى ئىمان دەپ ئاتىدى.

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم جىھاد قىلىش، قەدرى كېچىسى قىيامدا تۇرۇش[2]، رامىزاننىڭ روزىسىنى تۇتۇش، رامىزاندا قىيامدا تۇرۇش، غەنىمەتلەرنىڭ بەشتىن بىرىنى خەلىپىلىككە تاپشۇرۇش[3]، بەش ۋاقىت ناماز ۋە باشقا ئىبادەتلەرنىمۇ ئىماننىڭ قاتارىدىن سانىغان.

قايسى ئەمەل ئەڭ ئەۋزەل دەپ سورالغاندا، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «الله ۋە الله نىڭ پەيغەمبىرىگە ئىمان كەلتۈرۈش» دەپ جاۋاپ بەرگەن. [بىرلىككە كەلگەن ھەدىس]

## 38 ـ سوئال:

## ئىماننىڭ كۈچلىنىدىغان ۋە زەئىپلىشىدىغانلىقىنىڭ دەلىلى نېمە؟

الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ:

﴿مۇئمىنلەرنىڭ ئىمانىغا ئىمان قوشۇلۇشى ئۈچۈن، الله ئۇلارنىڭ دىللىرىغا تەمكىنلىكنى چۈشۈردى.﴾[4]

[1] سۈرە بەقەرە، 143 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[2] بۇ ھەقتىكى ھەدىسلەرنى ئىمام بۇخارى رىۋايەت قىلغان.
[3] بۇ ھەقتىكى ھەدىسلەرنى ئىمام بۇخارى، ئىمام مۇسلىم، نەسەئى ۋە ئەبۇداۋۇد قاتارلىقلار رىۋايەت قىلغان.
[4] سۈرە فەتھ، 4 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

﴿ئۇلار ھەقىقەتەن پەرۋەردىگارىغا ئىمان ئېيتقان، بىز ھىدايەتنى زىيادە قىلغان يىگىتلەردۇر.﴾[1]

﴿الله ھىدايەت تاپقۇچىلارنىڭ ھىدايىتىنى زىيادە قىلىدۇ.﴾[2]

﴿ھىدايەت تاپقانلارنىڭ ھىدايىتىنى الله تېخىمۇ زىيادە قىلىدۇ.﴾[3]

﴿ئىمان ئېيتقانلارنىڭ ئىمانى تېخىمۇ زىيادە بولىدۇ.﴾[4]

﴿مۇئمىنلەرگە كېلىدىغان بولساق، (ھەر سۈرىدە يېڭى دەلىل ـ ئىسپاتلار بولغانلىقى ئۈچۈن) بۇ (يەنى سۈرە) ئۇلارنىڭ ئىمانىنى كۈچەيتتى﴾[5].

﴿بۇ سۆز ئۇلارنىڭ ئىمانىنى كۈچەيتتى.﴾[6]

﴿(بۇ ئىش) ئۇلارنىڭ (الله قا بولغان) ئىمانىنى ۋە (الله نىڭ بۇيرۇقلىرىغا بولغان) بويسۇنۇشىنى تېخىمۇ كۈچەيتتى.﴾[7]

پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دەيدۇ: «ئەگەر سىلەر ھەرقاچان مەن بىللە بولغان ۋاقتىڭلاردىكىدەك بولغان بولساڭلار، پەرىشتىلەر چوقۇم سىلەر بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشكەن بولاتتى.»[8]

## 39 ـ سوئال:

---

[1] سۈرە كەھف، 13 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[2] سۈرە مەريەم، 76 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[3] سۈرە مۇھەممەد، 17 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[4] سۈرە مۇددەسسىر، 31 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[5] سۈرە تەۋبە، 124 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[6] سۈرە ئال ئىمران، 173 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[7] سۈرە ئەھزاب، 22 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[8] بۇ ھەقتىكى ھەدىسلەرنى ئىمام مۇسلىم، ئىمام تىرمىزى ۋە ئىبنى ماجەلەر رىۋايەت قىلغان.

**ئىمان ئەھلىنىڭ دەرىجىدە بىر خىل بولمايدىغانلىقىنىڭ دەلىلى نېمە؟**

بۇ ھەقتە الله تائالا مۇنداق دەيدۇ:

﴿(ئۇچىنچى پىرقە ياخشى ئىشلارنى) ئەڭ ئالدىدا قىلغۇچىلار بولۇپ، (ئۇلار جەننەتكە) ئەڭ ئالدىدا كىرگۈچىلەردۇر. ئۇلار نازۇنېمەتلىك جەننەتلەردە الله قا يېقىن بولغۇچىلاردۇر. بۇلار ئۆتكەنكىلەرنىڭ ئىچىدە كۆپتۇر، كېيىنكىلەرنىڭ ئىچىدە ئازدۇر. ئۇلار (ئالتۇندىن) توقۇلغان تەختلەر ئۈستىگە يۆلەنگەن ھالدا بىر ـ بىرىگە قارىشىپ ئولتۇرىشىدۇ. (قېرىماي) ھەمىشە بىر خىل تۇرىدىغان غىلمانلار ئېقىپ تۇرغان شارابتىن تولدۇرۇلغان پىيالە، چەينەك، جاملارنى ئۇلارغا ئايلىنىپ سۇنۇپ تۇرىدۇ. ئۇ شارابنى ئىچىش بىلەن ئۇلارنىڭ بېشى ئاغرىمايدۇ، مەست بولمايدۇ. ئۇلارغا ئىختىيار قىلغان مېۋىلەر ۋە كۆڭۈللىرى تارتقان قۇش گۆشلىرى بېرىلىدۇ. ئۇلارغا سەدەپنىڭ ئىچىدىكى گۆھەرگە ئوخشايدىغان شەھلا كۆزلۈك ھۆرلەر بېرىلىدۇ. بۇ ئۇلارنىڭ قىلغان ياخشى ئەمەللىرىنى مۇكاپاتلاش ئۈچۈندۇر. ئۇلار جەننەتتە بىھۇدە ۋە يالغان سۆزلەرنى ئاڭلىمايدۇ، پەقەت «سالام! سالام!» سۆزىنىلا ئاڭلايدۇ.﴾[1]

﴿ئەگەر ئۇ مېيىت مۇقەررەبلەردىن (يەنى تائەت ـ ئىبادەت ۋە ياخشى ئىشلارنى ئەڭ ئالدىدا قىلغۇچىلاردىن) بولىدىغان بولسا، (ئۇنىڭ مۇكاپاتى) راھەت ـ پاراغەت، ياخشى رىزىق ۋە نازۇ نېئمەتلىك جەننەت بولىدۇ. ئەگەر ئۇ سائادەتمەنلەردىن بولىدىغان بولسا، (ئۇلار راھەت ـ پاراغەتتە بولغانلىقى ئۈچۈن) (ئى مۇھەممەد!) ئۇلاردىن ساڭا سالام!﴾[2]

---

[1] سۈرە ۋاقىئە، 10 ـ دىن 26 ـ ئايەتكىچە.
[2] سۈرە ۋاقىئە، 88 ـ دىن 91 ـ ئايەتكىچە.

﴿ئۇلارنىڭ بەزىسى ئۆزىگە زۇلۇم قىلغۇچىدۇر (يەنى قۇرئاننى تىلاۋەت قىلغان بىلەن ئەمەل قىلمايدۇ)، بەزىسى ئوتتۇرا ھالدۇر (يەنى كۆپ چاغلاردا قۇرئانغا ئەمەل قىلىپ، قىسمەن چاغلاردا ئەمەل قىلمايدۇ) ۋە بەزىسى الله نىڭ ئىزنى بويىچە ياخشى ئىشلارنى قىلىشقا ئالدىرىغۇچىدۇر.﴾[1]

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم شاپائەت ھەققىدىكى ھەدىستە مۇنداق دەيدۇ: «الله تائالا قەلبىدە بىر دىنار ئېغىرلىقىدا ئىمانى بار ئادەمنى چوقۇم دوزاختىن چىقىرىدۇ. ئاندىن قەلبىدە يېرىم دىنارچىلىك ئىمانى بارلارنى چىقىرىدۇ.» [بىرلىككە كەلگەن ھەدىس]

يەنە بىر ھەدىستە پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دەيدۇ: «كىمكى "بىر الله تىن باشقا مەئبۇد (ئىلاھ) بەرھەق يوق" دېگەن بولسا، قەلبىدە ئارپىچىلىك ياخشىلىق بولسا، ئۇ دوزاختىن چىقىدۇ. ئاندىن كىمكى "بىر الله تىن باشقا مەئبۇد (ئىلاھ) بەرھەق يوق" دېگەن بولسا، قەلبىدە بۇغدايچىلىك ياخشىلىق بولسا، ئۇ دوزاختىن چىقىدۇ. ئاندىن كىمكى "بىر الله تىن باشقا مەئبۇد (ئىلاھ) بەرھەق يوق" دېگەن بولسا، قەلبىدە زەررىچىلىك ياخشىلىق بولسا، ئۇ دوزاختىن چىقىدۇ». [مۇسلىم رىۋايەت قىلغان]

**40 ـ سوئال:**

**مۇتلەق مەنىدە قوللىنىلغاندا، "ئىمان" سۆزىنىڭ دىنىي پۈتۈنلەي ئۆز ئىچىگە ئالىدىغانلىقىنىڭ دەلىلى نېمە؟**

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئابدۇلقەيس ئۆمىكى ھەققىدىكى ھەدىسىدە: «سىلەرنى بىرلا الله قا ئىمان كەلتۈرۈشكە بۇيرۇيمەن» دېدى ۋە: «سىلەر بىرلا الله قا ئىمان كەلتۈرۈشنىڭ نېمىلىكىنى بىلەمسىلەر؟» دەپ سورىدى. ئۇلار: الله ۋە الله نىڭ

[1] سۈرە فاتىر، 32 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

رەسۇلى ئەڭ ياخشى بىلىدۇ، ـ دېيىشتى. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيهى ۋەسەللەم: «بىر الله تىن باشقا ھەق ئىلاھنىڭ يوقلۇقىغا، مۇھەممەد ئەلەيهىسسالامنىڭ الله نىڭ پەيغەمبىرى ئىكەنلىكىگە گۇۋاھلىق بېرىش، ناماز ئوقۇش، زاكات بېرىش ۋە غەنىمەتنىڭ بەشتىن بىرىنى ئادا قىلىشتۇر» دېدى. [بۇخارى رىۋايەت قىلغان]

**41 ـ سوئال:**

**ئىمان ئەركانلىرىنىڭ ئالتە ئىكەنلىكىنىڭ دەلىلى نېمە؟**

جىبرىئىل ئەلەيهىسسالام: ئىمان ھەققىدە خەۋەر بەرگىن! ـ دەپ سورىغاندا، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيهى ۋەسەللەم: «الله قا، پەيغەمبەرلىرىگە،كىتابلىرىغا، پەرىشتىلىرىگە، قىيامەت كۈنىگە ئىمان ئېيتىشىڭ ۋە يەنە ياخشىلىق ۋە يامانلىقنىڭ تەقدىردىن ئىكەنلىكىگە ئىمان ئېيتىشىڭ (ئىشىنىشىڭ)» دەپ جاۋاب بەرگەن.

**42 ـ سوئال:**

**ئىماننىڭ ئەركانلىرىنىڭ ئالتە ئىكەنلىكىنىڭ قورئاندىكى ئومۇمىي دەلىلى نېمە؟**

الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ:

﴿سىلەرنىڭ كۈن چىققان ۋە كۈن پاتقان تەرەپكە يۈز كەلتۈرۈشۈڭلارنىڭ ئۆزىلا ياخشى ئەمەلگە ياتمايدۇ. بەلكى الله قا،ئاخىرەت كۈنىگە، پەرىشتىلەرگە، كىتابقا (يەنى الله نازىل قىلغان كىتابلارغا)، پەيغەمبەرلەرگە ئىمان كەلتۈرۈشتۇر.﴾[1]

﴿بىز ھەقىقەتەن ھەممە نەرسىنى ئۆلچەملىك ياراتتۇق.﴾[2] يەنى بىز تەقدىر قىلدۇق.

---

[1] سۈرە بەقەرە 177 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[2] سۈرە قەمەر 49 ـ ئايەت.

اللہ خالىسا، ئالدىمىزدا ھەر بىرىنىڭ دەلىلى ھەققىدە ئالاھىدە توختىلىپ ئۆتىمىز.

# ﷲ قا ئىمان كەلتۈرۈش

## 43 ـ سوئال:

**ﷲ ئەززە ۋەجەللەگە ئىمان كەلتۈرۈشنىڭ مەنىسى نىمە؟**

ﷲ قا ئىمان كەلتۈرۈش، ئۇلۇغ ﷲ نىڭ مەۋجۇتلىقىغا، قىلچىمۇ شەكلەنمەستىن، چىن قەلبىمىزدىن ئىشىنىش دىمەكتۇر. يەنى ﷲ تائالا ئەڭ ئەۋۋەلدۇر (ئۇنىڭدىن ئىلگىرى ھىچ شەيئى مەۋجۇت ئەمەس)؛ ئەڭ ئاخىردۇر (ئۇنىڭدىن كىيىن ھىچ شەيئى يوق)؛ ئاشكاردۇر (ئۇنىڭ ئۈستىدە ھىچ شەيئى يوق)؛ مەخپىيدۇر (ئۇنىڭدىن مەخپى ھىچ شەيئى يوق)[1]؛ ئۇ دائىم ھايات، ئۆز قۇدرىتى بىلەن سابىت تۇرغۇچى، يالغۇز، ھەممە ئۇنىڭغا موھتاج بولىدىغان، بالا تاپقانمۇ ئەمەس، تۇغۇلغانمۇ ئەمەس، ھىچ كىشى ئۇنىڭغا تەڭداش بولالمايدىغان، بۇندىن ئىلگىرىمۇ ۋە كىيىنمۇ تەڭدىشى بولمايدىغان زاتتۇر.

شۇنداقلا، ئىلاھلىقتا ۋە پەرۋەردىگارلىقتا بىر دەپ بىلىش، ﷲ نىڭ ئىسىم ـ سۈپەتلىرىدە بىر ئىكەنلىكىگە ئىشىنىشمۇ ﷲ ئەززە ۋەجەللەگە ئىمان كەلتۈرۈش بولىدۇ.

## 44 ـ سوئال:

**ﷲنى ئىلاھلىقتا بىر دەپ بىلىش دىگەن نىمە؟**

---

[1] پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن ﷲ تائالانىڭ ئەۋۋەل، ئاخىر، ئاشكارە، مەخپىي سۈپەتلىرى ھەققىدە كۆپلىگەن ھەدىسلەر رىۋايەت قىلىنغان. بۇ ھەقتە ئىمام مۇسلىم، ئەبۇداۋۇد، ئىمام تىرمىزى ۋە ئىبنى ماجەلەرنىڭ كىتابلىرىغا مۇراجىئەت قىلىسىڭىز بولىدۇ.

ئاشكارا ۋە مەخپىي، تىل ۋە ئەمەل ئارقىلىق قىلىنىدىغان بارلىق ئەمەل ـ ئىبادەتلەرنى بىر الله قىلا قىلىش، قايسى شەكىلدە بولسا بولسۇن، ئىبادەتنى الله تائالادىن باشقىسىغا قىلىشنى رەت قىلىش الله نى ئىلاھلىقتا بىر دەپ بىلىشتۇر.

بۇ ھەقتە الله تائالا مۇنداق دەيدۇ:

﴿پەرۋەردىگارىڭ پەقەت ئۇنىڭ ئۆزىگىلا ئىبادەت قىلىشىڭلارنى تەۋسىيە قىلدى.﴾[1]

﴿الله قا ئىبادەت قىلىڭلار، ئۇنىڭغا ھېچ نەرسىنى شېرىك كەلتۈرمەڭلار.﴾[2]

﴿مەن ھەقىقەتەن (ئىبادەتكە لايىق) الله دۇرمەن، مەندىن باشقا ھېچ مەبۇد (بەرھەق) يوق، (يالغۇز) ماڭا ئىبادەت قىلغىن، مېنى زىكرى قىلىش ئۈچۈن ناماز ئوقۇغىن.﴾[3]

بۇ ھەقتە بۇنىڭدىن باشقىمۇ نۇرغۇن ئايەتلەر بار.

مانا مۇشۇنداق قىلالىغاندىلا، "لائىلاھە ئىللەللاھ" (بىر الله تىن باشقا مەئبۇد بەرھەق يوق) دېگەن شاھادەت كەلىمىسىگە لايىق بولغان بولىدۇ.

**45 ـ سوئال:**

**الله نى "ئىلاھلىقتا بىر دەپ بىلىش" كە زىت كېلىدىغان ئامىللار نىملەردىن ئىبارەت؟**

"الله نى ئىلاھلىقتا بىر دەپ بىلىش" كە زىت كېلىدىغان پىكىرلەر شېرىك بولۇپ، ئۇ ئىككى خىل بولىدۇ: چوڭ شېرىك، بۇ الله

[1] سۈرە ئىسرا 23 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[2] سۈرە نىسا 36 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[3] سۈرە تاھا 14 ـ ئايەت.

نى ”ئىلاھلىقتا بىر دەپ بىلىش“ نى پۈتۈنلەي ئىنكار قىلغانلىقتۇر. كىچىك شېرىك، بۇ الله نى ”ئىلاھلىقتا بىر دەپ بىلىش“ نىڭ كامالىتىگە تەسىر يەتكۈزىدۇ.

**46 ـ سوئال:**

**چوڭ شېرىك دېگەن نېمە؟**

ھەرقانداق بىر بەندىنى پۈتۈن ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى بولغان الله تائالاغا باراۋەر قىلىۋېلىپ، ئۇنى الله سۆيگەندەك سۆيىدىغان، ئۇنىڭدىن الله تىن قورققاندەك قورقىدىغان، ئۇنىڭغا ئىلتىجا قىلىدىغان، ئۇنىڭدىن سورايدىغان، ئۇنىڭدىن ئۈمىد كۈتىدىغان، ئۇنىڭغا تىۋىنىدىغان، ئۇنىڭغا تەۋەككۈل قىلىدىغان، الله تائالاغا ئاسىيلىق قىلىش بەدىلىگە ئۇنىڭغا بويسۇنىدىغان، الله تائالا رازى بولمايدىغان ئىشلاردا ئۇنىڭغا ئەگىشىدىغان ۋە ئۇنىڭدىن باشقا، شۇنىڭغا ئوخشىغان ئىشلاردا ئۇ بەندىنى الله تائالاغا شېرىك قىلىۋېلىش قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى چوڭ شېرىك ھېسابلىنىدۇ.

الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿الله ئۆزىگە بىرەر نەرسىنىڭ شېرىك كەلتۈرۈلۈشىنى (يەنى مۇشرىكلىك گۇناھىنى) ئەلۋەتتە مەغپىرەت قىلمايدۇ، بۇنىڭدىن باشقىنى (الله ئۆزى) خالىغان ئادەمگە مەغپىرەت قىلىدۇ، كىمكى الله قا شېرىك كەلتۈرىدىكەن، ئۇ ھەقىقەتەن قاتتىق ئازغان بولىدۇ.﴾[1]

﴿كىمكى الله قا شېرك كەلتۈرىدىكەن، چوڭ گۇناھ قىلغان بولىدۇ.﴾[2]

---

[1] سۈرە نىسا 116 ـ ئايەت.

[2] سۈرە نىسا 48 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

﴿كىمكى اللە قا شېرىك كەلتۈرىدىكەن (يەنى اللە تىن غەيرىيگە ئىلاھ دەپ ئېتىقاد قىلىدىكەن)، اللە ئۇنىڭغا جەننەتنى هارام قىلىدۇ، ئۇنىڭ جايى دوزاخ بولىدۇ.﴾[1]

﴿اللە قا خالىس ئىبادەت قىلىڭلار، ئۇنىڭغا شېرىك كەلتۈرمەڭلار، كىمكى اللە قا شېرىك كەلتۈرىدىكەن، ئۇ گويا ئاسماندىن تاشلىنىپ، قۇشلار ئۇنى ئېلىپ قاچقاندەك، ياكى بوران ئۇنى ئېلىپ بېرىپ يىراق جايغا تاشلىۋەتكەندەك بولۇپ قالىدۇ.﴾[2] ۋە بۇنىڭدىن باشقا ئايەتلەر.

پەيغەمبەر سەللەللاهۇ ئەلەيهى ۋەسەللەم مۇنداق دەيدۇ: «اللە تائالانىڭ بەندىنىڭ گەدىنىدىكى هەققى، اللە تائالاغا هېچ بىر شەيئىنى شېرىك كەلتۈرمەستىن ئىبادەت قىلىش. اللە تائالانىڭ بەندىسگە بەرگەن هەققى، شېرىك كەلتۈرمىگەن هەرقانداق بەندىسىنى ئازابلىماسلىق.» [بىرلىككە كەلگەن هەدىس]

بۇ خىل شېرىك ئارقىلىق دىندىن چىقىپ كېتىش، مەيلى قۇرەيش كاپىرلىرى ۋە ئۇنىڭ يېقىنلىرىغا ئوخشاش كاپىرلىقنى ئاشكارا جاكارلىغانلار بولسۇن ياكى كۆرۈنۈشتە مۇسۇلمان كۆرۈنۈپ، ئىچىدە كاپىرلىقنى يوشۇرغان مۇناپىقلار بولسۇن، هەممىسى ئوخشاشتۇر.

اللە تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿مۇناپىقلار چوقۇم دوزاخنىڭ ئەڭ ئاستىنقى قەۋىتىگە (يەنى قەئرىگە) تاشلىنىدۇ، ئۇلارغا هەرگىزمۇ (ئازابتىن قۇتقۇزىدىغان) مەدەتكار تاپالمايسەن. پەقەت (مۇناپىقلىقتىن) تەۋبە قىلغان، (ئەمەللىرىنى) تۈزەتكەن، اللە (نىڭ كىتابى) غا چىڭ يېپىشقان، دىنىنى اللە ئۈچۈن خالىس قىلغان (يەنى قىلغان ئەمىلىدىن پەقەت اللە نىڭ رازىلىقىنى كۆزلىگەن) كىشىلەر بۇنىڭدىن مۇستەسنا. ئەنە شۇلار مۇئمىنلەر بىلەن بىللە (يەنى

[1] سۈرەمائىدە 72 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[2] سۈرە هەج 31 ـ ئايەت.

ئۇلارنىڭ قاتارىدا)دۇر. الله مۇئمىنلەرگە (ئاخىرەتتە جەننەتتىن ئىبارەت) بۈيۈك ئەجىر ئاتا قىلىدۇ.﴾[1] بۇ ھەقتە بۇنىڭدىن باشقىمۇ ئايەتلەر بار.

## 47 ـ سوئال:

### كىچىك شېرىك دېگەن نېمە؟

الله تائالانىڭ رازىلىقىنى كۆزلەپ قىلغان ياخشى ئەمەللىرى ئۇچۇن، ئىچىدە باشقىلارغا ئانچىكى كۆرسىتىش ئىستىكى قوزغىلىپ قېلىش كىچىك شېرىك ھېسابلىنىدۇ.

الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿كىمكى، پەرۋەردىگارىغا مۇلاقات بولۇشنى ئۈمىد قىلىدىكەن (يەنى ساۋابىنى ئۈمىد قىلىپ ئازابىدىن قورقىدىكەن)، ياخشى ئىش قىلسۇن. پەرۋەردىگارىغا قىلىدىغان ئىبادەتكە ھېچكىمنى شېرىك كەلتۈرمىسۇن.﴾[2]

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «سىلەرنىڭ كىچىك شېرىكتىن ساقلىنالماسلىقىڭلاردىن ئەنسىرەيمەن» دېدى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇنىڭدىن كىچىك شېرىكنىڭ نېمىلىكى ھەققىدە سوئال سورالدى. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «(ئۇ) رىيادۇر» دەپ بولۇپ، ئاندىن ئۇنى چۈشەندۈرۈپ: «بىر ئادەم نامازغا تۇرىدۇ. ئۆزىگە باشقا بىرسىنىڭ قاراۋاتقانلىقى كۆرگەندە، ئۇ نامىزىنى تېخىمۇ گۈزەل ئوقۇيدۇ»[3] دېدى.

ئاتا ـ ئانىسى، ئۇرۇق ـ ئەجدادى، كەئبە، ئامانەت قويۇلغان نەرسە قاتارلىقلارنىڭ نامىنى تىلغا ئېلىپ قەسەم قىلىش، الله تىن باشقىسى بىلەن قەسەم قىلىش بولۇپ، بۇمۇ كىچىك شېرىككە كىرىدۇ.

---

[1] سۈرە نىسا، 145 ـ ۋە 146 ـ ئايەتلەر.
[2] سۈرە كەھف، 110 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[3] ئىبنى ماجە رىۋايەت قىلغان.

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: «سىلەر ئاتاڭلارنىڭ، ئاناڭلارنىڭ ۋە الله قا شېرىك قىلىۋالغان نەرسىلەرنىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلماڭلار.» [ ئەبۇ داۋۇد، نەسائى ۋە بەيھەقىلەر رىۋايەت قىلغان]

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم يەنە مۇنداق دەيدۇ: «سىلەر ”كەئبە بىلەن قەسەم“ دېمەڭلار، ئەگەر دېمەكچى بولساڭلار ”كەئبىنىڭ پەرۋەردىگارى بىلەن قەسەم“ دەڭلار.» [ئەھمەد ۋە نەسائى رىۋايەت قىلغان]

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم يەنە مۇنداق دەيدۇ: «پەقەت الله بىلەنلا قەسەم قىلىڭلار.» [ئەھمەد ۋە نەسائى رىۋايەت قىلغان]

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم يەنە مۇنداق دەيدۇ: «كىمكى ”ئامانەتنىڭ ھەققى ئۈچۈن“ دەپ قەسەم قىلسا، ئۇ بىزدىن ئەمەس.» [ئەبۇ داۋۇد رىۋايەت قىلغان]

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم يەنە مۇنداق دەيدۇ: «كىمكى الله تىن باشقىسى بىلەن قەسەم قىلغان بولسا، ئۇ چوقۇم كاپىر ياكى مۇشرىك (شېرىك كەلتۈرگەن) بولىدۇ.» يەنە بىر رىۋايەتتە: «كاپىر ۋە مۇشرىك (شېرىك كەلتۈرگەن) بولىدى» دەپ كەلگەن. [ ئەبۇ داۋۇد ۋە تىرمىزى رىۋايەت قىلغان]

”الله ۋە سەن خالىغان نەرسە بولىدى“ دېيىشمۇ كىچىك شېرىككە كىرىدىغان سۆزلەردىن بولۇپ، بىر كىشى بۇ سۆزنى پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە دېگەندە، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «سەن مېنى الله قا شېرىك قىلاي دەمسەن؟ بەلكى الله ئۆزى يالغۇز نېمىنى خالىغان بولسا، شۇ بولىدى» دېگەن ئىدى. [ئەھمەد، ئىبنى ماجە، نەسائى ۋە بەيھەقىلار رىۋايەت قىلغان]

”الله ۋە سەن بولمىغان بولساڭ“، ”الله ۋە سەندىن باشقا ھېچ نېمە يوق“، ”مەن الله قا ۋە ساڭا ئىشىنىپ كىرىمەن“ دېگەنگە ئوخشىغان سۆزلەرمۇ كىچىك شېرىككە كىرىدىغان سۆزلەردىن ھېسابلىنىدۇ.

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: «سىلەر: الله ۋە پالانچى خالىغان نەرسە بولدى، ـ دېمەڭلار! دېمەكچى بولساڭلار: الله خالىغان نەرسە بولدى، ئاندىن پالانچى خالىغان نەرسە بولدى، ـ دەڭلار!» [ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد، نەسائى ۋە بەيھەقىلەر رىۋايەت قىلغان]

ئۆلىمالار مۇنداق دەيدۇ: ”الله بولمىغان بولسا، ئاندىن سەن بولمىغان بولساڭ“ دېيىش دۇرۇس، ئەمما ”الله بولمىغان بولسا ۋە سەن بولمىغان بولساڭ“ دېيىش دۇرۇس ئەمەس.

**48 ـ سوئال:**

**يۇقىرىدا ئۆتكەن سۆزلەردىكى ”ۋە“ بىلەن ”ئاندىن“ نىڭ پەرقى نېمە؟**

پەرقى شۇكى، ”ۋە“ ئىبارىسى باراۋەرلىك ۋە يېقىنلاشتۇرۇشنى ئىپادىلەيدۇ. شۇڭا ”الله ۋە سەن خالىغان نەرسە بولدى“ دېيىلىپ قالسا، بۇ چاغدا الله نىڭ خالىشى بىلەن ئىككىنچى شەخسنىڭ خالىشى بىر قاتاردا بولغان بولۇپ قالىدۇ. ئەمما ”ئاندىن“ بۇنىڭ ئەكسىچە بولۇپ، بىر كىشى: ”الله نىڭ، ئاندىن سېنىڭ خالىغىنىڭ بولدى“ دېسە، بۇ چاغدا بەندىنىڭ خالىشى الله تائالانىڭ خالىشىدىن كېيىن بولغان بولىدۇ.

بۇ ھەقتە الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿پەقەت الله خالىغاندىلا، ئاندىن سىلەر خالايسىلەر (يەنى ھەممە ئىش الله نىڭ خاھىشىغا باغلىقتۇر)﴾[1]

## 49 ـ سوئال:

## الله نى پەرۋەردىگارلىقتا بىر دەپ بىلىش" دېگەن نېمە؟

الله تائالانىڭ بارلىق نەرسىلەرنىڭ پەرۋىش قىلغۇچىسى، ئىگىسى، ياراتقۇچىسى، ئورۇنلاشتۇرغۇچى، بىر تەرەپ قىلغۇچىسى ئىكەنلىكىنى ۋە الله نىڭ ئىگىدارچىلىقىدا ھېچ شېرىكىنىڭ يوقلۇقىنى، بۇيرۇقىنى قايتۇرغۇچى، ھۆكمىگە خىلاپلىق قىلغۇچى، قارشىلاشقۇچى، تەڭ كەلگۈچى ھېچ بىرىنىڭ يوقلۇقىنى شەكسىز ئىشەنچ بىلەن ئىقرار قىلىش. شۇنداقلا، الله نىڭ پەرۋەردىگارلىق دائىرىسىدىكى ۋە الله نىڭ ئىسىم ـ سۈپەتلىرى ھەققىدىكى ھەر قانداق بىر شەيئىنى تالاش ـ تارتىش قىلماسلىقمۇ، الله نى "پەرۋەردىگارلىقتا بىر دەپ بىلىش" بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿جىمى ھەمدۇسانا ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى ياراتقان، زۇلمەتلەرنى ۋە نۇرنى پەيدا قىلغان الله قا خاستۇر!﴾[2] بۇ سۈرىنىڭ باشقا ئايەتلىرى، ھەتتا بۇ سۈرىنىڭ ھەممىسى بۇنىڭ دەلىلىدۇر.

الله تائالا بۇ ھەقتە يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿جىمى ھەمدۇسانا ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى الله قا خاستۇر.﴾[3]

﴿(ئى مۇھەممەد! مۇشرىكلارنى مات قىلىش ئۈچۈن ئۇلارغا) «ئاسمانلارنىڭ، زېمىننىڭ پەرۋەردىگارى كىم؟» دېگىن،

[1] سۈرە ئىنسان 30 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[2] سۈرە ئەنئام، 1 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[3] سۈرە فاتىھە، 1 ـ ئايەت.

«(ئۇلارنىڭ پەرۋەردىگارى) الله » دېگىن. (ئۇلارغا ) «سىلەر الله نى قويۇپ ئۆزەڭلارغا پايدا ـ زىيان يەتكۈزەلمەيدىغان مەبۇدلارنى (الله قا شېرىك) قىلىۋالدىڭلارمۇ؟ » دېگىن. «كور (يەنى كاپىر) بىلەن كۆزى كۆرىدىغان ئادەم (يەنى مۆمىن) باراۋەر بولامدۇ؟ ياكى قاراڭغۇلۇق (يەنى گۇمراھلىق) بىلەن نۇر (يەنى ھىدايەت) باراۋەر بولامدۇ؟ » دېگىن، ئۇلار الله ياراتقانغا ئوخشاش قانداقتۇر مەخلۇقاتلارنى ياراتقان مەبۇدلارنى پۈتۈن مەخلۇقاتنى ياراتقان الله قا شېرىك قىلىۋېلىپ الله نىڭ ياراتقىنى بىلەن مەبۇدلىرىنىڭ ياراتقىنىنى ئايرىيالماي قالدىمۇ؟ الله ھەممە نەرسىنى ياراتقۇچىدۇر، الله بىردۇر، ھەممىگە غالىبتۇر.﴾[1]

﴿الله سىلەرنى خەلق ئەتتى، ئاندىن سىلەرگە رىزىق بەردى. ئاندىن سىلەرنى قەبزى روھ قىلىدۇ، ئاندىن سىلەرنى تىرىلدۈرىدۇ، شېرىك كەلتۈرگەنلىرىڭلاردىن قايسىسى بۇ ئىشلارنىڭ قايسىبىرىنى قىلالايدۇ، الله پاكتۇر،ئۇلارنىڭ شېرىك كەلتۈرگەن نەرسىلىرىدىن ئالىيدۇر.﴾[2]

﴿مانا بۇلار، الله نىڭ (ياراتقان) مەخلۇقاتلىرىدۇر، ماڭا كۆرسىتىپ بېرىڭلاركى، الله تىن باشقا مەبۇدلىرىڭلار زادى نېمىلەرنى ياراتتى؟﴾[3]

﴿ياكى ئۇلار ياراتقۇچىسىز يارىتىلغانمۇ؟ ياكى ئۇلار ئۆزلىرى ياراتقۇچىمۇ؟ ياكى ئۇلار ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى ياراتقانمۇ؟ بەلكى ئۇلار (الله نىڭ بىرلىكىگە) ئىشەنمەيدۇ.﴾[4]

[1] سۈرە رەئد، 16 ـ ئايەت.
[2] سۈرە رۇم، 40 ـ ئايەت.
[3] سۈرە لوقمان، 11 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[4] سۈرە تۇر، 36 ـ 37 ـ ئايەتلەر.

﴿ئۇ ئاسمانلارنىڭ، زېمىن ۋە ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى شەيئىلەرنىڭ پەرۋەردىگارىدۇر، ئۇنىڭغا ئىبادەت قىلغىن، اللہ نىڭ ئىبادىتىدىگە چىداملىق بولغىن، سەن ئۇنىڭ شېرىكى بارلىقىنى بىلەمسەن؟﴾[1]

﴿ھېچ شەيئى اللہ قا ئوخشاش ئەمەستۇر، اللہ ھەممىنى ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر، ھەممىنى كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر.﴾[2]

﴿ئېيتقىنكى، «جىمى ھەمدۇسانا بالىسى بولۇشتىن پاك بولغان، سەلتەنىتىدە شېرىكى بولمىغان، خارلىقتىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن دوستقا موھتاج بولمىغان (يەنى خار بولمىغان، ياردەمچىگە موھتاج بولمىغان) اللہ قا خاستۇر! اللہ نى مۇكەممەل رەۋىشتە ئۇلۇغلىغىن.»﴾[3]

﴿ئېيتقىنكى، «سىلەر اللہ نى قويۇپ مەبۇد دەپ قارىغىنىڭلارنى چاقىرىڭلار، ئۇلار ئاسمانلاردا ۋە زېمىندا زەررە چاغلىق نەرسىگە ئىگە بولالمايدۇ، ئۇلارنىڭ ئاسمان ـ زېمىننىڭ (يارىتىلىشى ۋە باشقۇرۇلۇشىدا اللہ قا) ھېچ شېرىكچىلىكى يوق، ئۇلارنىڭ ئىچىدە اللہ قا (ئاسمان ـ زېمىننى ئىدارە قىلىشتا ياردەملىشىدىغان) ھېچ ياردەمچىمۇ يوق». اللہ ئىزنى بەرگەن ئادەمدىن باشقىغا اللہ نىڭ دەرگاھىدا شاپائەت پايدا بەرمەيدۇ. شاپائەت قىلغۇچىلارنىڭ دىللىرىدىن قورقۇنچ كۆتۈرۈلگەندە، ئۇلار ئاندىن (بەزىسى بەزىسىگە): «پەرۋەردىگارىڭلار (شاپائەت توغرۇلۇق) نېمە دېدى؟» دەيدۇ. ئۇلار (جاۋابەن): «ھەقنى (دېدى) (يەنى مۇئمىنلەرگە شاپائەت قىلىشقا رۇخسەت قىلدى)» دەيدۇ. اللہ يۈكسەكتۇر، كاتتىدۇر.﴾[4]

---

[1] سۈرە مەريەم، 65 ـ ئايەت.
[2] سۈرە شۇرا، 11 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[3] سۈرە ئىسرا، 111 ـ ئايەت.
[4] سۈرە سەبەئ، 22 ـ ۋە 23 ـ ئايەتلەر.

**50 ـ سوئال:**

**قايسى كۆز قاراشلار اللّٰه نى ”پەرۋەردىگارلىقتا بىر دەپ بىلىش“ كە زىت كېلىدۇ؟**

كائىناتنى ئىدارە قىلىش، پەيدا قىلىش، يوق قىلىش، تىرىلدۈرۈش، ئۆلتۈرۈش، ياخشىلىق ئاتا قىلىش ۋە يامانلىقنى دەپئى قىلىشقا ئوخشىغان پەرۋەردىگارلىق دائىرىسىدىكى ھەرقانداق بىر ئىشنى اللّٰه تائالا بىلەن باشقا بىرى بىر تەرەپ قىلىدۇ دەپ ئېتىقاد قىلىش، ياكى اللّٰه تائالانىڭ غەيبنى بىلىش، كاتتىلىق، كىبرىيا (ئېگىلىلىق) لىققا ئوخشاش سۈپەتلىرىگە باشقا بىرىنى شېرىك قىلىۋېلىش ـ اللّٰه نى ”پەرۋەردىگارلىقتا بىر دەپ بىلىش“ كە زىتتۇر.

اللّٰه تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿اللّٰه رەھمىتىدىن كىشىلەرگە ئاچقان نەرسىنى ھەرگىزمۇ توسۇپ قالالىغۇچى بولمايدۇ، اللّٰه رەھمىتىدىن توسقان نەرسىنى، اللّٰه توسقاندىن كېيىن، ئۇنى ھېچ قويۇپ بەرگۈچى بولمايدۇ، اللّٰه غالىبتۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر.ئى ئىنسانلار! اللّٰه نىڭ سىلەرگە بەرگەن نېئمىتىنى ياد ئېتىڭلار، اللّٰه تىن باشقا سىلەرگە ئاسماندىن ۋە زېمىندىن رىزىق بېرىپ تۇرىدىغان ياراتقۇچى بارمۇ؟ اللّٰه تىن باشقا ھېچ مەبۇد (بەرھەق) يوقتۇر، (اللّٰه نىڭ ئىبادىتىدىن) قانداقمۇ باش تارتىسىلەر؟﴾[1]

﴿ئەگەر اللّٰه ساڭا بىرەر زىيان ـ زەخمەت يەتكۈزۈشنى ئىرادە قىلسا، يالغۇز اللّٰه تىن باشقا ئۇنى دەپئى قىلغۇچى بولمايدۇ، ئەگەر اللّٰه ساڭا بىرەر ياخشىلىقنى ئىرادە قىلسا، اللّٰه نىڭ پەزلىنى قايتۇرغۇچى بولمايدۇ.﴾[2]

---

[1] سۈرە فاتىر 2 ـ 3 ـ ئايەتلەر.
[2] سۈرە يۇنۇس 107 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

﴿ئېيتقىنكى، «ئەگەر اللە ماڭا بىرەر زىيان - زەخمەت يەتكۈزۈشنى ئىرادە قىلسا، ئۇنى دەپئى قىلىشقا ياكى اللە ماڭا رەھمەت قىلىشنى ئىرادە قىلسا، ئۇنى توسۇۋېلىشقا، اللە تىن باشقا سىلەر ئىبادەت قىلىۋاتقان مەبۇدلار قادىر بولالامدۇ؟ ماڭا ئېيتىپ بېرىڭلارچۇ؟» ئېيتقىنكى، «ماڭا اللە كۇپايىدۇر، تەۋەككۇل قىلغۇچىلار ئۇنىڭغا تەۋەككۇل قىلسۇن (يەنى ھەممە ئىشنى اللە قا تاپشۇرسۇن)»﴾[1]

﴿غەيبنىڭ خەزىنىلىرى اللە نىڭ دەرگاھىدىدۇر، ئۇنى پەقەتلا اللە بىلىدۇ.﴾[2]

﴿اللە تىن بۆلەك ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكىلەر غەيبنى بىلمەيدۇ.﴾[3]

﴿ئۇلار اللە نىڭ مەلۇماتىدىن (اللە) ئۇلارغا بىلدۈرۈشنى خالىغان نەرسىلەردىن (يەنى پەيغەمبەرلەرنىڭ تىلى ئارقىلىق بىلدۈرگەن نەرسىلەردىن) باشقا ھېچ نەرسىنى بىلمەيدۇ.﴾[4]

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دەيدۇ: «اللە تائالا مۇنداق دەيدۇ: كاتتىلىق مېنىڭ ئىشتىنىمدۇر، تەكەببۇرلۇق مېنىڭ چاپىنىمدۇر، كىمكى مەندىن ئۇ ئىككى كيىمىمدىن بىرىنى سالدۇرىۋېتىدىكەن، مەن ئۇنى دوزىخىمغا يەرلەشتۈرىمەن.» [مۇسلىم ۋە ئەبۇ داۋۇد قاتارلىقلار رىۋايەت قىلغان]

## 51 - سوئال:

## اللە نى ”ئىسىم ۋە سۈپەتتە بىر دەپ بىلىش“ دېگەن نېمە؟

---

[1] سۈرە زۇمەر 38 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[2] سۈرە ئەنئام 59 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[3] سۈرە نەمل 65 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[4] سۈرە بەقەرە 255 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

اللّٰه نى ”ئىسىم ۋە سۈپەتتە بىر دەپ بىلىش“ ــ اللّٰه تائالا ئۆز كىتابىدا ئۆزىنى سۈپەتلىگەن ۋە پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم سۈپەتلەپ بەرگەن اللّٰه تائالانىڭ گۈزەل ئىسىم، كاتتا سۈپەتلىرىگە ئىمان ئېيتىش ۋە ئۇ ئىسىم، سۈپەتلەرگە قۇرئان كەرىمنىڭ نۇرغۇن ئايەتلىرىدە اللّٰه تائالا ئۆز سۈپەتلىرىنى ئىسپاتلاش بىلەن بىرگە، ئۇنىڭ ئۆزگىرىشىنى ئىنكار قىلىپ كەلتۈرگىنىدەك، ئۇ سۈپەتلەرگە ھېچ قانداق كەيپىيات شەكىللەندۈرمەي ئىمان ئېيتىشتۇر.

اللّٰه تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئۇلار اللّٰه نىڭ مەلۇماتىدىن (اللّٰه) ئۇلارغا بىلدۈرۈشنى خالىغان نەرسىلەردىن (يەنى پەيغەمبەرلەرنىڭ تىلى ئارقىلىق بىلدۈرگەن نەرسىلەردىن) باشقا ھېچ نەرسىنى بىلمەيدۇ.﴾①

﴿ھېچ شەيئى اللّٰه قا ئوخشاش ئەمەستۇر، اللّٰه ھەممىنى ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر، ھەممىنى كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر.﴾②

﴿كۆزلەر اللّٰه نى كۆرمەيدۇ، اللّٰه كۆزلەرنى كۆرۈپ تۇرىدۇ، اللّٰه (بەندىلىرىگە) مېھرىباندۇر، ھەممىدىن خەۋەرداردۇر.﴾③

بۇ ھەقتە بۇنىڭدىن باشقا نۇرغۇن ئايەتلەر بار.

ئىمام تىرمىزى ئۆبەي ئىبنى كەئب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: مۇشرىكلار ئۆزلىرىنىڭ ئىلاھلىرىنى تىلغا ئېلىشىپ، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە:

ـ پەرۋەردىگارىڭنى سۈپەتلەپ بەرگىن! ـ دېۋىدى، اللّٰه تائالا تۆۋەندىكى ئايەتنى نازىل قىلدى:

---

① سۈرە بەقەرە، 255 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
② سۈرە شۇرا، 11 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
③ سۈرە ئەنئام، 103 ـ ئايەت.

﴿(ئى مۇھەممەد!) ئېيتقىنكى، ئۇ ـ اللّٰہ بىردۇر. ھەممە اللّٰہ قا موھتاجدۇر، اللّٰہ بالا تاپقانمۇ ئەمەس، تۇغۇلغانمۇ ئەمەس.﴾ چۈنكى ھەرقانداق نەرسە تۇغىلىدىكەن، ئۇ چوقۇم ئۆلىدۇ. ھەرقانداق نەرسە ئۆلىدىكەن ئۇ مىراس قالدۇرىدۇ. اللّٰہ تائالا ئۆلمەيدۇ ۋە مىراس قالدۇرمايدۇ.

﴿ھېچ كىشى ئۇنىڭغا تەڭداش بولالمايدۇ.﴾[1] ئۇنىڭ ئوخشىشى ۋە تەڭدىشى يوق. ھېچ شەيئى ئۇنىڭغا ئوخشىمايدۇ.

## 52 ـ سوئال:

**اللّٰہ تائالانىڭ گۈزەل ئىسىم سۈپەتلىرى ھەققىدە قۇرئان ۋە ھەدىستىكى دەلىللەر قايسىلار؟**

اللّٰہ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ:

﴿اللّٰہ نىڭ گۈزەل ئىسىملىرى بار، اللّٰہ نى شۇ (گۈزەل ئىسىملىرى) بىلەن ئاتاڭلار، اللّٰہ نىڭ ئىسىملىرىنى كەلىمە ـ كەلىمەس قوللىنىدىغانلارنى تەرك ئېتىڭلار.﴾[2]

﴿«اللّٰہ دەپ ئاتىساڭلارمۇ بولىدۇ، رەھمان دەپ ئاتىساڭلارمۇ بولىدۇ، قايسىنى ئاتىساڭلار (ھەممىسى ياخشىدۇر). چۈنكى اللّٰہ نىڭ نۇرغۇن گۈزەل ئىسىملىرى بار.»﴾[3]

﴿اللّٰہ تىن باشقا ھېچ مەبۇد (بەرھەق) يوقتۇر، اللّٰہ نىڭ گۈزەل ئىسىملىرى بار.﴾[4]

ۋە باشقا ئايەتلەر.

---

[1] سۈرە ئىخلاس.
[2] سۈرە ئەئراف، 180 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[3] سۈرە ئىسرا، 180 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[4] سۈرە تاھا، 8 ـ ئايەت.

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دەيدۇ: «الله تائالانىڭ 99 ئىسمى بار، كىمكى ئۇنى (يادقا) سانىيالىسا، جەننەتكە كىرىدۇ.» [بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان]

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم يەنە مۇنداق دەيدۇ: «(ئى الله!) سەندىن ئۆزەڭ ئاتىغان ياكى كىتابىڭدا نازىل قىلغان ياكى مەخلۇقاتلىرىڭدىن بىرەرسىگە بىلدۈرگەن ۋەياكى دەرگاھىڭدىكى غەيبى ئىلمىڭدە قالدۇرغان سېنىڭ بارلىق ئىسىملىرىڭنىڭ ھەققى ھۆرمىتى ئۈچۈن قۇرئان كەرىمنى مېنىڭ قەلبىمنىڭ باھارى قىلىپ بېرىشىڭنى تىلەيمەن.» [ئەھمەد ۋە ئىبنى ھەببان قاتارلىقلار رىۋايەت قىلغان]

**53 - سوئال:**

**قۇرئاندىكى الله تائالانىڭ گۈزەل ئىسىم - سۈپەتلىرى توغرىسىدىكى ئايەتلەر قايسىلار؟**

بۇ ھەقتە الله تائالا مۇنداق دەيدۇ:

﴿الله ھەقىقەتەن سىلەردىن ئۈستۈندۇر، بۈيۈكتۇر (الله ئاياللارغا زۇلۇم قىلغاننى جازالايدۇ)﴾[1]

﴿الله ھەقىقەتەن سىرلەرنى بىلگۈچىدۇر، ھەممىدىن خەۋەرداردۇر.﴾[2]

﴿الله ھەقىقەتەن ھەممىنى بىلگۈچىدۇر، ھەممىگە قادىردۇر.﴾[3]

﴿الله ھەقىقەتەن (سۆزۈڭلارنى) ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر، (ئىشىڭلارنى) كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر.﴾[1]

[1] سۈرە نىسا، 34 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[2] سۈرە ئەھزاب، 34 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[3] سۈرە فاتىر، 44 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

﴿الله ھەقىقەتەن غالىبتۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر.﴾②

﴿الله ھەقىقەتەن مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، (بەندىلەرگە) ناھايىتى مېھرىباندۇر.﴾③

﴿الله ئۇلارغا تولىمۇ مەرھەمەتلىك، ناھايىتى مېھرىباندۇر.﴾④

﴿الله (بەندىلەرنىڭ سەدىقىسىدىن) بىھاجەتتۇر، ھەلىمدۇر (يەنى ئەمرىگە خىلاپلىق قىلغانلارنى جازالاشقا ئالدىراپ كەتمەيدۇ.﴾⑤

﴿الله ھەقىقەتەن مەدھىيىلەشكە لايىقتۇر، ئۇلۇغلاشقا لايىقتۇر.﴾⑥

﴿الله ھەقىقەتەن سىلەرنى (يەنى پۈتۈن ئەھۋالىڭلارنى) كۆزىتىپ تۇرغۇچىدۇر.﴾⑦

﴿الله قا تەۋەككۇل قىلغىن (تەۋەككۇل قىلغۇچىغا) الله نىڭ ھامىيلىقى يېتەرلىكتۇر.﴾⑧

﴿پەرۋەردىگارىم ھەقىقەتەن ھەر بىر نەرسىنى كۆزىتىپ تۇرغۇچىدۇر.﴾⑨

﴿پەرۋەردىگارىم ھەقىقەتەن يېقىندۇر، (دۇئانى) ئىجابەت قىلىڭلار.﴾⑩

---

① سۈرە نىسا، 58 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
② سۈرە نىسا، 56 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
③ سۈرە نىسا، 23 ـ ئايەت بىلەن 106 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
④ سۈرە تەۋبە، 117 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
⑤ سۈرە بەقەرە، 263 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
⑥ سۈرە ھۇد، 73 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
⑦ سۈرە نىسا، 1 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
⑧ سۈرە نىسا، 81 ـ، 132 ـ، 171 ـ ئايەتلەر بىلەن سۈرە ئەھزاب، 3 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
⑨ سۈرە ھۇد، 57 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
⑩ سۈرە ھۇد، 61 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

﴿اللہ ھېساب ئېلىشقا يېتەرلىكتۇر.﴾[1]

﴿اللہ ھەممە ئىشقا قادىردۇر.﴾[2]

﴿اللہ ھەقىقەتەن ھەممە نەرسىنى كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر.﴾[3]

﴿بىلىڭلاركى، اللہ ھەممە نەرسىنى ھەقىقەتەن تولۇق بىلىپ تۇرغۇچىدۇر.﴾[4]

﴿بىر اللہ تىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوقتۇر؛ اللہ ھەمىشە تىرىكتۇر، ھەممىنى ئىدارە قىلىپ تۇرغۇچىدۇر.﴾[5]

﴿اللہ نىڭ ئىپتىداسى يوقتۇر، ئىنتىھاسى يوقتۇر، (اللہ) ئاشكارىدۇر (يەنى مەۋجۇتلۇقىنى كۆرسەتكۈچى دەلىللەر بىلەن ئەقىللەرگە ئاشكارىدۇ)، مەخپىيدۇر (يەنى ئۇنى كۆز بىلەن كۆرگىلى بولمايدۇ، ئۇنىڭ زاتىنىڭ ماھىيىتىنى تونۇشقا ئەقىللەر ئېرىشەلمەيدۇ)، اللہ ھەممە نەرسىنى بىلگۈچىدۇر.﴾[6]

﴿اللہ تىن باشقا ھېچ مەبۇد (بەرھەق) يوقتۇر، ئۇ يوشۇرۇننى، ئاشكارىنى بىلگۈچىدۇر، ئۇ ناھايىتى شەپقەتلىكتۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر (يەنى دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە) كەڭ رەھمەت ئىگىسىدۇر. اللہ تىن باشقا ھېچ مەبۇد (بەرھەق) يوقتۇر، ئۇ (مۇتلەق) پادىشاھتۇر (يەنى پۈتۈن مەخلۇقاتنىڭ مالىكىدۇر)، پاكتۇر (يەنى ھەممە نۇقسانلاردىن پاكتۇر)، (مۇئمىنلەرگە) سالامەتلىك بېغىشلىغۇچىدۇر، (دوستلارنى قورقۇنچتىن، ئازابتىن) ئەمىن قىلغۇچىدۇر، ھەممىنى كۆزىتىپ تۇرغۇچىدۇر، غالىبتۇر، قەھر

[1] سۈرە نىسا، 6 ـ ئايەت بىلەن سۈرە ئەھزاب، 39 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[2] سۈرە نىسا، 85 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[3] سۈرە ھەج، 17 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[4] سۈرە فۇسسىلەت، 54 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[5] سۈرە بەقەرە، 255 ـ ئايەت ۋە سۈرە ئال ئىمران، 2 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[6] سۈرە ھەدىد، 3 ـ ئايەت.

قىلغۇچىدۇر، ئۇلۇغلۇق ئىگىسىدۇر، (مۇشرىكلارنىڭ) شېرىك كەلتۈرگەن نەرسىلىرىدىن پاكتۇر. اللہ (ھەممىنى) ياراتقۇچىدۇر، (يوقلۇقتىن) پەيدا قىلغۇچىدۇر، (ھەممە نەرسىگە) سۈرەت (شەكىل) بېغىشلىغۇچىدۇر، ئەڭ چىرايلىق ئىسىملارغا ئىگىدۇر، ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى نەرسىلەر ئۇنىڭغا تەسبىھ ئېيتىپ تۇرىدۇ، ئۇ غالىبتۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇ.﴾[1]

## 54 ـ سوئال:

**اللہ تائالانىڭ گۈزەل ئىسىم ـ سۈپەتلىرى توغرىسىدا كەلگەن ھەدىسلەر قايسىلار؟**

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: «(گۇناھكارلارنى جازالاشقا) ئالدىراپ كەتمەيدىغان ۋە كاتتا اللہ تىن باشقا ئىلاھ يوقتۇر. كاتتا ئەرشنىڭ پەرۋەردىگارى اللہ تائالادىن باشقا ئىلاھ يوقتۇر. ئاسمانلارنىڭ، زېمىننىڭ ۋە ئۇلۇغ ئەرشنىڭ پەرۋەردىگارى اللہ تائالادىن باشقا ئىلاھ يوقتۇر.» [نەسەئى ۋە ئەبۇ داۋۇد قاتارلىقلار رىۋايەت قىلغان]

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم يەنە مۇنداق دەيدۇ: «ئىسمى بىلەن بىللە، ئاسمان ـ زېمىندىكى ھېچقانداق نەرسە ئۇنىڭ زاتىغا زىيان يەتكۈزەلمەيدىغان اللہ نىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن، ئۇ زات ھەممىنى ئاڭلاپ ۋە بىلىپ تۇرغۇچىدۇر.» [تىرمىزى ۋە ئىبنى ماجىە قاتارلىقلار رىۋايەت قىلغان]

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم يەنە مۇنداق دەيدۇ: «ئى ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى ياراتقۇچى، يوشۇرۇننى ۋە ئاشكارىنى بىلگۈچى ھەممە نەرسىنىڭ پەرۋەردىگارى ۋە پادىشاھى اللہ!» [نەسەئى، تىرمىزى ۋە ئەبۇداۋۇد قاتارلىقلار رىۋايەت قىلغان]

[1] سۈرە ھەشر، 22 ــ دىن 24 ـ ئايەتلەر.

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم يەنە مۇنداق دەيدۇ: «ئى اللە! گۇناھىمنى كەچۈرگىن. سەندىن رەھمىتىڭنى سورايمەن. ئى اللە! بىلىمىنى زىيادە قىلغىن. پەرۋەردىگارىمىز! مېنى ھىدايەت قىلغىنىڭدىن كېيىن، دىلىمنى توغرا يولدىن بۇرىۋەتمىگىن. بىزگە دەرگاھىڭدىن رەھمەت بېغىشلىغىن، شۈبھىسىزكى، سەن (بەندىلىرىڭگە ئاتالارنى) بەكمۇ بېغىشلىغۇچىسەن. ئى اللە! گۇناھىمنى كەچۈرگىن. تۇرىدىغان جايىمنى كەڭ قىلغىن. رىزقىمنى بەرىكەتلىك قىلغىن. ئى اللە! مېنى تەۋبە قىلغۇچىلاردىن ۋە گۇناھلىرىدىن پاك بولغۇچىلاردىن قىلغىن. ئى يەتتە قات ئاسمان ـ زېمىننىڭ، كاتتا ئەرشنىڭ ۋە بىزنىڭ پەرۋەردىگارىمىز، ھەممە نەرسىنىڭ پەرۋەردىگارى، دانلارنى ۋە ئۇرۇقچىلارنى بىخ ئۇرغۇزغۇچى، تەۋرات، ئىنجىل ۋە قۇرئاننى چۈشۈرگۈچى اللە! ساڭا سىغىنىپ، سەن كوكۇلىسىدىن تۇتىدىغان ھەممە يامانلىقتىن پاناھ تىلەيمەن. ئى اللە! سەن (ھەممە نەرسىدىن) ئىلگىرىسەن، سەندىن ئىلگىرى ھېچ نەرسە يوقتۇر. سەن (ھەممە نەرسىدىن) كېيىندۇرسەن، سەندىن كېيىن ھېچ نەرسە يوقتۇر. سەن ئەڭ ئۈستۈندۇرسەن، سېنىڭ ئۈستۈڭدە ھېچ نەرسە يوقتۇر. سەن مەخپىيدۇرسەن، سەندىنمۇ مەخپىي نەرسە يوقتۇر» [مۇسلىم، ئەبۇداۋۇد، تىرمىزى، ئەھمەد ۋە نەسەئى قاتارلىقلار رىۋايەت قىلغان]

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دەيدۇ: «ئى اللە! ساڭا ھەمدۇ سانا بولسۇن. سەن ئاسمانلارنىڭ، زېمىننىڭ ۋە ئۇلارنىڭ ئىچىدىكىلەرنىڭ نۇرىدۇرسەن. ساڭا ھەمدۇ سانا بولسۇن. سەن ئاسمانلارنى، زېمىننى ۋە ئۇلارنىڭ ئىچىدىكىلەرنى ئىدارە قىلغۇچىدۇرسەن.» [بۇخارى، مۇسلىم، ئەھمەد، مالىك ۋە باشقىلار رىۋايەت قىلغان]

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم يەنە مۇنداق دەيدۇ: «ئى پەرۋەردىگارىم! سەندىن: سېنىڭدىن باشقا ھېچ مەبۇدنىڭ (بەرھەق) يوقلىقىغا، سېنىڭ يەككە ـ يېگانە ئىكەنلىكىڭگە، ھەممىنىڭ ساڭىلا

موھتاج ئىكەنلىكىگە، سېنىڭ بالا تاپقانمۇ ئەمەس، تۇغۇلغانمۇ ئەمەس ئىكەنلىكىڭگە ۋە ھېچ كىشىنىڭ ساڭا تەڭداش بولالمايدىغانلىقىغا ھەقىقىي گۇۋاھلىق بېرىش بىلەن سورايمەن.» [ئەبۇداۋۇد، تىرمىزى، ئىبنى ماجە ۋە ئەھمەد قاتارلىقلار رىۋايەت قىلغان]

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم يەنە مۇنداق دەيدۇ: «ئى قەلبلەرنى ئۆزگەرتكۈچى!» [تىرمىزى، ئەھمەد ۋە ھاكىم رىۋايەت قىلغان]

بۇنىڭدىن باشقا نۇرغۇن ھەدىسلەر بار.

**55 - سوئال:**

**الله تائالانىڭ گۈزەل ئىسىملىرىنىڭ دالالەتلىرى قانچە تۈرگە بۆلۈنىدۇ؟**

الله تائالانىڭ گۈزەل ئىسىملىرىنىڭ دالالەتلىرى ئۈچ تۈرگە بۆلۈنىدۇ. بىرىنچىسى: الله نىڭ ئۆز زاتىغا مۇناسىپ كېلىدىغان "ئۇيغۇن دالالەتلەر". ئىككىنچىسى: شۇ ئىسىملاردىن تۈرلىنىپ چىققان سۈپەتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان "بىرلەشمە دالالەتلەر". ئۈچىنچىسى: ئۇ ئىسىملاردىن تۈرلىنىپ چىقمايدىغان سۈپەتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان "ئەزەلىي دالالەتلەر".

**56- سوئال:**

**يۇقىرىقىلارنىڭ مىسالى قانداق؟**

الله تائالانىڭ "رەھمان" ۋە "رەھىم" ئىسىملىرى بۇنىڭ مىسالى بولالايدۇ. بۇ ئىسىملار شۇ ئىسىم بىلەن ئاتالغۇچىنىڭ، يەنى الله تائالانىڭ ئۆزىگە دالالەت قىلىدۇ. مانا بۇ، الله نىڭ ئۆز زاتىغا مۇناسىپ كېلىدىغان "ئۇيغۇن دالالەتتۇر". بۇ ئىسىملاردىن تۈرلىنىپ چىققان "رەھمەت" سۈپىتىنىڭ دالالىتى بولسا، شۇ سۈپەتنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان "بىرلەشمە دالالەتتۇر". الله

تائالانىڭ ”ھايات“ ۋە ”قۇدرەت“ كە ئوخشاش سۈپەتلىرىگە قارىتىلغان دالالەتلەر بولسا، يۇقىرىقى دالالەتلەردىن تۈرلىنىپ چىقمىغان ”ئەزەلىي دالالەتلەردۇر“.

ئەمما يارالغۇچىلار ئۇنداق بولمايدۇ. مەسىلەن، بىر بەندە ساۋاتسىز بولسىمۇ، ”ھېكمەت ئىگىسى“ دەپ ئاتىلىپ قالىدۇ. شۇنىڭغا ئوخشاش، زالىمنى ”ئادىل“، خارنى ”ئەزىز“، ئادەتتىكى كىشىلەرنى ”شەرەپلىك“، قەبىھ كىشىلەرنى ”كەرىم“، رەزىل ئىنسانلارنى ”سالىھ“، بەدبەخت كىشىنى ”سەئىد“، قورقۇنچاق كىشىلەرنى ”باتۇر“، ”پالۋان“، ”شىر“، ”يولۋاس“... دەپ ئاتىۋالىدىغان ئەھۋاللار ناھايىتى كۆپ ئۇچرايدۇ.

ئەمما الله ئۇنداق ئەمەس، ئۇ بولسا، ئۆزى سۈپەتلىگەن رەۋىشتە ۋە بەندىلىرى سۈپەتلىگەندىنمۇ يۈكسەك دەرىجىدىدۇر. ئى الله! سېنى بارلىق نۇقسانلاردىن پاك، مۇنەززەھ دەپ بىلىمىز ۋە دائىم ھەمدۇ سانا ئېيتىمىز.

## 57 ـ سوئال:

**الله تائالانىڭ گۈزەل ئىسىم ـ سۈپەتلىرى ”بىرلەشمە دالالەت“ جەھەتتىن قانچە تۈرگە بۆلۈنىدۇ؟**

تۆت تۈرگە بۆلۈنىدۇ. ئۇلار:

1. الله نىڭ بارلىق ئىسىم ـ سۈپەتلىرىنىڭ مەنىسى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان ۋە ئۇلۇغ الله نىڭ ئۆزىگە خاس ئىسمى بولغان ”الله“ لەۋزى. شۇڭا باشقا بارلىق ئىسىملىرى ئۇنىڭ سۈپىتى بولۇپ كېلىدۇ. مەسىلەن، ئۇلۇغ الله نىڭ: ﴿الله (ھەممىنى) ياراتقۇچىدۇر، (يوقلۇقتىن) پەيدا قىلغۇچىدۇر، (ھەممە نەرسىگە) سۈرەت (شەكىل) بېغىشلىغۇچىدۇر، ئەڭ چىرايلىق ئىسىملارغا

ئىگىدۇر.﴾[1] دېگەن ئايىتى ۋە بۇنىڭغا ئوخشاش باشقا ئايەتلىرىگە ئوخشاش. شۇنىڭ بىلەن بىرلىكتە، "الله" ئىسمى باشقا ھەرقانداق ئىسىمغا ھەرگىزمۇ قوشۇمچە قىلىنمايدۇ.

2. الله تائالانىڭ زاتى سۈپەتلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان ئىسىملىرى. مەسىلەن، الله نىڭ بارلىق ئاۋازلارنى ئاڭلاپ تۇرغۇچى مەنىسىگە ئىگە "سەمىئ" ئىسمىغا ئوخشاش. الله ئۈچۈن ئاۋازنىڭ مەخپى ـ ئاشكارىسىنىڭ پەرقى يوق. مەيلى ئۇ ئاۋاز نەقەدەر زەئىپ بولسۇن ياكى نەقەدەر كۈچلۈك بولسۇن، الله ھەممىنى ئاڭلاپ تۇرىدۇ.

بارلىق نەرسىنى كۆزىتىپ تۇرغۇچى مەنىسىدىكى "بەسىير" دېگەن ئىسمى، ھەممىنى بىلىپ تۇرغۇچى مەنىسىدىكى "ئالىم" ئىسمىمۇ شۇنداقتۇر. ﴿ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى زەررە چاغلىق نەرسە الله تىن يىراق ئەمەستۇر، ئۇنىڭ (يەنى زەررە)دىن كىچىكرەك بولسۇن، چوڭراق نەرسە بولسۇن، لەۋھۇلمەھپۇزدا خاتىرىلەنمىگىنى يوق.﴾[2]

يوقتىن بار قىلىش، باردىن يوق قىلىش مەنىسىدىكى "قادىر" ئىسمىمۇ ھەم شۇنداقتۇر.

3. خالىق (ياراتقۇچى)، رازىق (رىزىق بەرگۈچى)، بارى (ياراتقۇچى)، مۇسەۋۋىر (سۈرەت ۋە شەكىل بەرگۈچى) ۋە شۇلارغا ئوخشاش، الله نىڭ پېئىللىرىدىن بىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان ئىسىملىرى.

4. ئۇلۇغ الله نىڭ قۇددۇس (ھەرقانداق نۇقسانلاردىن مۇنەززەھ)، سالام (زات، سۈپەت ۋە پېئىللىرىدا ھەر تۈرلۈك كەمچىلىكتىن

[1] سۈرە ھەشر، 24 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[2] سۈرە سەبەئ، 3 ـ ئايەت.

خالىي) ئىسىملىرىغا ئوخشاش، بارلىق نۇقسانلاردىن خالىي ۋە ئۇلۇغ ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەپ بېرىدىغان ئىسىملىرى.

**58 ـ سوئال:**

**الله تائالانىڭ گۈزەل ئىسىم ـ سۈپەتلىرى ئۇلۇغ الله ھەققىدە ئىشلىتىلىش جەھەتتىن نەچچە تۈرگە بۆلۈنىدۇ؟**

بۇ ئىسىم سۈپەتلەرنىڭ بىر قىسمى مۇستەقىل ياكى باشقا ئىسىم ـ سۈپەتلەر بىلەن قوشۇپ ئىشلىتىلىدۇ. بۇلار قايسى شەكىلدە ئىشلىتىلسە ئىشلىتىلسۇن، الله نىڭ مۇكەممەللىك سۈپىتىنى ئىپادىلەپ بېرىدىغان ئىسىملاردۇر. مەسىلەن، قەييۇم، ئەھەد، سەمەد ۋە باشقىلار.

بىر قىسمى پەقەت باشقا ئىسىم ـ سۈپەتلەر بىلەن قوشۇپ ئىشلىتىلىدۇ. بۇ ئىسىملار مۇستەقىل ئىشلىتىلگەن تەقدىردە، الله نىڭ مۇكەممەللىك سۈپىتىنى ئىپادىلەپ بېرەلمەيدۇ. مەسىلەن، ئەددار (زىيان يەتكۈزگۈچى)، ئەن نافى (پايدا يەتكۈزگۈچى)، ئەل ھافىز (خورلىغۇچى)، ئەررافى (ھۆرمەتلىگۈچى)، ئەل مۇئتى (بەرگۈچى)، ئەل مانىئ (بەرمىگۈچى، توسقۇچى)، ئەل مۇئىز (ئەزىزلىگۈچى) ئەل مۇزئىل (خارلىغۇچى) ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش ئىسىملار. ئەددار، ئەل ھافىز، ئەل مۇئتى، ئەل مۇزئىل ئىسىملىرىنىڭ مۇستەقىل (يالغۇز) شەكىلدە ئىشلىتىلىشى جائىز ئەمەس. چۈنكى بۇ ئىسىملار قۇرئان، سۈننەت، ۋەھيىلەرنىڭ ھېچقايسىسىدا يالغۇز ئىشلىتىلمىگەن. ئۇلۇغ ئاللاھنىڭ ئەل مۇنتەقىم (ئىنتىقام ئالغۇچى) ئىسمىمۇ شۇلاردىن بىرى بولۇپ، بۇ ئىسىم يا قۇرئاندا بايان قىلىنغان: ﴿بىز گۇناھكارلارنى چوقۇم جازالايمىز (ئىنتىقام ئالىمىز).﴾[1] شەكلى

[1] سۈرە سەجدە 22 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

بىلەن ياكى ئۈنىڭدىن تۆرلەنگەن: " ذُوْ (ئىگە، - غوجى، - قوجى)" قوشۇمچىسى بىلەن بىللە ئىشلىتىلىپ كەلمەكتە. مەسىلەن، الله نىڭ: ﴿الله غالىبتۇر، (يامانلارنى) جازالىغۇچىدۇر (ئىنتىقام ئالغۇچىدۇر).﴾[1] دېگەن ئايىتىدە كەلگەنگە ئوخشاش.

## 59 - سوئال:

**يۇقىرىدا الله تائالانىڭ "زاتى سۈپەتلىرى" ۋە "پېئىلى سۈپەتلىرى" ھەققىدە توختالدۇق، ئۇنداقتا، "زاتى سۈپەتلىرى" نىڭ قۇرئاندىكى مىساللىرى قايسىلار؟**

الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ:

﴿ئەمەلىيەتتە الله نىڭ ئىككى قولى ئوچۇقتۇر.﴾[2]

﴿الله نىڭ زاتىدىن باشقا بارلىق نەرسە يوقىلىدۇ.﴾[3]

﴿ئەزىمەتلىك ۋە كەرەملىك پەرۋەردىگارىڭنىڭ زاتى مەڭگۈ قالىدۇ.﴾[4]

﴿مېنىڭ قوغدىشىم ئاستىدا تەربىيىلىنىشىڭ ئۈچۈن، ساڭا مەن تەرەپتىن بولغان مۇھەببەتنى سالدىم.﴾[5]

﴿الله نىڭ كۆرۈشى نېمىدېگەن مۇكەممەل! الله نىڭ ئاڭلىشى نېمىدېگەن مۇكەممەل!﴾[6]

---

[1] سۈرە ئال ئىمران 4 – ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[2] سۈرە مائىدە، 64 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[3] سۈرە قەسەس، 88 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[4] سۈرە رەھمان، 27 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[5] سۈرە تاھا، 39 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[6] سۈرە كەھف، 26 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

﴿مەن ھەقىقەتەن سىلەر بىلەن بىللە (ئۇنىڭ سىلەرگە بەرگەن جاۋابىنى) ئاڭلاپ تۇرىمەن، (ئۇنىڭ سىلەرگە قىلىدىغانلىرىنى) كۆرۈپ تۇرىمەن.﴾[1]

﴿الله ئۇلارنىڭ ئالدىدىكىنى ۋە كەينىدىكىنى بىلىدۇ، ئۇلار بولسا ئۇنى بىلمەيدۇ.﴾[2]

﴿الله مۇساغا (بىۋاستە) سۆز قىلدى.﴾[3]

﴿ئۆز ۋاقتىدا پەرۋەردىگارىڭ مۇساغا نىدا قىلدى: «سەن زالىم قەۋمگە بارغىن.»﴾[4]

﴿ئۇلارنىڭ پەرۋەردىگارى (ئۇلارغا كايىپ): «مەن سىلەرگە بۇ دەرەخنى (يەنى مېۋىسىنى) يېيىشنى مەنئى قىلمىغانمىدىم؟...» دەپ نىدا قىلدى.﴾[5]

﴿ئۇ كۈندە الله ئۇلارغا نىدا قىلىپ ئېيتىدۇ: «پەيغەمبەرلەرگە نىمە بىلەن جاۋاب بەردىڭلار؟»﴾[6]

## 60 ـ سوئال:

## الله تائالانىڭ "زاتى سۈپەتلىرى" نىڭ ھەدىستىكى مىساللىرى قايسىلار؟

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دەيدۇ: «الله نىڭ پەردىسى نۇردىن بولۇپ، ئەگەر ئۇ پەردە ئېچىلىپ كەتسە، الله نىڭ كۆزى يەتكەن يەرگىچە زېمىن يۈزىدىكى مەخلۇقاتلارنىڭ

[1] سۈرە تاھا، 46 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[2] سۈرە تاھا، 110 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[3] سۈرە نىسا، 164 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[4] سۈرە شۇئەرا، 10 ـ ئايەت.
[5] سۈرە ئەئراف، 22 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[6] سۈرە قەسەس، 65 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

ھەممىسى كۆيۈپ كېتىدۇ.» [مۇسلىم ۋە ئىبنى ماجىە رىۋايەت قىلغان]

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم يەنە مۇنداق دەيدۇ: «الله تائالانىڭ ئوڭ قولى (مۈلكى) توشۇق بولۇپ، كېچە - كۈندۈز سېخىيلىق بىلەن سەرپ قىلسىمۇ كەملەپ قالمايدۇ. قاراپ باقماسىلەر، ئاسمان - زېمىن يارىتىلغاندىن بۇيان سەرپ قىلىپمۇ مۈلكىدىن ۋە سۇ ئۈستىدىكى ئەرشىدىن بىرەر نەرسىمۇ كەملەپ قالمىدى. الله تائالانىڭ يەنە بىر قولى بېرىدىغان ۋە ئالىدىغان بولۇپ، خالىغىنىنىڭ مەرتىۋىسىنى يۇقىرى ياكى تۆۋەن قىلىدۇ.»

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم دەججال ھەققىدىكى ھەدىسىنىڭ بىر قىسمىدا: «ھەقىقەتەن الله سىلەرگە مەخپى بولمايدۇ، ھەقىقەتەن الله نىڭ بىر كۆزى كور ئەمەس» دەپ، ئۆزىنىڭ كۆزىگە ئىشارەت قىلدى.

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئىستىخارە ھەققىدىكى ھەدىسىدە مۇنداق دېگەن: «ئى الله! مەن سېنىڭ ئىلمىڭ بىلەن بۇ ئىشمىنىڭ ياخشى بولۇشىنى تەلەپ قىلىمەن، ماڭا ياخشى تەقدىر ئاتا قىلغىن! ماڭا ياخشى نېئمەتلىرىڭنى ئاتا قىلغىن! سەن ھەممىگە قادىر سەن، مەن بولسام ئاجىزمەن، سەن ھەممىنى بىلىسەن، مەن بولسام، سەن بىلدۈرگەندىن باشقىنى بىلمەيمەن، سەن غەيبنى بىلگۈچىسەن.» [بىرلىككە كەلگەن ھەدىس]

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم يەنە بىر ھەدىستە مۇنداق دەيدۇ: «سىلەر گاس ياكى غەيبكە ئەمەس، بەلكى ئاڭلاپ تۇرغۇچى، كۆرۈپ تۇرغۇچى ۋە يېقىن زات (الله) قا دۇئا قىلىۋاتىسىلەر.» [بىرلىككە كەلگەن ھەدىس]

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم يەنە مۇنداق دەيدۇ: «ئەگەر الله تائالا بىرەر ئىشنى بىلدۈرۈپ قويماقچى بولسا، ئۇ ۋەھيى

بىلەن سۆزلەيدۇ». [بۇخارى، تىرمىزى، ئەبۇداۋۇد قاتارلىقلار رىۋايەت قىلغان]

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم قىيامەت ھەققىدىكى ھەدىستە مۇنداق دېگەن: «الله تائالا: ئى ئادەم! ـ دېسە، ئۇ: مەن ھازىر! ـ دەيدۇ.» [بىرلىككە كەلگەن ھەدىس]

بۇلاردىن باشقا، الله تائالانىڭ بەندىلەرگە بەزى ئورۇنلاردا، جەننەت ئەھلىگە ۋە باشقىلار سۆزلەيدىغانلىقى ھەققىدە كەلگەن نۇرغۇن ھەدىسلەر بار.

**61 ـ سوئال:**

**الله تائالانىڭ "يېئىلى سۈپەتلىرى" نىڭ قۇرئاندىكى مىساللىرى قايسىلار؟**

الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ:

﴿ئاندىن ئاسمانىنى يارىتىشقا يۈزلىنىپ﴾[1]

﴿ئۇلار (يەنى ئىسلامغا كىرىشنى تەرك ئەتكەنلەر) پەقەت الله نىڭ (قىيامەت كۈنى خالايىقنىڭ ئارىسىدا ھۆكۈم چىقىرىشى ئۈچۈن) بۇلۇت پارچىلىرى ئىچىدە كېلىشىنى كۈتەمدۇ؟﴾[2]

﴿ئۇلار الله نى ھەقىقىي رەۋىشتە تونۇمىدى. قىيامەت كۈنى زېمىن پۈتۈنلەي الله نىڭ چاڭگىلىدا بولىدۇ، ئاسمانلار الله نىڭ ئوڭ قولىدا قاتلىنىپ تۇرىدۇ.﴾[3]

﴿ئى ئىبلىس! مەن ئۆز قولۇم بىلەن ياراتقان ئىنسانغا سەجدە قىلىشتىن ساڭا نېمە توسقۇنلۇق قىلدى؟﴾[1]

---

[1] سۈرە بەقەرە، 29 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[2] سۈرە بەقەرە، 210 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[3] سۈرە زۇمەر، 67 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

﴿بىز ئۇنىڭ ئۈچۈن (تەۋرات) تاختىلىرىغا (ئىسرائىل ئەۋلادى دىنىدا موھتاج بولغان) ۋەز ـ نەسىھەت، (دىنىي) ئەھكاملارنىڭ ھەممىسىنى تەپسىلىي يازدۇق.﴾[2]

﴿پەرۋەردىگارى تاغقا تەجەللى قىلىش بىلەن، تاغنى تۈپتۈز قىلىۋەتتى.﴾[3]

﴿اللّٰه خالىغىنى قىلىدۇ، (اللّٰه قا ھېچ كىشى تەئەررۇز قىلالمايدۇ)﴾[4]

## 62 ـ سوئال:

**اللّٰه تائالانىڭ "پېئىلى سۈپەتلىرى" نىڭ ھەدىستىكى مىسالى قايسىلار؟**

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دەيدۇ: «پەرۋەردىگارىمىز ھەر كۈنى كېچىنىڭ ئۈچتىن بىر قىسمى قالغاندا دۇنيانىڭ ئاسمىنىغا چۈشىدۇ....» [بىرلىككە كەلگەن ھەدىس]

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم شاپائەت ھەققىدىكى ھەدىستە مۇنداق دەيدۇ: «اللّٰه تائالا ئۇلارنىڭ قېشىغا ئۇلار بىلىدىغان شەكىلدە كېلىپ: "مەن سىلەرنىڭ پەرۋەردىگارىڭلار" دەيدۇ. ئۇلارمۇ: "سەن بىزنىڭ پەرۋەردىگارىمىز" دەيدۇ...» [بىرلىككە كەلگەن ھەدىس]

بىلىۋېلىشقا تېگىشلىك مەسىلە، بىزنىڭ دېمەكچى بولغىنىمىز كېلىشنىڭ شەكلى بولۇپ، ئۇنىڭ سۈرىتى ئەمەس.

---

[1] سۈرە ساد، 75 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[2] سۈرە ئەئراف، 145 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[3] سۈرە ئەئراف، 143 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[4] سۈرە ھەج، 18 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم يەنە مۇنداق دەيدۇ: «شەك ـ شۈبھىسىزكى قىيامەت كۈنى الله تائالا زېمىننى يىغىۋالىدۇ. ئاسمانلار ئوڭ قولىدا بولىدۇ، ئاندىن: ”مەن پادىشاھ“ دەيدۇ...» [بىرلىككە كەلگەن ھەدىس]

يەنە بىر ھەدىستە پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دەيدۇ: «الله تائالا مەخلۇقاتلارنى ياراتقان چاغدا ئۆز قولى بىلەن: ” مېنىڭ رەھمىتىم چوقۇم غەزىپىمنى بېسىپ چۈشىدۇ“ دەپ ئۆز نەپسىگە يازغان.» [بىرلىككە كەلگەن ھەدىس]

ئادەم ئەلەيھىسسالام بىلەن مۇسا ئەلەيھىسسالام ئارىسىدىكى دىئالوگ ھەققىدىكى ھەدىستە پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «ئادەم ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېدى: ئى مۇسا! الله تائالا سېنى ئۆز كالامى ئارقىلىق ئالاھىدە قىلدى، تەۋراتنى ئۆز قولى بىلەن يېزىپ بەردى...» [بىرلىككە كەلگەن ھەدىس]

دېمەك، الله تائالانىڭ كالامى ۋە قولى ”زاتى سۈپىتى“، سۆز قىلىشى ”ھەم زاتى ھەم پېئىلى سۈپىتى“، تەۋراتنى يېزىشى بولسا ”پېئىلى سۈپىتى“ دۇر.

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دەيدۇ: «ھەقىقەتەن الله تائالا كىشىلەرنىڭ كۈندۈزى ئۆتكۈزۈپ قالغان گۇناھلىرىغا تەۋبە قىلىۋېلىشى ئۈچۈن كېچىسى قولىنى ئاچىدۇ، كېچىسى ئۆتكۈزۈپ قالغان گۇناھىغا تەۋبە قىلىۋېلىشى ئۈچۈن كۈندۈزى قولىنى ئاچىدۇ....» [مۇسلىم رىۋايەت قىلغان]

بۇ ھەقتە بۇلاردىن باشقىمۇ نۇرغۇن ھەدىسلەر بار.

**63 ـ سوئال:**

## "پېئىلى سۈپەتلەر" نىڭ ھەممىسىدىن ئىسىم تۈرلىنەمدۇ ياكى الله نىڭ گۈزەل ئىسىملىرىنىڭ ھەممىسى تەۋقىفىيمۇ[1]؟

الله تائالانىڭ بارلىق گۈزەل ئىسىملىرى تەۋقىفىي بولۇپ، پەقەت الله تائالا ئۆزى قۇرئان كەرىمدە ئاتىغان ياكى پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم تىلغا ئالغان ئىسىملارنىلا كۆرسىتىدۇ. الله نى بۇندىن باشقا ئىسىملار بىلەن سۈپەتلەشكە بولمايدۇ. الله تائالانىڭ ئۆزىگە مۇتلەق رەۋىشتە نىسبەت بەرگەن ھەرقانداق ئىش - ھەرىكىتىنى ئۇنى مەدھىيىلەش ۋە كامالىتىنى كۆرسىتىپ بېرىش سۈپىتىدە قوللىنىشقا بولىدۇ. الله تائالانىڭ ھەممە ئىش – ھەرىكىتىدىن ئىسىم تۈرلەپ چىقىشقا بولمايدۇ. ئەمما الله تائالا ئۆز ئىش – ھەرىكەتلىرىنىڭ بەزىلىرى بىلەن ئۆزىنى مۇتلەق رەۋىشتە سۈپەتلىگەن. ئەنە شۇلاردىن ئىسىم تۈرلەشكە ۋە ئىسىم سۈپىتىدە قوللىنىشقا بولىدۇ. تۆۋەندىكى ئايەت بۇنىڭ مىسالىدۇر. الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿الله سىلەرنى خەلق ئەتتى، ئاندىن سىلەرگە رىزىق بەردى. ئاندىن سىلەرنى قەبزى روھ قىلىدۇ، ئاندىن سىلەرنى تىرىلدۈرىدۇ.﴾[2]

مانا بۇ ئايەتتە الله تائالا ئۆزىنى خالىق (ياراتقۇچى)، ئەررەززاق (رىزىق بەرگۈچى)، ئەلمۇھيى (تىرىلدۈرگۈچى)، ئەلمۇمىت (ئۆلتۈرگۈچى)، ئەلمۇدەببىر (ئىدارە قىلغۇچى) دەپ ئاتىغان.

الله تائالانىڭ بەزى ئىسىملىرى ئۇنىڭ مەخلۇقاتلارنىڭ ئۆزىگە قارىتا ئېلىپ بارغان قىلمىشلىرىنى جازالاش ياكى ئۇلارغا شۇ قىلمىشنىڭ ئوخشىشىنى قىلىش ھەرىكىتىدىن ئىبارەتتۇر. بۇلارمۇ

[1] تەۋقىفىي ئىسىملار – الله تائالا ۋە پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم تەرىپىدىن سۈپەتلىنىپ بېكىتىۋېتىلگەن مۇقىم ئىسىملاردۇر.

[2] سۈرە رۇم، 40 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

ئۆز ئىچىگە ئالغان مەنىسى ئېتىبارى بىلەن الله تائالانى مەدھىيىلەش ۋە ئۇنى ئۇلۇغلۇقتا كامالەتكە يەتكۈزۈشنى ئىپادىلەپ بېرىدۇ.

تۆۋەندىكى ئايەتلەر بۇنىڭ مىسالىدۇر. الله تائالا مۇنداق دەيدۇ:

﴿مۇناپىقلار الله نى ئالدىماقچى بولۇشىدۇ. ۋەھالەنكى الله ئۇلارنى ئالدامچىلىقىغا يارىشا ئالداپ جازالايدۇ.﴾[1]

﴿ئۇلار مىكىر ئىشلەتتى (يەنى ئىسا ئەلەيھىسسالامنى ئۆلتۈرمەكچى بولدى). الله ئۇلارغا مىكىر ئىشلەتتى (ئىسا ئەلەيھىسسالامنى قۇتقۇزۇپ، ئاسمانغا ئېلىپ چىقىپ كەتتى). الله مىكىر قىلغۇچىلارنىڭ ئەڭ ئۈستۈنىدۇر.﴾[2]

﴿ئۇلار الله نى ئۇنتۇدى (يەنى الله نىڭ تائىتىنى تەرك ئەتتى)، الله مۇ ئۇلارنى ئۇنتۇدى.﴾[3]

بۇ سۈپەتلەر پەقەت مۇشۇ ئايەتكە ئوخشاش، مۇناسىپ كەلگەن ئورۇنلاردىلا ئاتىلىدۇ. ھەرگىزمۇ الله تائالانى ئالدايدۇ، مىكىر قىلىدۇ ۋە مەسخىرە قىلىدۇ دېگەنگە ئوخشاش سۈپەتلەر بىلەن سۈپەتلەشكە ياكى الله تائالانى ئالدامچى، مىكىر قىلغۇچى ۋە مەسخىرە قىلغۇچى دېيىشكە بولمايدۇ. بۇنى ھەرقانداق مۇسۇلمان ۋە ئەقىل ئىگىسى قوبۇل قىلمايدۇ.شۈبھىسىزكى، الله تائالا ئۆزىنى يۇقىرىقى سۈپەتلەر بىلەن پەقەت شۇ قىلمىشلارنى ناھەق قىلغان شەخسلەرگە جازا بېرىش ئۈچۈنلا سۈپەتلىدى. ھەممەيلەنگە مەلۇمكى، جازانى شۇ قىلمىشنىڭ ئۆزى بىلەن بېرىش ناھايىتى ئادىللىق بولىدۇ. ئۇنداق بولغانىكەن، ھەممىنى بىلىپ تۇرغۇچى، ئەڭ ئادىل ۋە ھەممىنى ھېكمەت بىلەن قىلغۇچى زات نېمە ئۈچۈن شۇنداق قىلمايدىكەن؟!

---

[1] سۈرە نىسا، 142 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[2] سۈرە ئال ئىمران، 54 ـ ئايەت.
[3] سۈرە تەۋبە، 67 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

**64 - سوئال:**

**الله تائالانىڭ يۈكسەك، ئۈستۈن ۋە ھەممىدىن غالىب دېگەن سۈپەتلىرى نېمىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ؟**

الله تائالانىڭ يۈكسەك، ئۈستۈن ۋە ھەممىدىن غالىب دېگەن ئىسمى شۇ ئىسمىدىن تۈرلىنىپ چىققان سۈپەتلەرنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ سۈپەتلەر الله تائالانىڭ ئالىيلىقىنى، ئۆز ئەرشىنىڭ ئۈستىدە بەرقارار ئىكەنلىكىنى، پۈتۈن مەخلۇقاتلىرىدىن ئۇلۇغلۇقىنى ۋە ئۇلارنىڭ قىلىۋاتقان ئىشلىرىنى بىلىپ، نازارەت قىلىپ تۇرىدىغانلىقىنى، ئۇلارنىڭ ھەرقانداق ئىشلىرىنى بىلىپ تۇرىدىغانلىقىنى، ھەر قانداق مەخپىي نەرسىنىڭ الله تائالانىڭ ئىلمىنىڭ سىرتىدا ئەمەسلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

الله تائالا ھەممىدىن غالىپلىقتا ئۈستۈندۇر. دېمەك، ئۇنىڭغا ھېچقانداق غالىپ كەلگۈچى، ئورۇن تالاشقۇچى، قارشىلاشقۇچى ۋە ئۇنى توسقۇچى يوق. بەلكى ھەرقانداق نەرسە ئۇنىڭ كاتتىلىقىغا بويۇن ئەگكۈچىدۇر، ئۇنىڭ ئىززەت ـ ھۆرمىتى ئالدىدا خاردۇر. ئۇنىڭ ئىسىللىقىغا تىز چۆككۈچىدۇر ۋە ئۇنىڭ باشقۇرۇشى، بىر تەرەپ قىلىشى ئاستىدا بولۇپ، ئۇنىڭ ھوقۇق دائىرىسىدىن ھېچ يەرگە چىقالمايدۇ.

نامى (شەنى) ھەممىدىن ئۈستۈندۇر. دېمەك، بارلىق مۇكەممەللىكنى بىلدۈرىدىغان سۈپەتلەر الله قا خاستۇر ۋە بارلىق كەمچىلىكنى بىلدۈرىدىغان سۈپەتلەردىن الله تائالا پاك ۋە مۇنەززەھتۇر. ئەززە ۋە جەللە ۋە تەبارەكە ۋە تائالا دېگەن سۈپەتلەرنىڭ ھەممىسى الله تائالانىڭ يۈكسەك دېگەن سۈپىتى بىلەن مەنىداش بولۇپ، ئۇلار بىر ـ بىرىدىن ئايرىلمايدۇ.

**65 - سوئال:**

**ﷲ تائالانىڭ ”يۇكسەك“ سۈپىتىنىڭ ”ئۈستىدە“ دېگەن مەنىنى بېرىدىغانلىقىنىڭ قۇرئان كەرىمدىكى دەلىللىرى قايسىلار؟**

بۇنىڭ ساناپ تۈگەتكۈسىز دەرىجىدە كۆپ ھەم ئېنىق دەلىللىرى بار بولۇپ، تۆۋەندىكى ئايەتلەر شۇلاردىندۇر. ﷲ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

﴿مەرھەمەتلىك ﷲ ئەرش ئۈستىدە (ئۆزىگە لايىق رەۋىشتە ) قارار ئالدى.﴾[1]

﴿(ئى كۇففارلار!) ئاسماندىكى زاتنىڭ يەر تەۋرىگەن چاغدا سىلەرنى يەرگە يۇتقۇزۇۋېتىشىدىن قورقمامسىلەر؟ ياكى ئاسماندىكى زاتنىڭ سىلەرگە تاش ياغدۇرۇشىدىن قورقمامسىلەر؟﴾[2]

﴿ئۇلار ئۆز ئۈستىدىكى پەرۋەردىگارىدىن قورقىدۇ.﴾[3]

﴿ياخشى سۆز ﷲ نىڭ دەرگاھىغا ئۆرلەيدۇ، ياخشى ئەمەل ئۇنى كۆتۈرىدۇ.﴾[4]

﴿پەرىشتىلەر ۋە روھ (يەنى جىبرىئىل) اللــه قا شۇنداق بىر كۈندە ئۆرلەيدۇكى...﴾[5]

﴿ﷲ ئاسماندىن زېمىنغىچە بولغان (مەخلۇقاتىنىڭ) ئىشلىرىنى ئىدارە قىلىپ تۇرىدۇ.﴾[6]

﴿ئى ئىسا! مەن سېنى (ئەجىلىڭ يەتكەندە) قەبزى روھ قىلىمەن، سېنى دەرگاھىمغا كۆتۈرىمەن (يەنى ئاسمانغا ئېلىپ چىقىمەن)﴾[1]

[1] سۈرە تاھا، 5 ـ ئايەت.
[2] سۈرە مۇلۇك، 16 ـ ۋە 17 ـ ئايەتلەر.
[3] سۈرە نەھل، 50 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[4] سۈرە فاتىر، 10 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[5] سۈرە مەئارىج، 4 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[6] سۈرە سەجدە، 5 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

**66 ـ سوئال:**

**بۇنىڭ ھەدىستىكى دەلىللىرى قايسىلار؟**

**بۇ ھەقتە كەلگەن ھەدىسلەرمۇ ناھايىتى كۆپتۇر.**

**پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم تاغ تېكىلىرى ھەققىدىكى ھەدىسىنىڭ داۋامىدا مۇنداق دەيدۇ: «الله نىڭ ئەرشى ئۇنىڭ ئۈستىدە بولىدۇ. الله ئەرشىنىڭ ئۈستىدە بولۇپ، پەرىشتىلەرگە يەتتە قات ئاسمانىنىڭ ئۈستىدە ھۆكۈم قىلىدۇ.»[2]**

**يەنە بىر ھەدىستە پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىر دېدەكتىن: «الله قەيەردە؟» دەپ سورىدى. دېدەك: ئاسماندا ـ دېدى. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «ئۇنى ئازات قىلىۋەتكىن، شەك ـ شۈبھىسىزكى ئۇ مۇئمىن قىز ئىكەن» دېدى[3]**

**مىئراج ھەققىدىكى ھەدىسىنىڭ داۋامىدا پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم پەرىشتىلەرنىڭ داۋاملىق خاتىرىلەپ تۇرىدىغانلىقىنى سۆزلەپ كېلىپ مۇنداق دەيدۇ: «ئاندىن سىلەرنىڭ يېنىڭلاردا كېچىچە قالغان پەرىشتە يۇقىرىغا( الله نىڭ دەرگاھىغا) ئۆرلەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن، گەرچە الله تائالا ئۇلاردىن ئوبدان بىلسىمۇ، يەنە ئۇلاردىن سورايدۇ...»[4]**

**پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم يەنە مۇنداق دەيدۇ: «بىر كىشى ھالال كەسىپ قىلىپ، ئۇنىڭدىن يېرىم تال خورما**

---

[1] سۈرە ئال ئىمران، 55 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

[2] بۇ ھەدىسنى ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى، ئىبنى ماجە قاتارلىقلار رىۋايەت قىلغان بولۇپ، ھەممىسى بۇ ھەدىسكە ئاجىز ھەدىس دەپ باھا بەرگەن.

[3] ئىمام مۇسلىم، مالىك، ئەھمەد ۋە ئەبۇداۋۇد رىۋايەت قىلغان.

[4] بىرلىككە كەلگەن ھەدىس.

چاغلىق نەرسە سەدىقە قىلسا ـ الله تائالاغا ھالالدىن باشقىسى كۆتۈرۈلمەيدۇ ـ . . . »[1].

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم يەنە مۇنداق دەيدۇ: «الله تائالا ئاسماندا بىرەر ئىشقا ھۆكۈم قىلغاندا، پەرىشتىلەر الله تائالانىڭ سۆزىگە بويسۇنغان ھالەتتە قاناتلىرىنى قېقىپ كېتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن، خۇددى تاشقا زەنجىرنى ئۇرغاندەك ئاۋازلار چىقىپ كېتىدۇ. . . »[2]

بۇ مەسىلە (الله نىڭ ئاسماندا ئىكەنلىكى) گە جەھمىيە پىرقىسىدىن باشقا بارلىق مۇسۇلمانلار بىرلىككە كەلگەن.

**67 ـ سوئال:**

**الله تائالانىڭ قارار ئېلىش مەسلىگە سەلەپ ئۆلىمالىرى قانداق قارايدۇ؟**

ئۆلىمالار ھەممىسىنىڭ بىردەك قارىشى شۇكى، الله نىڭ ئەرشتە قارار ئېلىش مەسلىسى ئېنىق، لېكىن قانداقلىقى ئەقىل ئارقىلىق بىلىنمەيدۇ، ئۇنىڭغا ئىشىنىش ۋاجىپ، ئۇ ھەقتە سوراش بىدئەت، الله تائالا ئەۋەتىدۇ، پەيغەمبەر يەتكۈزىدۇ ۋە بىز ئۇنىڭغا شەرتسىز بويسۇنىمىز. مانا بۇ، ئۆلىمالارنىڭ الله تائالانىڭ ئىسىم ـ سۈپەتلىرى كەلگەن ئايەت، ھەدىسلەر ھەققىدىكى كۆز قارىشىدۇر. ﴿ئۇنىڭغا ئىشەندۇق، ھەممىسى پەرۋەردىگارىمىز تەرىپىدىن نازىل بولغان.﴾[3] ﴿الله قا ئىمان ئېيتتۇق، گۇۋاھ بولغىنكى، بىز (پەيغەمبەرلىكىڭگە) بويسۇنغۇچىلارمىز.﴾[4]

---

[1] بىرلىككە كەلگەن ھەدىس.
[2] بىرلىككە كەلگەن ھەدىس.
[3] سۈرە ئال ئىمران، 7 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[4] سۈرە ئال ئىمران، 25 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

**68 ـ سوئال:**

**اللہ نىڭ قاھىرلىق سۈپىتىدىكى ئۈستۈنلۈكنىڭ قۇرئان كەرىمدىكى دەلىللىرى قايسىلار؟**

**اللہ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ:**

**﴿اللہ بەندىلىرىنىڭ ئۈستىدە قاھىردۇر.﴾[1] بۇ ئايەتتىكى ئۈستۈنلۈك ھېسسىي ۋە مەنىۋىي جەھەتتىكى ئۈستۈنلۈكنى كۆرسىتىدۇ.**

**﴿اللہ (بالا تۇتۇشتىن) پاكتۇر، ئۇ قاھىر (غالىب) بىر اللہ تۇر.﴾[2]**

**﴿بۈگۈن پادىشاھلىق كىمگە خاس؟ قەھھار (غالىب) بىر اللہ قا خاستۇر.﴾[3]**

**﴿مەن پەقەت بىر ئاگاھلاندۇرغۇچىمەن، قەھھار (غالىب) بىر اللہ تىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوقتۇر.﴾[4]**

**﴿اللہ نىڭ باشقۇرۇشىدا بولمىغان بىرمۇ مەخلۇق يوقتۇر.﴾[5]**

**﴿ئى جىنلار ۋە ئىنسانلار جامائەسى! ئەگەر سىلەر (اللہ نىڭ قازاسىدىن قېچىپ) ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىنىنىڭ چېگرىلىرىدىن ئۆتۈپ كېتەلىسەڭلار، ئۆتۈپ كېتىڭلار. سىلەر پەقەت قۇۋۋەت بىلەن ئۆتۈپ**

---

[1] سۈرە ئەنئام، 18 ـ ۋە 61 ـ ئايەتلەرنىڭ بىر قىسمى.
[2] سۈرە زۇمەر، 4 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[3] سۈرە غافىر، 16 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[4] سۈرە ساد، 65 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[5] سۈرە ھۇد، 56 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

كىتەلەيسىلەر (لىكىن سىلەرگە مۇنداق قۇۋۋەت قەيەردىن كەلسۇن؟)﴾[1]

## 69 ـ سوئال:

**اللہ نىڭ قاھىرلىق سۈپىتىدىكى ئۇستۇنلۇكىنىڭ ھەدىس شىرىپتىكى دەلىللىرى قايسىلار؟**

بۇنىڭ ھەدىس شىرىپتىكى دەلىللىرى ناھايىتى كۆپتۇر.

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: «(ئى اللہ!) ساڭا سىغىنىپ بارلىق ھايۋانلارنىڭ يامانلىقىدىن پاناھ تىلەيمەن. سەن ئۇلارنىڭ كوكۇلىسىدىن تۇتقۇچىدۇرسەن.»[2]

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دەيدۇ: «ئى اللہ! مەن سىنىڭ بەندەڭدۇرمەن، سىنىڭ بەندەڭنىڭ ئوغلىدۇرمەن، سىنىڭ دىدىكىڭنىڭ ئوغلىدۇرمەن، مىنىڭ كوكۇلام سىنىڭ قولۇڭدىدۇر، سىنىڭ ھۆكمىڭ مەندە جارى بولغۇسىدۇر، سىنىڭ مەن توغرۇلۇق چىقارغان ھۆكمىڭ مۇتلەق ئادىلدۇر.»[3]

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم يەنە مۇنداق دەيدۇ: «سەن ھۆكۈم قىلىسەن. سىنىڭ ئۇستۇڭدىن ھۆكۈم قىلغۇچى يوق. سەن ياخشى كۆرگەن ئادەم خار بولمايدۇ. سەن دۈشمەن تۇتقان ئادەم ئەزىز بولمايدۇ.»[4]

## 70 ـ سوئال:

---

[1] سۈرە رەھمان، 33 ـ ئايەت.

[2] بىرلىككە كەلگەن ھەدىس.

[3] بىرلىككە كەلگەن ھەدىس.

[4] نەسەئى، ئەبۇداۋۇد، ئىبنى ماجەھ، ھاكىم ۋە ئەھمەد قاتارلىقلار رىۋايەت قىلغان.

**الله تائالانىڭ شەنىنىڭ ئۇلۇغلۇقىنىڭ دەلىلى نىمە؟ ئۇلۇغ الله نى پاك دەپ بىلىشىمىز زۆرۈر بولغان سۈپەتلەر قايسىلار؟**

الله تائالانىڭ شەنىنىڭ ئۇلۇغلىقى، ئۇنىڭ القُدوسُ: پاكتۇر (يەنى ھەممە نۇقساندىن پاكتۇر)؛ السلامُ: (مۇئمىنلەرگە) سالامەتلىك بېغىشلىغۇچىدۇر؛ الكَبيرُ: ھەممىدىن بۈيۈكتۇر؛ المُتعالي: ھەممىدىن ئۈستۈندۇر دېگەن سۈپەتلىرىنى ۋە بۇ مەنادىكى كامالەتنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان بارلىق سۈپەتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

شۇڭا الله تائالا ئۆز ئىگىدارچىلىقىغا ياكى ئىگىدارچىلىقىنىڭ بىرەر قىسمىغا ئىگە بولۇشتا ياكى ياردەمچى بولۇش، ئۇنىڭ ئىزنىسىز بىرسىگە شاپائەت قىلىش، بىرەرسىنى پاناھىغا ئېلىش قاتارلىق ئىشلاردا (ھېچقانداق شېرىكى يوق) يېگانىدۇر.

الله تائالا ئۆزىنىڭ كاتتىلىقىدا، كاتتا پادىشاھلىقىدا، ھەممىنى قەھرى بىلەن تىزگىنلەپ تۇرۇشىدا بىرەر قارشىلاشقۇچىنىڭ، غالىب كەلگۈچىنىڭ ياكى كۈچى يەتمەسلىكتىن بىرەر دوست ۋە ياردەمچىسىنىڭ بولۇشىدىن پاك ۋە مۇنەززەھتۇر.

الله تائالانىڭ سەمەدلىك (بارلىق مەخلۇقاتلار ئۇنىڭغا موھتاج بولىدىغان) سۈپىتى بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنىڭ ھەمراھى، پەرزەنتى، ئاتىسى ۋە تەڭدىشى بولۇشتىن پاك ۋە مۇنەززەھتۇر.

الله تائالا ھايات، بارلىق ئىشلارنى ئۆزى ئىدارە قىلىپ تۇرۇش ۋە قۇدرەتتە كامالەت ئىگىسى بولغانلىقى ئۈچۈن ئۆلۈم، مۈگدەپ قېلىش، ئۇخلاپ قېلىش ۋە ھېرىپ - چارچاش قاتارلىق سۈپەتلەردىن پاك ۋە مۇنەززەھتۇر.

الله تائالا كامالى ئىلىملىك سۈپىتى بىلەن غەپلەتتە قېلىشتىن، ئۇنتۇپ قېلىشتىن، ئاسمان ۋە زېمىندىكى زەررىنىڭ پارچىسىدەك

بىــرەر نەرســە ئۇنــىڭ ئىلمىنــىڭ ســىرتىدا قېلىشــتىن پــاك ۋە مۇنەززەھتۇر.

الله تائـالا كامـالى ھېكمـەت ۋە بـارلىق مـەخلۇقاتلارنىڭ ماختىشـىغا لايىقلىـق سۈپـىتى بىلـەن ئەھمىيەتسـىز نەرسـىنى يارىتىشـتىن، شـۇنداقلا مـەخلۇقاتلىرىنى بۇيرىمـاي، توسـماي، ئۆلگـەندىن كېيـىن تـىرىلدۈرۈپ ياخشـىغا ياخشـىچە مۇكاپـات، يامانغـا يامانچـە جـازا بەرمەسـلىكتىن پاك ۋە مۇنەززەھتۇر.

الله تائـالا كامـالى ئـادىللىق سۈپـىتى بىلـەن ھـېچ بىـر مـەخلۇققا زەررىنــىڭ پارچىســىچە بولســىمۇ زۇلــۇم قىلىــپ قويۇشــتىن يــاكى ياخشــىلىقىغا بېرىلىدىغــان مۇكاپــاتتىن بىــرەر نەرســىنى كــەملىتىپ قويۇشتىن پاك ۋە مۇنەززەھتۇر.

الله تائـالا كامـالى بىھاجـەتلىك سۈپـىتى بىلـەن تامـاق يېيىشـتىن، باشـقىلاردىن رىــزىق تەلــەپ قىلىشــتىن ۋە بىــرەر ئىشــتا باشــقىلارغا ھاجىتى چۈشۈپ قېلىشتىن پاك ۋە مۇنەززەھتۇر.

الله تائـالا ئۆزى سۈپەتلىگـەن ياكى پـەيغەمبەرى سـەللەللاھۇ ئەلـەيھى ۋەسـەللەم تەرىپـىدىن سۈپەتلەنگـەن بـارلىق سۈپـەتلىرىدە ئوخشـىتىلىش ۋە ئۆزگەرتىلىشــتىن پــاك ۋە مۇنــەززەھتۇر. ئــى الله! ســېنى بــارلىق نۇقســان ۋە ئەيىبلــەردىن پــاك دەپ بىلىمىــز، ســاڭا ھــەمدە ئېيتىمىــز، سېنى ئۇلۇغلايمىـز، سـەن بەرىكـەت ئىگىسى سـەن، ئۇلـۇغ سـەن. سـېنى ئىلاھلىقىڭغــا، پەرۋەردىگــاھلىقىڭغا، گــۈزەل ئىســمىڭ ۋە ئېســىل سۈپەتلىرىڭگــە زىــت كېلىدىغــان ھــەر قــانداق نەرســىدىن پــاك ۋە مۇقـەددەس دەپ بىلىمىـز. ﴿ئاسـمانلاردا ۋە زېمىـندا ئـەڭ ئـالىي سۈپـەت الله قا خاستۇر، الله غالىبتۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر.﴾[1]

يۇقىرىقى مەزمۇنلاردا كەلگەن ئايەت، ھەدىسلەر ناھايىتى كۆپتۇر.

[1] سۈرە رۇم، 27 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

**71 - سوئال:**

**پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ: ”كىمكى اللہ نىڭ 99 سۈپىتىنى سانىسا، جەننەتكە كىرىدۇ“ دېگەن ھەدىسىنىڭ مەنىسى نېمە؟**

بۇ ھەدىس بىرقانچە مەنىلەر ئارقىلىق شەرھىلىنگەن.

1. ”كىمكى ئۇنى يادلىسا، كىمكى شۇ سۈپەتلەرنى ئوقۇپ اللہ تائالاغا دۇئا قىلسا ۋە ئۇ سۈپەتلەر ئارقىلىق اللہ تائالاغا ھەمدۇ سانا ئېيتسا، جەننەتكە كىرىدۇ“ دېگەن مەنە بار.

2. بەندە ئۆزىدىمۇ يېتىلدۈرۈش ئېھتىمالى بولغان اللہ تائالانىڭ ئەررەھىم (مېھرىبان) ۋە ئەلكەرىم (سېخىي) دېگەنگە ئوخشىغان سۈپەتلىرىنى ئوقىغاندا، ئۆزىدىمۇ شۇ سۈپەتلەرنى يېتىلدۈرۈش ئۈچۈن تىرىشىشى كېرەك بولسا، اللہ تائالانىڭ ئۆزىگىلا خاس ئەلجەببار، ئەلئەزىم، ئەلمۇتەكەببىرگە ئوخشاش سۈپەتلەرى ئالدىدا بەندە ئۇنى تەستىقلاش بىرمۇ سۈپەتنى ئايرىپ قويماستىن اللہ نىڭ شۇ كاتتا سۈپەتلىرىگە تۆۋەنچىلىك بىلەن بويۇن ئېگىشى كېرەك ۋە اللہ تائالانىڭ ئەلغەففۇر (مەغپىرەت قىلغۇچى)، ئەششەكۇر (مۇكاپاتنى تولۇق بەرگۈچى)، ئەلئەفۇ (ئەپۇچان)، ئەررەئۇف (مېھرىبان)، ئەلھەلىم (مۇلايىم)، ئەلجەۋۋادۇلكەرىم (ناھايىتى سېخى) دېگەندەك سۈپەتلەر ئالدىدا اللہ تائالانىڭ ياخشىلىقىنى تەمە قىلىشى، شۇنداقلا ئەزىزىززۇنتىقام (ئىنتىقام ئېلىشتا ناھايىتى كۈچلۈك)، شەدىدۇلئىقاب (قاتتىق جازالىغۇچى) ۋە سەرىئۇلھېساب (تېز ھېساب ئالغۇچى) دېگەندەك سۈپەتلەر ئالدىدا قورقۇشى ۋە ھەيىقىشى كېرەك دېگەن مەنىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

3. بەندە اللہ نىڭ شۇ سۈپەتلىرىگە گۇۋاھلىق بېرىشى ۋە شۇ سۈپەتلەرگە لايىق بەندىچىلىك قىلىشى كېرەك. مەسىلەن، بەندە ئۇلۇغ اللہ تائالانىڭ مەخلۇقاتلىرىدىن نەقەدەر ئۇلۇغلىقىغا، نەقەدەر

كاتتىلىقىغا، ئۆزلىرىدىن نەقەدەر يۇكسەك مەرتىۋىدە ئىكەنلىكىگە، ئۆز ئىلمى ۋە قۇدرىتى ئارقىلىق بارلىق مەخلۇقاتلىرىنى ئۆز ئەرشىدە قارار ئالغان ئالغان هالدا كۆزىتىپ تۇرغانلىقىغا ۋە ئۇنىڭدىن باشقا كاتتا سۈپەتلىرىگە گۇۋاهلىق بېرىدۇ ۋە مۇشۇ سۈپەتلەرگە لايىق ئۆز قەلبىدە تەڭداشسىز هېسابلاپ بەندىچىلىك قىلىپ، ئۇ زاتنىڭ دەرگاهىدا خۇددى كاتتا پادىشاهنىڭ ئالدىدا خار قۇلنىڭ تۇرغىنىدەك يالۋۇرغان، خار هالەتتە تۇرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن، ئۇ قىلغان سۆزلىرىنىڭ ۋە ئەمەللىرىنىڭ ئۇ زاتقا توغرىنىلىنىدىغانلىقىنى هېس قىلىدۇ. دە، ئۇ زاتنىڭ دەرگاهىغا ئۆرلىگەندە خار ۋە رەسۋا قىلىدىغان شۇ سۆز ۋە ئەمەللىرى بىلەن بىرگە بولىدىغانلىقىدىن نۇمۇس قىلىشقا باشلايدۇ.

بەندە ئىلاهىي هۆكۈم ۋە ئەمرىلىرىنىڭ كائىناتنىڭ هەممە يېرىدە ئۆلتۈرۈش، تىرىلدۈرۈش، ئىززەتلەش، خار قىلىش، ئاتا قىلىش، چەكلەش، بالا - قازادىن ساقلاش ياكى بالا - قازا بېرىش، كۈنلەرنى ئىنسانلارنىڭ ئارىسىدا ئالماشتۇرۇپ تۇرۇش قاتارلىق ئەمرى ۋە تەدبىرلىرىگە، شۇنداقلا، هەممىگە ئۇنىڭ ئىگىدارچىلىق قىلىدىغانلىقىغا، ئۇنىڭ ئىگىدارچىلىقىدىكى هېچكىمنىڭ ئۆزى خالىنىغىچە هۆكۈم قىلالمايدىغانلىقىغا شاهىد بولىدۇ. - دېگەن مەنىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. چۈنكى، ئۇنىڭ ئەمرى ۋە تەدبىرلىرى كائىناتنىڭ هەممە يېرىدە ئۆز ئەينى يۈرگۈزۈلىدۇ. ﴿الله ئاسماندىن زېمىنغىچە بولغان (مەخلۇقاتنىڭ) ئىشلىرىنى ئىدارە قىلىپ تۇرىدۇ، ئاندىن ئۇ ئىشلار ئۇزۇنلۇقى سىلەر ساناۋاتقان مىڭ يىلدەك كېلىدىغان بىر كۈندە الله نىڭ دەرگاهىغا ئۆرلەيدۇ.﴾[1]

كىمكى يۇقىرىدىكى ئەهۋاللارنى هەقىقىي مەرىپەت ۋە بەندىچىلىك سۈپىتىدە تونۇپ يەتسە، پەرۋەردىگارىنى هەقىقىي تونىغان بولىدۇ.

---

[1] سۈرە سەجدە، 5 ـ ئايەت.

شـۇنداقلا، اللہ سـۇبھانەھۇ ۋەتائـالانىڭ بـارلىق شـەيئىلەرنى بىلىـپ، كـۆرۈپ، ئـاڭلاپ تۇرىدىغـانلىقى، ئۇنـىڭ ھايـات ۋە ھـەممىنى ئىـدارە قىلىـپ تۇرىدىغانلىقىغا ئوخشاش كاتتا سۈپـەتلىرىنى ھـەقىقىي تونـۇپ يېـتىش شەرىپىگـە پـەقەت اللہ تائـالانىڭ يېقىـن تـەقۋا بـەندىلىرىلا مۇشەررەپ بولالايدۇ.

**72 ـ سوئال:**

**اللہ تائالا نى ”ئىسىم ـ سۈپەتلىرىدە بىر دەپ بىلىش“ نىڭ زىتى نېمە؟**

ئۇنـىڭ زىـتى ـــ اللہ تائـالا نـىڭ ئىسـىم ـ سۈپـەت ۋە ئايـەتلىرىنى ئىنكار قىلىش بولۇپ، بۇ ئۈچ خىل بولىدۇ.

بىرىنچى، اللہ تائـالا نـىڭ ئىسـىم ـ سۈپـەتلىرىنىڭ ھەرپلىرىنى كـەم يـاكى زىيـادە قىلىـش ئـارقىلىق، شـۇ سۈپـەتلەرنى ئەسلى مـەنىلىرىدىن ئۆزگـەرتىپ، ئـۆزلىرى ئېتىقـاد قىلىۋاتقـان بۇتلارنـى ئۆزگـەرتىۋالغان سۈپــەتلەر بىلــەن ئاتىۋالغـــان مۇشـــرىكلارنىڭ ئىنكـــارى. شـــۇڭا ئـۇلار”لات“ نـى ”ئىـلاھ“ دېگـەن سۈپـەتتىن ”ئـۇززا“ نـى ”ئـەزىز“ دېگـەن سۈپــەتتىن ۋە ”مــەنات“ نــى ”مــەننان“ دېگــەن سۈپــەتتىن تۇرلــەپ چىقىرىپ قوللىنىۋالغان.

ئىككــــنچى، ئۇلــۇغ اللہ تائـــالانىڭ سۈپـــەتلىرىنى مـــەخلۇقاتنىڭ سۈپەتلىرىگـــە ئوخشـــتىپ، ئوبرازلاشـــتۇرۇۋالغان مۇشـــەببىھلارنىڭ ئىنكـــارى. بـــۇ، مۇشـــرىكلارنىڭ ئىنكـــارى بىلـــەن ئوخشـــاش بولـــۇپ، مۇشـرىكلار پـۈتۈن ئالـەمنىڭ پەرۋەردىگـارىنى مـەخلۇق بىلـەن بـاراۋەر قىلىۋالغـان بولسـا، مۇشـەببىھلار اللہ نـىڭ سۈپـەتلىرىنى مـەخلۇقلارنىڭ جىســـــمىنىڭ ئورنىغـــــا قويـــــۇپ، اللہ تائـــــالانىڭ سۈپـــــەتلىرىنى مەخلۇقاتلارنىڭ جىسمىغا ئوخشاتتى.

ئۈچىنچى، الله تائالانىڭ ئىسىم ـ سۈپەتلىرىنى ئىنكار قىلىدىغان مۇئەتتەلىلەرنىڭ ئىنكارى. ئۇلار تۆۋەندىكىدەك ئىككى قىسىمغا بۆلۈنىدۇ:

1. الله تائالانىڭ ئىسىملىرىنىڭ لەۋزىنى ئېتىراپ قىلىپ، ئۇنىڭ كامالەتكە دالالەت قىلىدىغان سۈپەتلىرىنى ئىنكار قىلىدىغانلار بولۇپ، ئۇلار الله تائالانى: "شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان" زالىم، نادان "ئالىم"، "ھەممىنى ئاڭلاپ تۇرغۇچى" گاس، "ھەممىنى كۆرۈپ تۇرغۇچى" كور ۋە ئاجىز "قۇدرەت ئىگىسى" ... دەيدۇ ۋە باشقا ئىسىم ـ سۈپەتلىرىنىمۇ مۇشۇنداق چۈشەندۈرىدۇ.

2. الله تائالانىڭ ئىسىملىرىنى ۋە ئۇ ئىسىملار ئۆز ئىچىگە ئالغان بارلىق سۈپەتلەرنى ئىنكار قىلىدىغانلار بولۇپ، ئۇلار الله تائالانى ئىسىم ـ سۈپەتتى بولمىغان "يوقلۇق" بىلەن سۈپەتلەيدۇ. الله سۇبھانەھۇ ۋە تائالا زالىم، ئىنكارچى ۋە ئازغۇنلارنىڭ بوھتانلىرىدىن پاكتۇر، ئۇلۇغدۇر ۋە كاتتىدۇر. ﴿ئاسمانلارنىڭ، زېمىن ۋە ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى شەيئىلەرنىڭ پەرۋەردىگارىدۇر، ئۇنىڭغا ئىبادەت قىلغىن، الله نىڭ ئىبادىتىگە چىداملىق بولغىن، سەن ئۇنىڭ شېرىكى بارلىقىنى بىلەمسەن؟﴾[1] ﴿ھېچ شەيئى الله قا ئوخشاش ئەمەستۇر، الله ھەممىنى ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر، ھەممىنى كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر.﴾[2] ﴿الله ئۇلارنىڭ ئالدىدىكىنى ۋە كەينىدىكىنى بىلىدۇ، ئۇلار بولسا ئۇنى بىلمەيدۇ.﴾[3]

## 73 ـ سوئال:

**تەۋھىدنىڭ بارلىق قىسىملىرى بىر ـ بىرىگە, بىرىنى ئىنكار قىلىسا ھەممىسى ئىنكار قىلىنىدىغان دەرىجىدە باغلىنىشلىقمۇ؟**

[1] سۈرە مەريەم، 65 ـ ئايەت.
[2] سۈرە شۇرا، 11 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[3] سۈرە تاھا، 110 ـ ئايەت.

شۇنداق، كىمكى تەۋھىدنىڭ بىرىنى ئىنكار قىلسا، ئۇ قالغانلىرىنىمۇ ئىنكار قىلغان بولىدۇ. بۇنىڭ مىسالى: پەقەت الله تائالانىڭلا قۇدرىتى يېتىدىغان نەرسىنى ئۇنىڭدىن باشقا بىرىدىن سوراپ دۇئا قىلىش، چۈنكى دۇئا ئىبادەتتۇر، ھەتتا ئىبادەتنىڭ يىلىكىدۇر. ئىبادەتنى الله تائالادىن باشقىغا قىلىش، الله تائالانىڭ ”بىر ئىلاھلىق“ سۈپىتىگە شېرىك كەلتۈرگەنلىكتۇر. بەندىنىڭ الله تائالادىن باشقىسىدىن ياخشىلىق ئىلىپ كېلەلەيدۇ، يامانلىقنى توسىيالايدۇ، ئۇ شۇنى قىلىشقا قادىر دەپ ئېتىقاد قىلىپ دۇئا قىلىشى، الله تائالانىڭ ”بىر پەرۋەردىگارلىق“ سۈپىتىگە شېرىك كەلتۈرگەنلىكتۇر. ئۇ پەقەت ھەرقانداق ۋاقىت ۋە ھەرقانداق يەردە مەيلى يېقىن بولسۇن مەيلى يىراق بولسۇن، دۇئا قىلسام ئاڭلايدۇ، دېگەنلىكى ئۈچۈنلا دۇئا قىلىدۇ. ئۇنى بارلىق ئاۋازلارنى ئاڭلايدۇ، يېقىن - يىراقتىكى ھېچقانداق نەرسە ئۇنىڭ ئاڭلىشىغا توسقۇنلۇق قىلالمايدۇ دەپ ئېتىقاد قىلغانلىقى ئۈچۈن، بۇ الله تائالانىڭ ئىسىم - سۈپەتلىرىگە شېرىك كەلتۈرگەنلىكتۇر. مانا بۇ يەردە الله تائالانىڭ ”بىر ئىلاھلىق“ سۈپىتىگە شېرىك كەلتۈرگەن سەۋەب بىلەن، ئۇنىڭ ”بىر پەرۋەردىگارلىق“ ۋە ئىسىم - سۈپەتلىرىگىمۇ شېرىك كەلتۈرگەن بولدى.

# پەرىشتىلەرگە ئىمان ئېيتىش

**74 ـ سوئال:**

**پەرىشتىلەرگە ئىمان ئېيتىشنىڭ قۇرئان ۋە ھەدىستىكى دەلىللىرى قايسىلار؟**

بۇ ھەققتىكى ئايەتلەر ناھايىتى كۆپ بولۇپ، بىز ئۇلاردىن بىر قانچىسىنى زىكىر قىلىمىز. الله تائالا مۇنداق دەيدۇ:

﴿پەرىشتىلەر پەرۋەردىگارىغا تەسبىھ ئېيتىدۇ، ھەمدى ئېيتىدۇ، يەر يۈزىدىكىلەرگە مەغپىرەت تىلەيدۇ.﴾[1] ﴿پەرۋەردىگارىڭنىڭ دەرگاھىدىكىلەر (يەنى پەرىشتىلەر) الله قا ئىبادەت قىلىشتىن باش تارتمايدۇ، الله قا تەسبىھ ئېيتىدۇ ۋە ئۇنىڭغا سەجدە قىلىدۇ.﴾[2] ﴿كىمكى الله نى، الله نىڭ پەرىشتىلىرىنى، پەيغەمبەرلىرىنى، جىبرىئىلنى، مىكائىلنى دۈشمەن تۇتىدىكەن (الله نى دۈشمەن تۇتقان بولىدۇ)، شۈبھىسىزكى الله كاپىرلارنى دۈشمەن تۇتىدۇ.»﴾[3]

يۇقىرىدىكى جىبرىئىل ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەدىسى ۋە باشقا ھەدىسلەردە پەرىشتىلەرگە ئىمان ئېيتىش ھەققىدە سۆزلەندى. سەھىھ مۇسلىمدىكى بىر ھەدىستە:« الله تائالا پەرىشتىلەرنى نۇردىن ياراتتى » دەپ كەلگەن.

**75 ـ سوئال:**

**پەرىشتىلەرگە ئىمان ئېيتىشنىڭ مەنىسى نېمە؟**

---

[1] سۈرە شۇرا 5 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[2] سۈرە ئەئراف 206 ـ ئايەت.
[3] سۈرە بەقەرە 98 ـ ئايەت.

پەرىشتىلەرگە ئىمان ئېيتىش: ئۇلارنىڭ بارلىقىغا، ئۇلارنىڭ الله نىڭ مەخلۇقاتلىرى ئىكەنلىكىگە ۋە الله نىڭ ئىگىدارچىلىقى ۋە باشقۇرۇشى ئاستىدا ئىكەنلىكىگە شەكسىز ئىشىنىش دېگەنلىك بولىدۇ.

الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿(پەرىشتىلەر الله نىڭ) ھۆرمەتلىك بەندىلىرىدۇر. ئۇلار الله قا ئالدى بىلەن سۆز قىلىشقا پېتىنالمايدۇ، ئۇلار الله نىڭ ئەمرى بويىچە ئىش قىلىدۇ.﴾[1] ﴿ئۇ پەرىشتىلەر الله نىڭ بۇيرۇقىدىن چىقمايدۇ، نېمىگە بۇيرۇلسا شۇنى ئىجرا قىلىدۇ.﴾[2] ﴿(پەرىشتىلەر) الله نىڭ ئىبادىتىدىن تەكەببۇرلۇق قىلىپ باش تارتمايدۇ ۋە ھېرىپمۇ قالمايدۇ.﴾[3]

**76 ـ سوئال:**

**پەرىشتىلەرنىڭ بەزىلىرىنىڭ نېمىلەرگە مۇئەككەل قىلىنغانلىقى، نېمىلەرگە تەييارلانغانلىقىنى بايان قىلىپ بېرىڭ!**

پەرىشتىلەرنىڭ تۈرلىرى ناھايىتى كۆپتۇر. ئۇلار:

جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام ‹روھۇل ئەمىن›: ئۇ، پەيغەمبەرلەرگە ۋەھيى ئېلىپ كېلىشكە مۇئەككەل قىلىنغان.

مىكائىل ئەلەيھىسسالام: ئۇ، يامغۇرغا مۇئەككەل قىلىنغان.

ئىسرافىل ئەلەيھىسسالام: ئۇ، سۇر چېلىشقا مۇئەككەل قىلىنغان.

ئۆلۈم پەرىشتىسى ۋە ياردەمچىلىرى: ئۇلار جان ئېلىشقا مۇئەككەل قىلىنغان.

---

[1] سۈرە ئەنبىيا 26ـ 27 ـ ئايەتلەر.
[2] سۈرە تەھرىم 6 ـ ئايەت.
[3] سۈرە ئەنبىيا 19 ـ 20 ـ ئايەتلەر.

كىرامۇن كاتىبىنلەر(ھۆرمەتلىك پەرىشتىلەر): ئۇلار بەندىلەرنىڭ ئەمەللىرىنى خاتىرىلەشكە مۇئەككەل قىلىنغان.

مۇئەققىباتلار(نۆۋەتچى پەرىشتىلەر): ئۇلار بەندىلەرنى ئالدى ـ ئارقىدىن قوغداشقا مۇئەككەل قىلىنغان.

رىزۋان ۋە ئۇنىڭ بىلەن بىللە بولغانلار: ئۇلار جەننەت ۋە ئۇنىڭ نېئمەتلىرىگە مۇئەككەل قىلىنغان.

مالىك ۋە ئۇنىڭ بىرگە بولغان ئون توققۇز باشلىق زابانىيەلەر: ئۇلار دوزاخ ۋە ئۇنىڭ ئازابىغا مۇئەككەل قىلىنغان.

مۇنكەر ـ نەكىر: ئۇلار قەبرىنىڭ پىتنىسىگە مۇئەككەل قىلىنغان.

ئەرش (تەخت) نى كۆتىرىپ تۇرىدىغان پەرىشتىلەر.

كەرۇبىيۇنلار.

بالا ياتقۇدىكى ئىسپىرمىغا، بالىنىڭ يارىتىلىشىغا ۋە ئۇنىڭغا ئىرادە قىلىنغاننى خاتىرىلەشكە مۇئەككەل قىلىنغان پەرىشتىلەر.

بەيتۇلمەئمۇرغا كىرىدىغان پەرىشتىلەر: بەيتۇلمەئمۇرغا كۈندە يەتمىش مىڭ پەرىشتە كىرىدىغان بولۇپ، بىر قېتىم كىرگىنى قايتا كىرمەيدۇ.

زىكىر مەجلىسلىرىنى كۆزىتىپ تۇرىدىغان پەرىشتىلەر.

داۋاملىق سەپ تارتىپ قىيامدا تۇرىدىغان پەرىشتىلەر.

باش كۆتەرمەستىن سەجدە ۋە رۇكۇ قىلىپ تۇرىدىغان پەرىشتىلەر.

الله تائالانىڭ: ﴿پەرۋەردىگارىڭنىڭ قوشۇنىنى (يەنى پەرىشتىلەرنىڭ سانىنىڭ كۆپلۈكىنى، ئۇلارنىڭ كۈچ ـ قۇۋۋىتىنى ۋە

ئۇلارنىڭ يارىتىلىشتىكى چوڭلۇقىنى) پەقەت ئۇ ئۆزى بىلىدۇ، بۇ، (يەنى الله بايان قىلغان دوزاخ) پەقەت ئىنسانلار ئۈچۈن ۋەز ـ نەسىھەتتۇر﴾[1] دېگەن ئايەتتىكى ساناقسىز پەرىشتىلەر.

يۇقىرىدىكى پەرىشتىلەر قۇرئان ۋە ھەدىستە ناھايىتى ئېنىق بايان قىلىنغان.

[1] سۈرە مۇددەسسىر، 31 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

# كىتابلارغا ئىمان ئېيتىش

**77 ـ سوئال:**

**كىتابلارغا ئىمان ئېيتىشنىڭ دەلىللىرى قايسىلار؟**

بۇنىڭ دەلىللىرى ناھايىتى كۆپ بولۇپ، بۇلاردىن اﷲ تائالانىڭ تۆۋەندىكى ئايەتلىرىنى زىكىر قىلىپ ئۆتىمىز.

اﷲ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئى مۇئمىنلەر! اﷲ قا، اﷲ نىڭ پەيغەمبىرىگە ۋە اﷲ ئۇنىڭغا نازىل قىلغان كىتابقا (يەنى قۇرئانغا) ۋە ئىلگىرى اﷲ نازىل قىلغان كىتابلارغا (يەنى قۇرئاندىن ئىلگىرى نازىل قىلىنغان ساماۋى كىتابلارغا) ئىمان كەلتۈرۈڭلار.﴾[1] ﴿ئېيتىڭلاركى، «اﷲ قا ئىمان ئېيتتۇق، بىزگە نازىل قىلىنغان ۋەھىيگە، ئىبراھىمغا، ئىسمائىلغا، ئىسھاققا، يەئقۇبقا ۋە ئۇلارنىڭ ئەۋلادلىرىغا نازىل قىلىنغان ۋەھىيگە، مۇساغا بېرىلگەن (تەۋراتقا)، ئىساغا بېرىلگەن (ئىنجىلغا) ۋە پەيغەمبەرلەرگە پەرۋەردىگارى تەرىپىدىن بېرىلگەن (كىتابلارغا) ئىمان ئېيتتۇق، ئۇلاردىن ھېچبىرىنى ئايرىۋەتمەيمىز (يەنى يەھۇدىيلار ۋە ناسارالارغا ئوخشاش، ئۇلارنىڭ بەزىسىگە ئىمان ئېيتىپ بەزىسىنى ئىنكار قىلمايمىز)، بىز اﷲ قا بويسۇنغۇچىلارمىز.»﴾[2]

اﷲ تائالانىڭ بۇ ئايىتى باشقا ئايەتلىرىگە كۆپايە قىلىدۇ: ﴿«اﷲ نازىل قىلغان (بارلىق) كىتابلارغا ئىمان ئېيتتىم» دېگىن.﴾[3]

**78 ـ سوئال:**

[1] سۈرە نىسا، 136 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[2] سۈرە بەقەرە، 136 ـ ئايەت.
[3] سۈرە شۇرا، 15 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

## قۇرئان كەرىمدە بارلىق كىتابلار تىلغا ئېلىنغانمۇ؟

اللّٰه تائالا قۇرئان كەرىمدە تەۋرات، ئىنجىل، زەبۇر، ئىبراھىم ۋە مۇسا ئەلەيھىسسالاملارغا نازىل قىلىنغان سەھىپىلەرنىڭ ئىسمىنى ئاتاپ، باشقىلارنى ئومۇمىي ھالەتتە تىلغا ئالغان.

اللّٰه تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ:

﴿اللّٰه تىن باشقا ھېچ مەبۇد (بەرھەق) يوقتۇر، اللّٰه (ھەمىشە) تىرىكتۇر، مەخلۇقاتنى ئىدارە قىلىپ تۇرغۇچىدۇر. (ئى مۇھەممەد!) ئۆزىدىن ئىلگىرىكى كىتابلارنى تەستىق قىلغۇچى ھەق كىتابنى (يەنى قۇرئاننى) (اللّٰه) ساڭا نازىل قىلدى. ئىلگىرى، كىشىلەرگە يول كۆرسەتكۈچى قىلىپ تەۋرات بىلەن ئىنجىلنى نازىل قىلغان ئىدى. ھەق بىلەن باتىلنى ئايرىغۇچى كىتابنى (يەنى بارلىق ساماۋى كىتابلارنى) نازىل قىلدى.﴾[1]

﴿داۋۇدقا زەبۇرنى ئاتا قىلدۇق.﴾[2]

﴿ئۇ مۇسانىڭ ۋە ئىبراھىمنىڭ سەھىپىلىرىدىكى سۆزدىن خەۋەردار بولمىدىمۇ؟ ئىبراھىم ۋاپادار كىشى ئىدى.﴾[3]

﴿بىز ھەقىقەتەن پەيغەمبەرلىرىمىزنى روشەن مۆجىزىلەر بىلەن ئەۋەتتۇق ۋە ئۇلار بىلەن بىللە، ئىنسانلار ئادالەتنى بەرپا قىلسۇن دەپ، كىتابنى، قانۇننى چۈشۈردۇق.﴾[4]

اللّٰه تائالا ئايرىم - ئايرىم تىلغا ئالغان كىتابلارغا ئايرىم - ئايرىم، ئومۇمىي ھالەتتە تىلغا ئالغىنىغا ئومۇمىي ھالەتتە ئىمان ئېيتىشىمىز (ئىشىنىشىمىز) لازىم.

---

[1] سۈرە ئال ئىمران، 2 ـ دىن 4 ـ ئايەتكىچە.
[2] سۈرە ئىسرا، 55 ـ بىر قىسمى.
[3] سۈرە نەجىم، 36 ـ ۋە 37 ـ ئايەتلەر.
[4] سۈرە ھەدىد، 25 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

بىز بۇ ھەقتە، الله تائالانىڭ پەيغەمبىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا: ﴿«الله نازىل قىلغان (بارلىق) كىتابلارغا ئىمان ئېيتتىم» دېگىن﴾[1] دەپ بۇيرىغىنىدەك دەيمىز.

**79 ـ سوئال:**

**الله تائالانىڭ كىتابلىرىغا ئىمان ئېيتىشنىڭ مەنىسى نېمە؟**

يۇقىرىقى كىتابلارنىڭ الله تائالا تەرىپىدىن نازىل قىلىنغانلىقىغا ۋە ئۇلارنىڭ الله تائالانىڭ كالامى ئىكەنلىكىگە شەكسىز ئىشىنىش. ئۇلارنىڭ ئىچىدە بەزىلىرىنى ھېچقانداق ئەلچى پەرىشتىنىڭ ۋاستىسى بولمىغان ھالەتتە پەيغەمبەر پەردىنىڭ ئارقىدا تۇرۇپ، الله تائالادىن بىۋاستە ئاڭلىغانلىرى، ئەلچى پەرىشتىنىڭ ۋاستىسى ئارقىلىق پەيغەمبەرلەرگە نازىل قىلىنغانلىرى ۋە يېزىقلىق ھالەتتە نازىل قىلىنغانلىرىمۇ بار.

الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ:

﴿الله ھەرقانداق ئادەمگە پەقەت ۋەھيى ئارقىلىق ياكى پەردە ئارقىسىدىنلا ياكى بىر پەيغەمبەرنى ئەۋەتىپ ئۇز ئىزنى بىلەن ئۇنىڭغا خالىغان ۋەھيىنى قىلىش ئارقىلىقلا سۆز قىلغان. الله ھەقىقەتەن (مەخلۇقلارنىڭ سۈپەتلىرىدىن) ئۈستۈندۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر.﴾[2] الله تائالا مۇسا ئەلەيھىسسالامغا مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئى مۇسا! مەن ھەقىقەتەن سېنى (زامانىڭدىكى) كىشىلەر ئارىسىدىن پەيغەمبەرلىككە ۋە مەن بىلەن (بىۋاستە) سۆزلىشىشكە تاللىدىم، ساڭا مەن ئاتا قىلغان پەيغەمبەرلىكنى قوبۇل قىلغىن ۋە شۈكۈر قىلغۇچىلاردىن بولغىن!﴾[3] ﴿بىز نۇرغۇن پەيغەمبەرلەرنى ئەۋەتتۇق، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئىلگىرى (ئى مۇھەممەد!) ساڭا بايان

---

[1] سۈرە شۇرا، 15 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[2] سۈر شۇرا، 51 ـ ئايەت
[3] سۈرە ئەئراف، 144 ـ ئايەت.

قىلغانلىرىمىزمۇ بار، ساڭا بايان قىلمىغانلىرىمىزمۇ بار، الله مۇساغا (بىۋاستە) سۆز قىلدى.﴾[1]

الله تائالا تەۋرات ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: ﴿بىز ئۇنىڭ ئۈچۈن (تەۋرات) تاختىلىرىغا (ئىسرائىل ئەۋلادى دىنىدا موھتاج بولغان) ۋەز ـ نەسىھەت، (دىنىي) ئەھكاملارنىڭ ھەممىسىنى تەپسىلىي يازدۇق.﴾[2]

ئىيسا ۋە داۋۇد ئەلەيھىسسالاملار ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: ﴿مەريەم ئوغلى ئىسانى ئەۋەتتۇق، ئۇنىڭغا ئىنجىلنى ئاتا قىلدۇق.﴾[3] ﴿داۋۇدقا زەبۇرنى ئاتا قىلدۇق.﴾[4]

الله تائالا قۇرئانى كەرىم ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: ﴿(يەھۇدىيلار ۋە ناسارالار سېنىڭ پەيغەمبەرلىكىڭگە گۇۋاھلىق بەرمىسە، گۇناھى ئۆزىگە) لېكىن الله ساڭا نازىل قىلغان قۇرئان ئارقىلىق (پەيغەمبەرلىكىڭگە) گۇۋاھلىق بېرىدۇ، الله قۇرئاننى (باشقىلار بىلمەيدىغان ئۆزىگە خاس) ئىلمى بىلەن نازىل قىلدى. پەرىشتىلەرمۇ (الله ساڭا نازىل قىلغان قۇرئانغا ۋە پەيغەمبەرلىكىڭگە) گۇۋاھلىق بېرىدۇ، (باشقىلار گۇۋاھلىق بەرمىگەندىمۇ ) الله نىڭ گۇۋاھلىقى يېتەرلىكتۇر.﴾[5] ﴿قۇرئاننى كىشىلەرگە دانە ـ دانە ئوقۇپ بېرىشىڭ ئۈچۈن ئۇنى بۆلۈپ ـ بۆلۈپ نازىل قىلدۇق، ئۇنى تەدرىجى نازىل قىلدۇق. ﴾[6] ﴿شۈبھىسىزكى، قۇرئان ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى تەرىپىدىن نازىل قىلىنغاندۇر. ئاگاھلاندۇرغۇچىلاردىن بولۇشۇڭ ئۈچۈن، ئىشەنچلىك جىبرىئىل ئۇنى سېنىڭ قەلبىڭگە ئېلىپ چۈشتى.

[1] سۈرە نىسا، 164 ـ ئايەت.
[2] سۈرە ئەئراف، 145 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[3] سۈرە ھەدىد، 27 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[4] سۈرە نىسا، 163 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[5] سۈرە نىسا، 166 ـ ئايەت.
[6] سۈرە ئىسرا، 106 ـ ئايەت.

(قۇرئـان) ئوچـۇق ئـەرەبى تىلـدا (نـازىل بولـدى)﴾[1] ﴿شۈبھىسـىزكى، قۇرئان كەلگەندە ئۇنى ئىنكار قىلغانلار (قاتتىق جازاغا ئۇچرايدۇ)، شۈبھىســىزكى، قۇرئـــان غـــالىب كىتـــابتۇر. ئۇنىڭغـــا ئـــالدىدىنمۇ، ئارقىسـىدىنمۇ (يـەنى ھېچقايسـى تەرىپـىدىن) بـاتىل يۈزلەنمـەيدۇ، ئـۇ ھېكمـەت بىلـەن ئـىش قىلغۇچى، مەدھىيىگە لايىق الله تەرىپىدىن نازىل قىلىنغـاندۇر.﴾[2] بۇنىڭغـا مۇناسـىۋەتلىك باشـقا ئايەتلـەرمۇ ناھـايىتى كۆپتۇر.

## 80 ـ سوئال:

### ئىلگىرى نازىل بولغان كىتابلارنىڭ قۇرئان كەرىمدىكى ئورنى قانداق؟

الله تائـالا مۇنـداق دەيـدۇ: ﴿(ئى مۇھەممەد!) بىـز سـاڭا ئـۆزىدىن ئىلگــىرىكى (ســاماۋى) كىتــابلارنى ئېتىــراپ قىلغۇچــى ۋە ئۇلارغــا شاھىت بولغۇچى ھەق كىتابنى (يەنى قۇرئـاننى) نـازىل قىلـدۇق.﴾[3] ﴿بـۇ قۇرئـاننى بىـراۋنىڭ الله قـا ئېپتىرا قىلىشى ئەقىلگە سىغمايدۇ (چۈنكى قۇرئـاننى ھـېچ ئىنسـان ئىجـاد قىلالمـايدۇ)، لېكىـن قۇرئـان ئىلگـىرى كەلگـەن (تـەۋرات، ئىـنجىل قاتـارلىق سـاماۋى) كىتـابلارنى تەســتىق قىلغۇچــىدۇر، الله بەلگىلىگــەن ئــەھكاملارنى بايـــان قىلغۇچــىدۇر، ئۇنىــڭدا ھــېچ شــەك يوقــتۇر، (ئــۇ) ئالەملــەرنىڭ پەرۋەردىگــارى تەرىپــىدىن نــازىل قىلىنغــاندۇر.﴾[4] ﴿(قۇرئـــان) يالغاندىن توقۇلغان سۆز ئەمەس، لېكىن، ئۇ ئۆزىدىن ئىلگىرى نازىل بولغـان (سـاماۋى) كىتـابلارنى تەستىق قىلغۇچىدۇر، ھەممە نەرسىنى

---

[1] سۈرە شۇئەرا، 192 ـ دىن 195 ـ ئايەتكىچە.
[2] سۈرە فۇسسىلەت، 41 ـ ۋە 42 ـ ئايەتلەر.
[3] سۈرە مائىدە، 48 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[4] سۈرە يۇنۇس، 37 ـ ئايەت.

ئىنچىكە بايان قىلغۇچىدۇر، ئىمان ئېيتىدىغان قەۋم ئۈچۈن هىدايەتتۇر ۋە رەھمەتتۇر.﴾[1]

تەپسىرشۇناسلار مۇنداق دەيدۇ: قۇرئان كەرىم ئىلگىرى كەلگەن كىتابلارنىڭ ئەسلى هالىتى بويىچە توغرا ساقلىنىپ قالغىنىنى تەستىقلىغۇچى، ئۇنىڭدىن ئۆزگەرتىلىپ ياكى قوشۇلۇپ قالغىنىنى ئىنكار قىلغۇچى، ئۇ كىتابلاردىكى هۆكۈملەرنىڭ هازىرمۇ كۈچكە ئىگە ياكى ئەمەلدىن قالغانلىقىغا هۆكۈم قىلغۇچىدۇر. شۇنداقلا، شۇ كىتابلارنىڭ راست ساماۋى كىتاب ئىكەنلىكىگە گۇۋاهلىق بەرگۈچى كىتابتۇر. شۇڭا ئىلگىرىكى كىتابلارنىڭ هەقىقىي ئەگەشكۈچىلىرى قۇرئان كەرىمنىڭ الله تائالا تەرىپىدىن نازىل قىلىنغان كىتاب ئىكەنلىكىنى ئىنكار قىلالمايدۇ. الله تائالا بۇ هەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿قۇرئاندىن ئىلگىرى بىز كىتاب (يەنى ئىنجىل، تەۋرات) نازىل قىلغانلار (يەنى ناسارا ۋە يەهۇدىيلارنىڭ مۇئمىنلىرى) قۇرئانغا ئىشىنىدۇ.ئۇلارغا قۇرئان تىلاۋەت قىلىنغان چاغدا، ئۇلار: «بىز قۇرئانغا ئىشەندۇق. شۈبهىسىزكى، ئۇ پەرۋەردىگارىمىز تەرىپىدىن نازىل بولغان هەقىقەتتۇر. بىز هەقىقەتەن بۇنىڭدىن بۇرۇن مۇسۇلمان ئىدۇق» دەيدۇ.﴾[2]

**81 ـ سوئال:**

**هەر بىر مۇسۇلمان ئۈممىتىنىڭ قۇرئان كەرىم هەققىدە ئادا قىلىشقا تېگىشلىك مەجبۇرىيەتلىرى قايسىلار؟**

قۇرئان كەرىمنىڭ ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن مەنىلىرىگە ئەگىشىش، ئۇنىڭغا بويسۇنۇش ۋە ئەمەل قىلىش بولۇپ، الله تائالا بۇ هەقتە مۇنداق دېگەن: ﴿بۇ بىز نازىل قىلغان (قۇرئان) مۇبارەك كىتابتۇر، الله نىڭ رەھمىتىنى ئۈمىد قىلغۇچىلاردىن بولۇش ئۈچۈن، ئۇنىڭغا

---

[1] سۈرە يۈسۈف، 111 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[2] سۈرە قەسەس، 52 ـ ۋە 53 ـ ئايەتلەر.

ئەگىشىڭلار، (ئۇنىڭغا مۇخالىپەتچىلىك قىلىشتىن) ساقلىنىڭلار.﴾[1] ﴿(ئى ئىنسانلار!) سىلەر پەرۋەردىگارىڭلار تەرىپىدىن سىلەرگە نازىل قىلىنغان كىتابقا (يەنى قۇرئانغا) ئەگىشىڭلار، الله نى قويۇپ، (جىنلاردىن ۋە ئىنسانلاردىن بولغان، سىلەرنى ئازدۇرىدىغان) دوستلارغا ئەگەشمەڭلار.﴾[2] ﴿كىتابنى مەھكەم تۇتىدىغانلار، نامازنى ئوقۇيدىغانلار (ساۋابقا ئېرىشىدۇ)، بىز ياخشى ئىش قىلغۇچىلارنىڭ ئەجرىنى ھەقىقەتەن زايا قىلىۋەتمەيمىز.﴾[3]

يۇقىرىقى ھۆكۈملەر قۇرئاننىڭ پۈتۈن مەزمۇنى ئۈچۈن ئومۇمىي بولۇپ، بۇ تېمىدىكى ئايەتلەر ناھايىتى كۆپتۇر.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قۇرئانغا چىڭ ئېسىلىشقا تەۋسىيە قىلىپ مۇنداق دېگەن: «الله نىڭ كىتابى قۇرئاننى چىڭ تۇتۇڭلار ۋە ئۇنىڭغا چىڭ ئېسىلىڭلار!»

يەنە بىر مەرفۇئ ھەدىسنىڭ بىر قىسمىدا مۇنداق دېيىلگەن: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ھەقىقەتەن پات يېقىندا پىتنە چىقىدۇ» دېدى، مەن (رىۋايەت قىلغۇچى): ئى الله نىڭ پەيغەمبىرى ئۇنىڭدىن قانداق قۇتۇلىمىز؟ ـ دېسەم، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «الله نىڭ كىتابى ئارقىلىق» دېدى.[4]

### 82 ـ سوئال:

**قۇرئان ھۆكۈملىرىدە چىڭ تۇرۇش ۋە ئۇنى ھەقىقىي ئادا قىلىشنىڭ مەنىسى نېمە؟**

---

[1] سۈرە ئەنئام، 155 ـ ئايەت.
[2] سۈرە ئەئراف، 3 ـ ئايەت.
[3] سۈرە ئەئراف، 170 ـ ئايەت.
[4] بۇ ھەدىسنى تىرمىزى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، بۇ ھەدىسنىڭ سەنىدى ئاجىز ھەدىس دېگەن.

ئۇنىڭ مەنىسى، قۇرئان ئوقۇش، يادلاش، كېچە ـ كۈندۈز ئۇنىڭ ھۆكمى بىلەن پائالىيەت ئېلىپ بېرىش، ئايەتلىرى ھەققىدە پىكىر يۈرگۈزۈش، ھالال دېگەننى ھالال، ھارام دېگەننى ھارام دېيىش، بۇيرۇقلىرىغا بويسۇنۇش، توسقىنىدىن يېنىش، قىسسە ۋە مىساللىرىدىن ئىبرەت ئېلىش، مۇھكەم ئايەتلىرىگە ئەمەل قىلىش، مۇتەشابىھ (ئاسان چۈشەنگىلى بولمايدىغان) ئايەتلىرىگە بويسۇن ئېگىش، چەك ـ چېگرىسىدىن ھالقىپ كەتمەسلىك، ئېچكى دۈشمەنلەرنىڭ مەنىسىنى بۇرمىلىشى، باتىل پىكىردىكىلەرنىڭ پىكىرلىرىگە تەۋەرەپ قالماسلىقى، بارلىق مەنىلىرىگە سەممىي بولۇش ۋە باشقىلارنى ئۇنىڭغا دەلىل ـ ئىسپاتلار ئارقىلىق دەۋەت قىلىشتىن ئىبارەتتۇر.

## 83 ـ سوئال:

## قۇرئاننى مەخلۇق دەپ ئېتىقاد قىلغان كىشىنىڭ ھۆكمى نېمە؟

قۇرئان ھەرپىلىرى ۋە مەنىلىرى بىلەن بىرلىكتە، الله نىڭ كالامىدۇر. الله ئۇنى سۆز ئارقىلىق سۆزلىگەن، ۋەھيى ئارقىلىق نازىل قىلغان. مۇئمىنلەر ئۇنىڭغا ھەق دەپ ئىشىنىدۇ. گەرچە ئۇ، بارماقلار ئارقىلىق پۈتۈلگەن، تىل ئارقىلىق تىلاۋەت قىلىنىدىغان، سەزگۈ ئەزالار ئارقىلىق ئەستە ساقلىنىدىغان، قۇلاق ئارقىلىق ئاڭلىنىدىغان ۋە كۆز ئارقىلىق كۆرۈلىدىغان بولسىمۇ، يەنىلا "الله نىڭ كالامى" لىقتىن چىقىپ كەتمەيدۇ. چۈنكى بارماق، سىياھ، قەلەم، قەغەز قاتارلىقلار خەت يېزىش ئۈچۈن قوللىنىدىغان مەخلۇق بولسىمۇ، ئۇلار بىلەن يېزىلغىنى مەخلۇق ئەمەستۇر. شۇنداقلا تىل، ئاۋاز، قەلب ۋە قۇلاقلارمۇ مەخلۇق بولغىنى بىلەن، ئۇلار بىلەن ئوقۇلغان، ئەستە ساقلانغان ۋە شۇ ئارقىلىق ئوقۇلغان قۇرئان كەرىم مەخلۇق ئەمەستۇر.

الله تائالا مۇنداق دەيدۇ:

﴿شەك ـ شۈبھىسىزكى، ئۇ ئۇلۇغ قۇرئاندۇر. كىتابتا (يەنى لەۋھۇلمەھپۇزدا) ساقلانغاندۇر.﴾[1] ﴿ئۇنداق ئەمەس (يەنى ئىش زالىملار گۇمان قىلغاندەك ئەمەس)، قۇرئان ئىلىم بېرىلگەنلەرنىڭ كۆڭۈللىرىدە ساقلانغان روشەن ئايەتلەردۇر، بىزنىڭ ئايەتلىرىمىزنى پەقەت زالىملارلا ئىنكار قىلىدۇ.﴾[2] ﴿(ئى مۇھەممەد!) سەن پەرۋەردىگارىڭنىڭ كىتابىدىن ساڭا ۋەھيى قىلىنغاننى ئوقۇغىن، اللہ نىڭ سۆزلىرىنى ھېچ كىشى ئۆزگەرتەلمەيدۇ، سەن ھەرگىزمۇ اللہ تىن باشقا ئىلتىجاگاھ تاپالمايسەن.﴾[3] ﴿ئەگەر مۇشرىكلاردىن بىرەر كىشى سەندىن ئامانلىق تىلىسە، تاكى ئۇ اللہ نىڭ كالامىنى (يەنى قۇرئاننى) ئاڭلىغانغا (يەنى پىكىر قىلىپ، ئۇنىڭ ھەقىقىتىگە يەتكەنگە) قەدەر، ئۇنىڭغا ئامانلىق بەرگىن!﴾[4]

ئىبنى مەسئۇد (رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ) مۇنداق دېگەن: «سىلەر قۇرئانغا داۋاملىق قاراپ تۇرۇڭلار.»

بۇ ھەقتە كەلگەن ئايەت ـ ھۆكۈملەر سان ـ ساناقسىز دەرىجىدە كۆپ. قۇرئان ياكى قۇرئاننىڭ بىر قىسمى مەخلۇقتۇر دېگۈچى ئىنسانىنى ئىماندىن پۈتۈنلەي چىقىرىپ تاشلايدىغان چوڭ كۇپۇرلۇق بىلەن كاپىر بولغان بولىدۇ[5]. چۈنكى قۇرئان اللہ تائالانىڭ كالامىدۇر. ئۇنىڭدىن كەلدى ھەم ئۇنىڭغا

[1] سۈرە ۋاقىئە 77 ـ ۋە 78 ـ ئايەتلەر.
[2] سۈرە ئەنكەبۇت 49 ـ ئايەت.
[3] سۈرە كەھف 27 ـ ئايەت.
[4] سۈرە تەۋبە 6 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[5] قۇرئاننىڭ مەخلۇق ئىكەنلىكىنى قوبۇل قىلىدىغان جەھمىيە مەزھىبىنىڭ كاپىر دەپ قارىلىدىغانلىقى سەلەپ سالىھىنلاردىن بىر تۈركۈم ئۆلىمالارنىڭ بىردەك قارىشىدۇر. مەسىلەن، ئەھمەد ئىبنى ھەنبەل، ئىبنۇل مۇبارەك، سۇفيان ئەس سەۋرى، ئەل ھەسەن ئىبنى ئىسا، سۇفيان ئىبنى ئۇيەينە، ۋەقى ئىبنى ئەل جەرراھ، ھەممەد ئىبنى زەيىد، مۇتەمىر ئىبنى سۇلايمان، ئابدۇرراھمان ئىبنى مەھدى، يەزىد ئىبنى ھارۇن ۋە باشقا ئالىم ـ ئۆلىمالار شۇنداق دەپ قارايدۇ.

قـايتىدۇ. ئـۇ، الله نــىڭ كــالامى ۋە سۈپــىتىدۇر. الله نــىڭ سۈپەتلىرىدىن ھەر قانداق بىرىنى مەخلۇق دەپ قارىغان ئادەم كاپىر بولغان بولىدۇ. ئـۇ قايتا ئىمان ئېيتىپ، ئىسلامغا كىرىشكە دەۋەت قىلىنىدۇ. ئەگەر ئىسلامغا قايتسا، ھېچقانداق مەسىلە قالمايدۇ. ئەكسىچە بولغاندا، شەرىئەت ئەھكاملىرىدىن ھېچبىرى ئۇنىڭ سۆزىنى تەستىقلىمايدۇ ۋە ئـۇ كاپىر پېتى ئۆلتۈرۈلىدۇ.

**84 ـ سوئال:**

**كالام ”زاتى سۈپەت“ مۇ ياكى ”پېئىلى سۈپەت“ مۇ؟**

كالام الله نىڭ ئۆز زاتى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغاچقا ۋە شۇنىڭ بىلەن سۈپەتلەنگەچكە، كالام ئىلمىغا ئوخشاش الله نىڭ ”زاتى سۈپەت“ ى ھېسابلىنىدۇ. الله تائالا ئۆز ئىلمى ئارقىلىق ئۆز كالامىنى نازىل قىلغان ۋە نازىل قىلغىنىنى باشقىلارغا بىلدۈرگەن. ئەمما الله نىڭ ئۆز ئىرادىسى ۋە خاھىشى ئارقىلىق سۆزلەيدىغانلىقى كۆزدە تۇتۇلغاندا، كالام الله نىڭ ”پېئىلى سۈپىتى“ دۇر.

ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: «الله تائالا بىرەر ئىشنى ۋەھيى قىلماقچى بولسا، سۆزلەش (كالام) ئارقىلىق يەتكۈزىدۇ»[1].

شۇنىڭ ئۈچۈن، سەلەپ سالىھلار (الله ئۇلارنى رەھمەت قىلسۇن) الله نىڭ كالام سۈپىتى ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: «كالام بىرلا ۋاقىتتا الله نىڭ ھەم زاتى ۋە ھەم پېئىلى سۈپىتىدۇر. ئۇ ئەزەلدىن ۋە مەڭگۈ كالاملىق سۈپەت بىلەن سۈپەتلىنىدۇ. ئۇنىڭ سۆزلىشى ۋە باشقىلار بىلەن سۆزلىشىشى ئۆز ئىرادىسى ۋە خاھىشى بىلەن بولۇپ، ئۇ قاچان، قانداق خالىسا خالىغانچە، خالىغان كىشىسى ئاڭلايدىغان

[1] ئىبنى خۇزەيمە «كىتابۇل تەۋھىد».

قىلىپ سۆزلەيدۇ. كالام (سۆزلەش) سۈپىتى الله تائالانىڭ مەڭگۈلۈك سۈپىتىدۇر. ﴿« پەرۋەردىگارىمنىڭ سۆزلىرىنى يېزىش ئۈچۈن، ئەگەر دېڭىز (سۈيى) سىيا بولۇپ كەتسە، پەرۋەردىگارىمنىڭ سۆزلىرى تۈگىمەي تۇرۇپ، دېڭىز (سۈيى) چوقۇم تۈگەپ كەتكەن بولاتتى، مۇبادا يەنە شۇنچىلىك دېڭىز (سۈيىنى) كەلتۈرسەكمۇ ».﴾[1] ﴿ئەگەر يەر يۈزىدىكى دەرەخلەرنىڭ ھەممىسى قەلەم بولغان، دېڭىز (سىيا) بولغان، ئۇنىڭغا يەنە يەتتە دېڭىز(نىڭ سىياسى) قوشۇلغان تەقدىردىمۇ الله نىڭ سۆزلىرىنى (يېزىپ) تۈگەتكىلى بولمايدۇ.﴾[2] ﴿پەرۋەردىگارىڭنىڭ سۆزى ناھايىتى راستۇر، ناھايىتى توغرىدۇر، ئۇنىڭ سۆزىنى ئۆزگەرتەلەيدىغان ھېچ كىشى يوقتۇر. الله (بەندىلەرنىڭ سۆزلىرىنى) ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر، (ئەھۋالىنى) بىلىپ تۇرغۇچىدۇر.﴾[3]

## 85 ـ سوئال:

### كىملەر "ۋاقىفە" دەپ ئاتىلىدۇ، ئۇلارنىڭ ھۆكمى نېمە؟

ئۇلار: « قۇرئان كەرىمنى الله نىڭ كالامىمۇ دېمەيمىز، مەخلۇقمۇ دېمەيمىز » دېگۈچىلەردۇر.

ئىمام ئەھمەد بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: « بۇ سۆزنىڭ مەنىسىنى ياخشى چۈشىنىپ، شۇنداق دېگۈچىلەر جەھمىلەردۇر. ئەمما بۇنى چۈشەنمەي، بىلمىسىزلىكتىن تىلىنىڭ ئۇچىدىلا دېگۈچىلەرگە دەلىل ـ ئىسپاتلار ئارقىلىق چۈشەندۈرىلىدۇ، بۇلار تەۋبە قىلىپ: "قۇرئان الله

---

[1] سۈرە كەھف 109 ـ ئايەت.
[2] سۈرە لوقمان 27 ـ ئايەت.
[3] سۈرە ئەنئام 115 ـ ئايەت.

نىڭ كالامى، مەخلۇق ئەمەس“ دەپ ئىمان ئېيتسا ئېيتتى، بولمىسا بۇلار جەھمىدىنىمۇ ياماندۇر ». 

**86 ـ سوئال:**

**« مېنىڭ قۇرئاندىكى ئايەتلەرنى قىلغان تەلەپپۇزۇم مەخلۇقتۇر (مېنىڭ قۇرئان ئايەتلىرىنى تەلەپپۇز قىلىشىم مەخلۇقتۇر) » دېگۈچىنىڭ ھۆكمى نېمە؟**

بۇ سۆزنى ھەرقانداق بىر شەكىلدە ئىشلىتىشكە بولمايدۇ. چۈنكى بەندىنىڭ تەلەپپۇزى بىلەن تەلەپپۇز قىلىنغان قۇرئان ئارىلىقىدا ئورتاقلىق بار. ئەگەر « تەلەپپۇز مەخلۇق » دېيىلسە، بۇنىڭغا تەلەپپۇز قىلىنغان قۇرئان قوشۇلۇپ قالىدۇ. بۇ، جەھمىلەرنىڭ كۆز قارىشىدۇر. ئەگەر « تەلەپپۇز مەخلۇق ئەمەس » دېيىلسە، بۇ چاغدا بۇنىڭغا بەندىنىڭ تەلەپپۇزى قوشۇلۇپ قالىدۇ. بۇ، بىدئەتچى ئىتتىھادى پىرقىسىدىكىلەرنىڭ كۆز قارىشىدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن سەلەپ سالىھلار (الله ئۇلارنى رەھمەت قىلسۇن) مۇنداق دەيدۇ: « كىمكى: ”مېنىڭ قورئاندىكى ئايەتلەرنى قىلغان تەلەپپۇزۇم مەخلۇقتۇر“ دېسە، ئۇ جەھمىدۇر. كىمكى ئۇنى: ”مەخلۇق ئەمەس“ دېسە، ئۇ بىدئەتچىدۇر ».

# پەيغەمبەرلەرگە ئىمان ئېيتىش

**87 ـ سوئال:**

**پەيغەمبەرلەرگە ئىمان ئېيتىشنىڭ دەلىللىرى قايسىلار؟**

قۇرئان ۋە ھەدىستە بۇنىڭ دەلىللىرى ناھايىتى كۆپ بولۇپ، ئۇلاردىن تۆۋەندىكىلەرنى زىكرى قىلىمىز.

اللہ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿شۈبھىسىزكى، اللہ نى ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبەرلىرىنى ئىنكار قىلغانلار، اللہ بىلەن ئۇنىڭ پەيغەمبەرلىرىنىڭ ئارىسىنى (اللہ قا ئىشىنىپ پەيغەمبەرلىرىگە ئىشەنمەيمىز دېيىش بىلەن) ئايرىتىۋەتمەكچى بولغانلار، (پەيغەمبەرلەرنىڭ) بەزىسىگە ئىشىنىمىز، بەزىسىگە ئىشەنمەيمىز دېگۈچىلەر ـ ئۇنىڭ (يەنى ئىمان بىلەن كۇفرىنىڭ) ئارىسىدا (ئوتتۇرا) يول تۇتماقچى بولغانلار. ئەنە شۇلار (ئىماننى دەۋا قىلغان تەقدىردىمۇ) راستىنلا كاپىرلاردۇر، كاپىرلارغا خورلىغۇچى ئازاب تەييارلىدۇق. اللہ قا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبەرلىرىگە ئىمان ئېيتقان، ئۇلاردىن ھېچبىرىنىڭ ئارىسىنى ئايرىتىۋەتمىگەن (يەنى ھەممىسىگە ئىمان ئېيتقان) كىشىلەرگە اللہ ئۇلارنىڭ (تېگىشلىك) ئەجىرلىرىنى ئاتا قىلىدۇ، اللہ ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر.﴾[1]

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «اللہ قا ۋە پەيغەمبەرلىرىگە ئىمان ئېيتتىمەن».[2]

---

[1] سۈرە نىسا، 150 ـ، 151 ـ،152ـ ئايەتلەر.

[2] بۇخارى، مۇسلىم ۋە ئەبۇداۋۇد رىۋايەت قىلغان.

**88 ـ سوئال:**

**پەيغەمبەرلەرگە ئىمان ئېيتىشنىڭ مەنىسى نېمە؟**

ئۇنىڭ مەنىسى: الله تائالانىڭ ھەرقانداق ئۇممەتكە شۇ ئۇممەتنىڭ ئىچىدىن پەقەت بىرلا الله قا ئىبادەت قىلىشقا ۋە الله دىن باشقا ھېچبىرىگە ئىبادەت قىلماسلىققا بۇيرۇيدىغان پەيغەمبەرلەرنى ئەۋەتكەنلىكىگە، ئۇ پەيغەمبەرلەرنىڭ راستچىل، سۆزى مەقبۇل، پاك، ھەق يولدا ماڭغۇچى، ئابرۇيلۇق، تەقۋا، ئىشەنچلىك، باشلامچى، ئۆز پەرۋەردىگارى تەرىپىدىن ئەۋەتىلگەن كەسكىن دەلىل ۋە ئوچۇق ئايەتلەر ئارقىلىق ئۇممىتىنى ھىدايەتكە باشلىغۇچى، شۇنداقلا الله تائالانىڭ ئۇلار ئارقىلىق ئەۋەتكەن بارلىق نەرسىلەرنى يوشۇرۇپ قالماي، ئۆزگەرتمەي، بىرەر ھەرپىنمۇ ئۆز يېنىدىن قوشۇپ ياكى كېمەيتىپ قويماي يەتكۈزىدىغانلىقىغا، ﴿پەيغەمبەرنىڭ مەسئۇلىيىتى پەقەت روشەن تەبلىغ قىلىشتىنلا ئىبارەت﴾ ئىكەنلىكىگە ۋە شۇنىڭ بىلەن بىرگە، ئۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ ئۆز زامانىسىدا ئاشكارا ھەقىقەت ئۈستىدە ئىكەنلىكىگە جەزم بىلەن چىن دىلىدىن تەستىق قىلىشتۇر.

ھەقىقەتەن الله تائالا ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنى ۋە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى ئۆزىگە دوست تۇتتى. مۇسا ئەلەيھىسسالام بىلەن سۆزلەشتى، ئىدرىس ئەلەيھىسسالامنى يۇقىرى ئورۇنغا كۆتۈردى. شۇنداقلا ئىسا ئەلەيھىسسالام ھەقىقەتەن الله نىڭ بەندىسى، پەيغەمبىرى، مەريەم ئەلەيھىسسالامغا تاشلىغان كەلىمىسى ۋە روھىدۇر. الله تائالا ھەقىقەتەن ئۇلارنى (پەيغەمبەرلەرنى) بىر ـ بىرىدىن پەزىلەتلىك قىلدى ۋە ئۇلارنىڭ دەرىجىلىرىنى يۇقىرى ـ تۆۋەن قىلدى.

**89 ـ سوئال:**

**بۇيرۇش ۋە چەكلەشتە پەيغەمبەرلەرنىڭ ھەممىسى بىردەكمۇ؟**

ئىلگىرى ـ كېيىن ئۆتكەن بارلىق پەيغەمبەرلەر ئىبادەتنىڭ ئەسلى ۋە ئاساسى بولغان تەۋھىد مەسىلىسىدە بىردەكلىككە ئىگە. ئۇلار ئىبادەتنىڭ ئېتىقاد، سۆز ۋە ئەمەللەردىن ئىبارەت بارلىق تۈرلىرىدە الله نى بىر دەپ بىلىدۇ. الله تىن باشقىغا ئىبادەت قىلىشنى ئىنكار قىلىدۇ.

ئەمما ئادەتتە قىلىنىدىغان پەرز ئىبادەتلەرگە كەلسەك، ئىمتىھان قىلىش ئۈچۈن، بۇنىڭغا پەرز قىلغان ناماز، روزىنى باشقا بىرىگە پەرز قىلماسلىقى، بىرىگە هارام قىلغاننى يەنە بىرىگە هالال قىلىشى مۇمكىن. الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿ سىلەرنىڭ قايسىڭلارنىڭ ئەمەلى ياخشى ئىكەنلىكىنى سىناش ئۈچۈن الله (ئۇلارنى ياراتتى).﴾[1]

**90 ـ سوئال:**

**يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان ئەسلى ئىبادەتلەردە پەيغەمبەرلەرنىڭ بىردەكلىكىنىڭ دەلىلى نېمە؟**

بۇنىڭ قۇرئان ۋە ھەدىستىكى دەلىللىرى ئومۇمىي ۋە تەپسىلىيدىن ئىبارەت ئىككى تۈرلۈك بولىدۇ.

ئومۇمىي بولغانلىرىنىڭ مىسالى تۆۋەندىكىدەكتۇر.

الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿بىز ھەقىقەتەن ھەر بىر ئۈممەتكە: «الله قا ئىبادەت قىلىڭلار، شەيتاندىن (يەنى شەيتانغا، بۇتلارغا، كاهىنلارغا ئوخشاش ھەرقانداق مەبۇدقا ئىبادەت قىلىشتىن) يىراق بولۇڭلار» دەپ پەيغەمبەر ئەۋەتتۇق﴾[2] ﴿(ئى مۇھەممەد!) سەندىن ئىلگىرى ئەۋەتىلگەن پەيغەمبەرلەرنىڭ ھەممىسىگە: «مەندىن باشقا ھېچ مەبۇد (بەرھەق) يوقتۇر، ماڭىلا ئىبادەت قىلىڭلار» دەپ ۋەھيى

[1] سۈرە ھۇد 7 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[2] سۈرە نەھل 36 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

قىلدۇق.﴾[1] ﴿سەندىن بۇرۇن بىز ئەۋەتكەن پەيغەمبەرلىرىمىزدىن سوراپ باققىنكى، مېھرىبان الله دىن باشقا ئىبادەت قىلىنىدىغان ئىلاھلارنى بەلگىلىدۇقمۇ؟ (پەيغەمبەرلەرنىڭ ئىچىدە الله دىن غەيرىيگە ئىبادەت قىلىشقا دەۋەت قىلغىنى بارمۇ؟)﴾[2]

تەپسىلىي بايان قىلىنغانلىرى تۆۋەندىكىلەرگە ئوخشاشتۇر.

الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿بىز ھەقىقەتەن نۇھنى قەۋمىگە پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتتۇق، نۇھ ئېيتتى: «ئى قەۋمىم! (يالغۇز) الله قا ئىبادەت قىلىڭلار، سىلەرگە ئۇنىڭدىن باشقا ھېچ مەبۇد (بەرھەق) يوق، (الله نىڭ ئازابىدىن) قورقمامسىلەر؟»﴾[3] ﴿سەمۇدقا ئۇلارنىڭ قېرىندىشى سالىھنى (پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتتۇق). ئۇ: «ئى قەۋمىم! الله قا ئىبادەت قىلىڭلار. سىلەرگە الله دىن باشقا ھېچ مەبۇد (بەرھەق) يوقتۇر.﴾[4] ﴿ئاد (قەۋمى) گە ئۇلارنىڭ قېرىندىشى ھۇدنى ئەۋەتتۇق، ھۇد: «ئى قەۋمىم! الله قا ئىبادەت قىلىڭلار. سىلەرگە الله دىن باشقا مەبۇد (بەرھەق) يوقتۇر. (ئۇنىڭ ئازابىدىن) قورقمامسىلەر؟» دېدى.﴾[5] ﴿مەديەن (خەلقىگە) ئۇلارنىڭ قېرىندىشى شۇئەيبنى (پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتتۇق)، ئۇ (ئۆز قەۋمىگە) ئېيتتى: «ئى قەۋمىم! الله قا ئىبادەت قىلىڭلار، سىلەرگە الله دىن باشقا ھېچ مەبۇد (بەرھەق) يوقتۇر.﴾[6] ﴿ئۆز ۋاقتىدا ئىبراھىم ئاتىسىغا ۋە قەۋمىگە ئېيتتى: «سىلەر چوقۇنۇۋاتقان بۇتلاردىن مەن راستلا ئادا ـ جۇدامەن. پەقەت مېنى

---

[1] سۈرە ئەنبىيا 25 ـ ئايەت.
[2] سۈرە زۇخرۇف 45 ـ ئايەت.
[3] سۈرە مۇئمىنۇن 23 ـ ئايەت.
[4] سۈرە ئەئراف، 73 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[5] سۈرە ئەئراف، 65 ـ ئايەت.
[6] سۈرە ئەئراف، 85 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

ياراتقان الله مېنى (توغرا يولغا) باشلايدۇ»﴾[1]. مۇسا ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: ﴿سىلەرنىڭ ئىلاھىڭلار بىر الله دۇر، ئۇنىڭدىن باشقا ھېچ مەبۇد (بەرھەق) يوقتۇر، ئۇ ھەر نەرسىنى تولۇق بىلگۈچىدۇر.﴾[2] ﴿ئىسا: «ئى بەنى ئىسرائىل! مېنىڭ پەرۋەردىگارىم ۋە سىلەرنىڭ پەرۋەردىگارىڭلار بولغان الله قا ئىبادەت قىلىڭلار، كىمكى الله قا شېرىك كەلتۈرىدىكەن (يەنى الله دىن غەيرىيگە ئىلاھ دەپ ئېتىقاد قىلىدىكەن)، الله ئۇنىڭغا جەننەتنى ھارام قىلىدۇ، ئۇنىڭ جايى دوزاخ بولىدۇ.﴾[3] ﴿(ئى مۇھەممەد! مەككە كاپىرلىرىغا) ئېيتقىنكى، «مەن پەقەت بىر ئاگاھلاندۇرغۇچىمەن، غالىب بىر الله دىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوقتۇر.﴾[4] ۋە بۇنىڭدىن باشقا نۇرغۇن ئايەتلەر بار.

## 91 ـ سوئال:

**ئۆتكەنكى پەيغەمبەرلەرنىڭ ھالال ـ ھارامدىن ئىبارەت شاخچا مەسىلىلەردە بىر ـ بىرىدىن پەرقلىق تەرەپلىرى بارلىقى ھەققىدىكى دەلىللەر قايسىلار؟**

بۇ ھەقتە الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿(ئى ئۇممەتلەر!) سىلەرنىڭ ھەر بىرىڭلارغا بىر خىل شەرىئەت ۋە ئوچۇق يول تەيىن قىلدۇق. ئەگەر الله خالىسا، ئەلۋەتتە، سىلەرنى بىر ئۇممەت قىلاتتى (يەنى پۈتۈن ئىنسانلارنى بىر دىندا قىلاتتى). لېكىن الله سىلەرگە بەرگەن شەرىئەتلەر ئارىسىدا سىلەرنى سىناش ئۈچۈن (كۆپ ئۇممەت قىلىپ ئايرىدى). ياخشى ئىشلارغا ئالدىراڭلار.﴾[5]

---

[1] سۈرە زۇخرۇف، 27 ـ ۋە 28 ـ ئايەتلەر.
[2] سۈرە تاھا، 98 ـ ئايەت.
[3] سۈرە مائىدە، 72 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[4] سۈرە ساد، 65 ـ ئايەت.
[5] سۈرە مائىدە 48 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

سەھىھۇل بۇخارىنىڭ ھەدىسىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «بىز پەيغەمبەرلەر گۇرۇھى دادا بىر قېرىنداشلار بولۇپ، دىنىمىز بىردۇر.»[1] يەنى بارلىق پەيغەمبەرلەر ئېلىپ كەلگەن، بارلىق نازىل قىلىنغان كىتابلاردا يېزىلغان تەۋھىد (الله نى بىر ۋە بار دەپ بىلىش) تە بىردۇر. ئەممە چەكلىمە، بۇيرۇق، ھالال ۋە ھارامدا ھەر خىل بولۇپ، ﴿سىلەرنىڭ قايسىڭلارنىڭ ئەمەلى ياخشى ئىكەنلىكىنى سىناش ئۈچۈن الله (ئۇلارنى ياراتتى).﴾[2]

## 92 ـ سوئال:

### الله تائالا بارلىق پەيغەمبەرلەر ھەققىدە توختالغانمۇ؟

الله تائالا بىزنىڭ ۋەز ـ نەسىھەت ۋە ئىبرەت ئېلىشىمىزغا يېتەرلىك دەرىجىدە پەيغەمبەرلىرىنىڭ قىسسىلىرىنى بايان قىلىپ بېرىپ مۇنداق دېدى: ﴿بىز نۇرغۇن پەيغەمبەرلەرنى ئەۋەتتۇق، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئىلگىرى (ئى مۇھەممەد!) ساڭا بايان قىلغانلىرىمىزمۇ بار، ساڭا بايان قىلمىغانلىرىمىزمۇ بار.﴾[3]

بىز بۇلارنىڭ تەپسىلي بايان قىلىنغىنىغا تەپسىلي، ئۇمۇمىي بايان قىلىنغىنىغا شۇ بويىچە ئىمان ئېيتىمىز.

## 93 ـ سوئال:

### قۇرئاندا ئىسمى تىلغا ئېلىنغان پەيغەمبەرلەر قايسىلار؟

ئۇلار: ئادەم، نۇھ، ئىدرىس، ھۇد، سالىھ، ئىبراھىم، ئىسمائىل، ئىسھاق، يەئقۇب، يۇسۇف، لۇت، شۇئەيب، يۇنۇس، مۇسا، ھارۇن، ئىلياس، زەكەرىيا، يەھيا، ئەليەسەئ، زۇلكىفل، داۋۇد، سۇلەيمان،

---

[1] بۇخارى، مۇسلىم ۋە ئەبۇداۋۇد رىۋايەت قىلغان.{بۇ يەردە كۆزدە تۇتۇلغىنى دىنىنىڭ مەنبەسىنىڭ بىر ئىكەنلىكى}.
[2] سۈرە ھۇد 7 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[3] سۈرە نىسا 164 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

ئــەييۇب، ئەســباتلار ئۇمۇمــى قىلــىپ بايــان قىلىنغــان، ئىســا ۋە مۇھەممــەد سـەللەللاھۇ ئەلـەيھى ۋەسـەللەمدۇر. بـارلىق پەيغەمبەرلەرگـە اللە نىڭ سالامى ۋە رەھمىتى بولسۇن!

**94 ـ سوئال:**

**ئۇلاردىن ئىرادىلىك (ئۇلىل ئەزىم) پەيغەمبەرلەر قانچە؟ ئۇلار قايسىلار؟**

ئـۇلار بـەش بولـۇپ، اللە تائـالا قۇرئـاندا ئىككـى ئورۇنـدا، ئۇلارنـى ئايرىم ـ ئايرىم تىلغا ئالغان.

1. ﴿ئـۆز ۋاقـتىدا بـىز پـەيغەمبەرلەردىن ئـەھدە ئـالدۇق، سـەندىن، نۇھتــىن، ئىبــراھىمدىن، مۇســادىن، مەريــەم ئوغلــى ئىســادىن مەھكــەم ئەھدە ئالدۇق.﴾[1]

2. ﴿اللە سىلەرگـە دىنـدىـن نۇھقـا تەۋسـىيە قىلغـان نەرسـىنى، سـاڭا (يــەنى مۇھەممــەد ئەلەيھىســالامغا) بــىز ۋەھــيى قىلغــان نەرســىنى، ئىبراھىمغـا، مۇسـاغا ۋە ئىسـاغا بـىز تەۋسـيە قىلغـان نەرسـىنى بايـان قىلــدى. ســىلەر دىنــنى بەرپــا قىلــىڭلار، دىــندا تەپــىرىقچىلىك قىلماڭلار.﴾[2]

**95 ـ سوئال:**

**تۇنجى پەيغەمبەر كىم؟**

بــۇ ھەقتــە بــەزى ئىختىلاپــلار بــار بولــۇپ، اللە قۇرئــاندا تىلغــا ئالغىنىدەك تۇنجى پەيغەمبەر نۇھ ئەلەيھىسسالامدۇر.

اللە تائــالا مۇنــداق دەيــدۇ: ﴿(ئــى مۇھەممــەد!) بــىز نۇھقــا ۋە ئۇنىڭدىــن كېيــىنكى پەيغەمبەرلەرگــە ۋەھــيى قىلغــاندەك، ھەقىقەتــەن

[1] سۈرە ئەھزاب، 7 ـ ئايەت.

[2] سۈرە شۇرا، 13 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

ساڭا ۋەھيى قىلدۇق.﴾[1] ﴿ئۇلار (يەنى مەككە كاپىرلىرى)دىن بۇرۇن، نۇھنىڭ قەۋمى ۋە ئۇلاردىن كېيىنكى (پەيغەمبەرلىرىگە قارشى ئۇيۇشقان ئاد ۋە سەمۇدقا ئوخشاش) جامائەلار (پەيغەمبەرلىرىنى) ئىنكار قىلدى.﴾[2]

**96 ـ سوئال:**

**ئىنسانلار ئارىسىدىكى دىنىي ئىختىلاپ قاچان باشلانغان؟**

ئىبنى ئاببـاس رەزىيەللاهۇ ئەنهۇما مۇنداق دەيدۇ: «ئادەم ئەلەيهىسسالام بىلەن نۇھ ئەلەيهىسسالامنىڭ ئارىلىقىدا ئون ئەسىر بار بولۇپ، بۇ جەرياندا بارلىق ئىنسانلار ھەق دىن ئۈستىدە ئىدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئىختىلاپ قىلىشقا باشلىدى. ﴿ئىنسانلار (دەسلەپتە) بىر ئۇممەت (يەنى ھەق دىندا) ئىدى. (كېيىن ئۇلارنىڭ بەزىسى ئىمان ئېيتىپ، بەزىسى ئىمان ئېيتماي ئىختىلاپ قىلىشتى)، الله (مۆمىنلەرگە جەننەت بىلەن) خۇش خەۋەر بەرگۈچى، (كۇففارلارنى دوزاختىن) ئاگاھلاندۇرغۇچى پەيغەمبەرلەرنى ئەۋەتتى.﴾[3]

**97 ـ سوئال:**

**ئەڭ ئاخىر پەيغەمبەر كىم؟**

ئاخىرقى پەيغەمبەر مۇھەممەد سەللەللاهۇ ئەلەيهى ۋەسەللەمدۇر.

**98 ـ بۇنىڭ دەلىلى نېمە؟**

بۇ ھەقتە الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿مۇھەممەد ئاراڭلاردىكى ئەرلەردىن ھېچبىرىنىڭ ئاتىسى ئەمەس، لېكىن (ئۇ) الله نىڭ پەيغەمبىرى ۋە پەيغەمبەرلەرنىڭ ئاخىرقىسىدۇر (الله ئۇنىڭ بىلەن

[1] سۈرە نىسا، 163 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[2] سۈرە غافىر، 5 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[3] سۈرە بەقەرە، 213 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

پەيغەمبەرلىكنى ئاخىرلاشتۇرغان، ئۇنىڭدىن كېيىن ھېچقانداق پەيغەمبەر كەلمەيدۇ).﴾[1]

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دەيدۇ: «مەندىن كېيىن 30 يالغانچى كېلىدۇ. ئۇلارنىڭ ھەممىسى پەيغەمبەرلىك دەۋاسى قىلىدۇ. ۋەھالەنكى، مەندىن كېيىن پەيغەمبەر كەلمەيدۇ، مەن پەيغەمبەرلەرنىڭ ئاخىرقىسىدۇرمەن.»[2]

يەنە بىر سەھىھ ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا مۇنداق دەيدۇ: «سەن مېنىڭ ئالدىمدا مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىدىكى ھارۇن ئەلەيھىسسالامغا ئوخشاش بولۇشقا رازى بولمامسەن؟ پەقەت بۇ يەردە ئوخشىمايدىغىنى مەندىن كېيىن پەيغەمبەر كەلمەيدۇ.»[3]

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم دەججال ھەققىدىكى ھەدىسىدە يەنە مۇنداق دەيدۇ: «مەن پەيغەمبەرلەرنىڭ ئەڭ ئاخىرقىسى، مەندىن كېيىن ھېچقانداق پەيغەمبەر بولمايدۇ.»

بۇنىڭدىن باشقىمۇ نۇرغۇن ھەدىسلەر بار.

## 99 ـ سوئال:

**پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۆزىدىن باشقا پەيغەمبەرلەردىن قايسى ئالاھىدىلىكلىرى بىلەن پەرقلىنىدۇ؟**

پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئالاھىدىلىكلىرى ناھايىتى كۆپ بولۇپ، بۇ ھەقتە ئالاھىدە ئەسەرلەرمۇ يېزىلغان. ئۇنىڭ ئىچىدىن بىز يۇقىرىدا زىكىر قىلغىنىمىزدەك، ئۇنىڭ ئەڭ ئاخىرقى پەيغەمبەر بولۇشىدۇر.

---

[1] سۈرە ئەھزاب 40 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[2] ئەبۇداۋۇد ۋە ئىمام تىرمىزى رىۋايەت قىلغان.
[3] بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ئۇلاردىن يەنە بىرى الله تائالانىڭ تۆۋەندىكى ئايىتىنىڭ تەپسىرىدە بايان قىلىنغىنىدەك، ئۇ بارلىق ئادەم باللىرىنىڭ خوجىسىدۇر. الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئەنە شۇ پەيغەمبەرلەرنىڭ بەزىسىنى بەزىسىدىن ئۈستۈن قىلدۇق؛ الله ئۇلارنىڭ بەزىسى (يەنى مۇسا ئەلەيھىسسالام) بىلەن سۆزلەشتى ۋە بەزىسىنىڭ (يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ) دەرىجىسىنى يۇقىرى كۆتۈردى.﴾[1]

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دەيدۇ: «مەن بارلىق ئادەم بالىسىنىڭ خوجىسىدۇرمەن. ئەمما بۇنىڭ بىلەن ماختانمايمەن.»[2]

ئۇلاردىن يەنە بىرى ئۇنىڭ ئىنسان ۋە جىندىن ئىبارەت بارلىق كىشىلەرگە پەيغەمبەر بولۇپ كېلىشىدۇر. الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿(ئى مۇھەممەد!) ئېيتقىنكى، «ئى ئىنسانلار! مەن ھەقىقەتەن سىلەرنىڭ ھەممىڭلارغا الله تەرىپىدىن ئەۋەتىلگەن ئەلچىمەن.»﴾[3]

الله تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿سېنى بىز پەقەت پۈتۈن ئىنسانلار ئۈچۈن (مۆمىنلەرگە جەننەت بىلەن) خۇش خەۋەر بەرگۈچى ۋە (كاپىرلارنى ئازاب بىلەن) ئاگاھلاندۇرغۇچى قىلىپ ئەۋەتتۇق.﴾[4]

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دەيدۇ: «ماڭا مەندىن ئىلگىرى ھېچكىمگە بېرىلىپ باقمىغان بەش ئىش بېرىلدى. ماڭا بىر ئايلىق مۇساپىدىن دۈشمەنگە قورقۇنچ پەيدا قىلىش ئارقىلىق ياردەم بېرىلدى. زېمىننىڭ ھەممە يېرى مەسجىد ۋە پاك

[1] سۈرە بەقەرە، 253 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[2] ئىمام تىرمىزى، ئەبۇداۋۇد ۋە ئىبنى ماجە رىۋايەت قىلغان.
[3] سۈرە ئەئراف، 158 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[4] سۈرە سەبەئ، 28 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

قىلىپ بېرىلدى، ھەرقانداق ئادەم نامازنى ۋاقتىدا ئوقۇماقچى بولغاندا قايسى يەر قولايلىق بولسا، شۇ يەردە ئوقىسۇن. مەندىن ئىلگىرى ھېچكىمگە ھالال قىلىنمىغان غەنىمەت ماڭا ھالال قىلىندى. ماڭا شاپائەت قىلىش ئىمتىيازى بېرىلدى. بارلىق پەيغەمبەرلەر ئۆز مىللىتىگىلا پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتىلەتتى، ئەمما مەن پۈتۈن خالايىققا پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتىلدىم.»[①]

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: «مېنىڭ جېنىم ئىلكىدە بولغان زاتنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، ھازىرقى ئۇممەتتىن مەيلى يەھۇدىي ياكى خرىستىئان بولسۇن، ھەرقانداق بىرسى مەن ئېلىپ كەلگەن دىننى ئاڭلاپ تۇرۇپ ئۇنىڭغا ئىمان ئېيتمىسا، ئۇ دوزاخ ئەھلىدىن بولىدۇ.»[②]

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بىز تىلغا ئالغاندىن باشقىمۇ نۇرغۇن ئالاھىدىلىكلىرى بولۇپ، سىز ئۇنى ئايەت ۋە ھەدىسلەرنىڭ مەزمۇنىدىن چۈشىنىۋالغايسىز.

**100 - سوئال:**

**پەيغەمبەرلەرنىڭ مۆجىزىلىرى دېگەن نېمە؟**

مۆجىزە ـــ ئادەتتىن تاشقىرى بىر ئىش بولۇپ، ئۇ جەڭ ئېلان قىلىش ۋە ئۇنىڭغا تەڭ كەلگۈدەك بىرسى چىقماسلىق ئارقىلىق بولىدۇ. ئۇ يا تاشتىن تۆگە چىققىنى، ھاسىنىڭ يىلانغا ئايلانغىنى ۋە جانسىز نەرسىلەرنىڭ سۆزلىگىنىگە ئوخشاش كۆز بىلەن كۆرگىلى ۋە قۇلاق بىلەن ئاڭلىغىلى بولىدىغان ھېسسىي بولىدۇ. ياكى قۇرئان كەرىمگە ئوخشاش پەقەت ئەقىل ئارقىلىقلا بىلگىلى بولىدىغان مەنىۋىي بولىدۇ.

[①] بۇخارى، مۇسلىم ۋە دارىمى رىۋايەت قىلغان.
[②] مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

پەيغەمبىرىمىز سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە مۆجىزىنىڭ ھەر خىلى، شۇنداقلا، شۇ تۈردىكى مۆجىزىلەرنىڭ ئەڭ كاتتىسى بېرىلگەن ئىدى. ئاينىڭ يېرىلىشى، تۆگىنىڭ ئىڭرىشى، مۇبارەك بارماقلىرى ئارىسىدىن بۇلاقتەك سۇ چىقىشى، پىشۇرۇلغان قوي گۆشى (قول) نىڭ سۆزلىشى، تاماقنىڭ تەسبىھ ئېيتىشى ۋە بۇندىن باشقا سەھىھ ھەدىسلەردە مۇتەۋاتىر بولۇپ كەلگەن ھېسسىي مۆجىزىلىرى بار. بۇ مۆجىزىلەرنىڭ ھەممىسى باشقا پەيغەمبەرلەرنىڭ مۆجىزىلىرىدەك ئۇلارنىڭ ئالەمدىن ئۆتۈشى بىلەن پەقەت ئەسلىمىسىدىن باشقا ئەسىرى قالمىغان ئىدى. ئەمما مەڭگۈ باقى قالىدىغان، ئەقىللەرنى دائىم لال قىلىدىغان مۆجىزە بولسا قۇرئان كەرىمدۇر. ﴿ئۇنىڭغا ئالدىدىنمۇ، ئارقىسىدىنمۇ (يەنى ھېچقايسى تەرىپىدىن) باتىل يۈزلەنمەيدۇ، ئۇ ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچى، مەدھىيىگە لايىق الله تەرىپىدىن نازىل قىلىنغاندۇر.﴾[1]

## 101 ـ سوئال:

### قۇرئاننىڭ مۆجىزە ئىكەنلىكىنىڭ دەلىلى نېمە؟

بۇنىڭ دەلىلى شۇكى، قۇرئان كەرىم يىگىرمە نەچچە يىلدا نازىل بولۇش جەريانىدا ناھايىتى ناتىق، بالاغەت ۋە پاساھەتتە ۋايىغا يەتكەن شۇ قۇرەيشلىكلەرگە مۇنداق جەڭ ئېلان قىلغان ئىدى: ﴿ئەگەر (مۇھەممەد ئۇنى توقۇدى دېگەن سۆزۈڭلاردا) راستچىل بولساڭلار، (تۈزۈلۈشتە، گۈزەللىكتە، بايانىدا) قۇرئانغا ئوخشايدىغان بىر سۆزنى كەلتۈرۈپ بېقىڭلار.﴾[2] ﴿ئۇلار قۇرئاننى (مۇھەممەد) ئۆزى ئىجاد قىلغان دېيىشەمدۇ؟ ئېيتقىنكى، «(بۇ سۆزۈڭلاردا) راستچىل بولساڭلار، الله دىن غەيرىي چاقىرالايدىغانلىكى كىشىلىرىڭلارنى (ياردەمگە) چاقىرىپ، (پاساھەت ۋە بالاغەت جەھەتتىن)

[1] سۈرە فۇسسىلەت، 42 ـ ئايەت.

[2] سۈرە تۇر، 34 ـ ئايەت.

قۇرئاندىكىگە ئوخشايدىغان ئون سۈرىنى ئىجاد قىلىپ بېقىڭلار »﴾[1] ﴿ئۇلار: «قۇرئاننى مۇھەممەد ئۆزى توقۇپ چىققان» دېيىشەمدۇ؟ ئېيتقىنكى، «ئەگەر (بۇ سۆزۈڭلاردا) راستچىل بولساڭلار، الله دىن باشقا (ياردەمگە) چاقىرالايدىغانلىكى كىشىڭلارنى چاقىرىپ، قۇرئانغا ئوخشاش بىرەر سۈرىنى كەلتۈرۈپ بېقىڭلار.»﴾[2] گەرچە ئۇلار سۆز ئېيتىشلىرى، ئۆز - ئارا پەخىرلىنىشلىرىدە قوللىنىۋاتقان سۆزلىرىنىڭ ھەرپ ۋە سۆزلۈكلىرى ئوخشاش بولسىمۇ، ئۇنىڭغا بارلىق ئىمكانلىرىنى ئىشلىتىپ جاۋاپ قايتۇرۇشقا ھېرىسمەن بولسىمۇ، ئۇنىڭغا جاۋاپ قايتۇرالمىدى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇلارنى ئۆزلىرىنىڭ ئاجىز كەلگەنلىكىنى ۋە قۇرئاننىڭ مۆجىزە ئىكەنلىكىنى بايان قىلىشقا چاقىرىپ مۇنداق دېدى: ﴿ئېيتقىنكى، «ئەگەر ئىنسانلار، جىنلار بۇ قۇرئاننىڭ ئوخشىشىنى مەيدانغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن يىغىلىپ بىر - بىرىگە ياردەملەشكەن تەقدىردىمۇ، ئۇنىڭ ئوخشىشىنى مەيدانغا كەلتۈرەلمەيدۇ.»﴾[3]

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «ھەرقانداق پەيغەمبەرگە ئىنسانلار ئۇنىڭ ئوخشىشىنى كۆرۈش ئارقىلىق ئىمان ئېيتىدىغان ئالامەت (مۆجىزە) لەر بېرىلدى[4]. ماڭا بېرىلگىنى بولسا، الله نىڭ ماڭا نازىل قىلغان ۋەھيىسى (قۇرئان) بولۇپ، مەن قىيامەت كۈنى شۇ پەيغەمبەرلەر ئارىسىدا ئەگەشكۈچىسى ئەڭ كۆپ بولغان پەيغەمبەر بولۇشۇمنى ئۈمىد قىلىمەن.»[5]

كىشىلەر قۇرئان كەرىمنىڭ مۆجىزىلىرىنى تىل، مەنا، ئۆتكەنكى ۋە كېلەچەكتىكى غەيبتىن خەۋەر بېرىش قاتارلىق تۈرلەرگە بۆلدى. بۇ

[1] سۈرە ھۇد، 13 - ئايەت.
[2] سۈرە يۇنۇس، 38 - ئايەت.
[3] سۈرە ئىسرا، 88 - ئايەت.
[4] يەنى شۇ زاماندىكى ئەڭ راۋاجلانغان ئىشقا قارىتا مۆجىزە بېرىلدى.
[5] بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

تۇرلەردىن ئىنسانلارنىڭ ئېرىشكىنى پەقەت قۇشقاچنىڭ تۇمشۇقى ئارقىلىق دېڭىزدىن بىر تېمىم سۇ ئالغىنىچىلىكلا ئىدى.

# ئاخىرەتكە ئىمان ئېيتىش

**102 ــ سوئال:**

**ئاخىرەتكە ئىمان ئېيتىشنىڭ قۇرئان كەرىمدىكى دەلىللىرى قايسىلار؟**

الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿شۈبهىسىزكى، بىز بىلەن مۇلاقات بولۇشنى ئۈمىد قىلمايدىغانلار (يەنى الله قا مۇلاقات بولۇشنى كۆزلىمەيدىغانلار)، دۇنيا تىرىكچىلىكىدىن بەھرىمەن بولۇش بىلەنلا رازى بولغانلار ۋە ئۇنىڭ بىلەن ئارام تاپقانلار، بىزنىڭ ئايەتلىرىمىزدىن غاپىل بولغانلار، ئەنە شۇلارنىڭ جايى، قىلمىشلىرى تۈپەيلىدىن، دوزاخ بولىدۇ.﴾[1] ﴿كىمكى الله قا مۇلاقات بولۇشنى ئۈمىد قىلىدىكەن، (بىلسۇنكى) الله نىڭ (بۇنىڭغا بەلگىلىگەن) ۋاقتى چوقۇم يېتىپ كېلىدۇ. الله (بەندىلىرىنىڭ سۆزلىرىنى) ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر، (بەندىلىرىنىڭ تاشقى ۋە ئىچكى ئەھۋالىنى) بىلىپ تۇرغۇچىدۇر.﴾[2] ﴿سىلەرگە ۋەدە قىلىنغان (ساۋاب، ئازاب، قىيامەت قاتارلىق)لار ئەلۋەتتە راستتۇر. (ياخشى ئەمەللەرنى) مۇكاپاتلاش، (يامان ئەمەللەرنى) جازالاش چوقۇم بولىدىغان ئىشتۇر.﴾[3] ﴿قىيامەت چوقۇم كېلىدۇ، ئۇنىڭدا شەك يوق ۋە لېكىن ئىنسانلارنىڭ تولىسى (ئۇنىڭغا) ئىشەنمەيدۇ (شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلار ئۆلگەندىن كېيىن تىرىلىشنى، قىيامەت كۈنى

[1] سۈرە يۇنۇس، 7 ــ ۋە 8 ــ ئايەتلەر.
[2] سۈرە ئەنكەبۇت، 5 ــ ئايەت.
[3] سۈرە زارىيات، 5 ــ ۋە 6 ــ ئايەتلەر.

بېرىلىدىغان مۇكاپات بىلەن جازانى ئىنكار قىلىدۇ)﴾[1] ۋە باشقا ئايەتلەر.

**103 ـ سوئال:**

**ئاخىرەت كۈنىگە ئىمان ئېيتىشنىڭ مەنىسى نېمە؟ ئۇ نېمىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ؟**

ئاخىرەت كۈنىگە ئىمان ئېيتىشنىڭ مەنىسى، ئۇنىڭ چوقۇم كېلىدىغانلىقىغا ئىشىنىش ۋە شۇنىڭغا قارىتا ئەمەل ـ ئىبادەت قىلىش دېگەنلىكتۇر. ئۇ، قىيامەت قايىم بولۇشتىن بۇرۇن چوڭ ـ كىچىك ئالامەتلەرنىڭ كۆرۈلىدىغانلىقىغا، ئۆلۈمگە، ئۆلۈمدىن كېيىن قەبرىدىكى سوئال ـ سوراققا، ئازاب ۋە نېئمەتكە، سۇرنىڭ چېلىنىدىغانلىقىغا، خالايىقنىڭ قەبرىلىرىدىن چىقىرىلىدىغانلىقىغا، قىيامەت مەيدانىدىكى دەھشەتلىك ۋە قورقۇنچلۇق ئەھۋاللارغا، مەھشەر بىلەن مۇناسىۋەتلىك تەپسىلاتلارغا، ئەمەل دەپتەرلىرىنىڭ ئېچىلىدىغانلىقىغا، مىزان ۋە پىلسىرات كۆۋرۈكلىرىنىڭ ئوتتۇرىغا قويۇلىدىغانلىقىغا، ھەۋزى كەۋسەر، شاپائەت ۋە باشقا ئىشلارغا، جەننەتكە ۋە ئۇنىڭ ئەڭ ئالىي مەرتىۋىسى بولغان ”ئۇلۇغ الله نىڭ جامالىنى كۆرۈش“ نېئمىتىگە، دوزاخقا ۋە ئۇنىڭ ئەڭ يۇقىرى دەرىجىسى بولغان ”ئۇلۇغ الله نىڭ جامالىنى كۆرۈش“ نېئمىتىدىن مەھرۇم قېلىشتىن (چۈنكى كاپىرلارنىڭ كۆزلىرى پەردىلەنگەن بولىدۇ) ئىبارەت ئېغىر ئازابقا ئىمان ئېيتىشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

**104 ـ سوئال:**

[1] سۈرە مۇئمىنۇن، 59 ـ ئايەت.

## قىيامەتنىڭ قاچان بولىدىغانلىقىنى بىلىدىغان بىرى بارمۇ؟؟

قىيامەتنىڭ قايىم بولۇشى، الله تائالانىڭ ئۆزىگىلا ئايرىغان غەيب ئىلمىنىڭ ئاچقۇچلىرىدىن بىرىدۇر. چۈنكى، الله مۇنداق دەيدۇ: ﴿قىيامەت (نىڭ بولىدىغان ۋاقتى) توغرىسىدىكى بىلىم ھەقىقەتەن الله نىڭ دەرگاھىدىدۇر. الله يامغۇرنى (ئۆزى بەلگىلىگەن ۋاقىتتا ۋە ئۆزى بەلگىلىگەن جايغا ) ياغدۇرىدۇ، بەچچىدانىدىكىلەرنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى (يەنى ئوغۇلمۇ، قىزمۇ، بېجىرىممۇ، كەمتۈكمۇ، بەختلىكمۇ، بەختسىزمۇ) الله بىلىدۇ، ھېچ ئادەم ئەتە نېمىلەرنى قىلىدىغانلىقىنى (يەنى ئۇنىڭغا نېمە ئىش بولىدىغانلىقىنى، ياخشى - يامان ئىشلاردىن نېمىلەرنى قىلىدىغانلىقىنى) بىلمەيدۇ، ھېچ ئادەم ئۆزىنىڭ قەيەردە ئۆلىدىغانلىقىنى بىلمەيدۇ، الله ھەقىقەتەن (پۈتۈن ئىشلارنى) بىلىپ تۇرغۇچىدۇر، (شەيئىلەرنىڭ ئىچكى ۋە تاشقى تەرەپلىرىدىن) تولۇق خەۋەرداردۇر.﴾[1] ﴿(ئى مۇھەممەد!) ئۇلار سەندىن قىيامەتنىڭ قاچان بولىدىغانلىقىنى سورايدۇ. ئېيتقىنكى، «ئۇنىڭ قاچان بولىدىغانلىقىنى پەقەت پەرۋەردىگارىم (الله) بىلىدۇ، ئۇنى پەقەت ئۆزى بەلگىلىگەن ۋاقىتتا مەيدانغا چىقىرىدۇ، قىيامەت ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىنىنىڭ (ئەھلىگە) ئېغىر (ۋەقەدۇر). ئۇ سىلەرگە تۇيۇقسىز كېلىدۇ.»﴾[2] ﴿ئۇلار سەندىن قىيامەتنىڭ قاچان بولىدىغانلىقىنى سورايدۇ. سەن ئۇنى قانداقمۇ بايان قىلىپ بېرەلەيسەن؟ ئۇنى بىلىش پەرۋەردىگارىڭغا خاستۇر.﴾[3]

---

[1] سۈرە لوقمان، 34 ـ ئايەت.
[2] سۈرە ئەئراف، 187 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[3] سۈرە نازىئات، 42 ـ دىن 44 ـ ئايەتكىچە.

جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا: «ماڭا قىيامەت ھەققىدە خەۋەر بەرگىن!» دېگەندە، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام: «بۇ ھەقتە سورالغۇچىنىڭ ئىلمى سورىغۇچىنىڭكىدىن كۆپ ئەمەس» دەپ جاۋاب بەرگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئالامەتلىرىنى ساناپ بەرگەن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە بىر ھەدىستە: «قىيامەت ـ الله تىن باشقا ھېچكىم بىلمەيدىغان بەش تۈرلۈك ئىشنىڭ بىرىدۇر» دېگەن ۋە يۇقىرىدىكى ئايەتتىن ئوقۇغان.

## 105 ــ سوئال:

**قىيامەت ئالامەتلىرىنىڭ قۇرئان ئايەتلىرىدىكى مىساللىرى قايسىلار؟**

جانابى الله نىڭ مۇنۇ ئايەتلىرى بۇنىڭ مىسالى بولالايدۇ: ﴿ئۇلار پەقەت (ئۆلۈم) پەرىشتىلىرىنىڭ ياكى پەرۋەردىگارىنىڭ ياكى پەرۋەردىگارىڭنىڭ (قۇياشنىڭ مەغرىبتىن چىقىشىدىن ئىبارەت) ئالامەتلىرىنىڭ كېلىشىنىلا كۈتىدۇ، پەرۋەردىگارىڭنىڭ بەزى ئالامەتلىرى كەلگەندە ئىلگىرى ئىمان ئېيتمىغانلارنىڭ ياكى ئىمان ئېيتىپ ياخشى ئىش قىلمىغانلارنىڭ ئېيتقان ئىمانى پايدىسىز بولىدۇ.﴾[1] ﴿ئۇلار (يەنى كۇففارلار)غا ئالدىنئالا ئېيتىلغان سۆز ئىشقا ئاشقاندا (يەنى ئازاب ۋە قىيامەت يېقىنلاشقاندا)، ئۇلارغا زېمىندىن بىر تۈرلۈك ھايۋاننى چىقىرىمىزكى، ئۇ ئۇلارغا ئىنسانلارنىڭ بىزنىڭ ئايەتلىرىمىزگە ئىشەنمىگەنلىكىنى سۆزلەيدۇ.﴾[2] ﴿يەجۇج ـ مەجۇج (توسمىسى) ئېچىۋېتىلگەندە، ئۇلار زېمىننىڭ ھەربىر تۆپىلىكلىرىدىن ئالدىراپ چىقىپ كېلىدۇ.

[1] سۈرە ئەنئام، 158 ــ ئايەت.
[2] سۈرە نەمل، 82 ــ ئايەت.

راست ۋەدە (يەنى قىيامەتنىڭ ۋاقتى) يېقىنلاشتى، ئۇ كۈندە كاپىرلارنىڭ كۆزلىرى چەكچىيىپ قالىدۇ، (ئۇلار) «ۋاي ئېسىت! بۇنىڭدىن بىز غەپلەتتە قېلىپتۇق، بەلكى بىز ئۆزىمىزگە زۇلۇم قىلىپتۇق» (دېيىشىدۇ)﴾[1] ﴿(ئى مۇھەممەد!) سەن ئاسمان (ھەممە ئادەم) ئوچۇق (كۆرىدىغان) تۈتۈننى كەلتۈرىدىغان كۈندە (ئۇلارغا بولىدىغان ئازابنى) كۈتكىن!﴾[2] ﴿ئى ئىنسانلار! پەرۋەردىگارىڭلاردىن (يەنى ئازابىدىن) قورقۇڭلار، قىيامەتنىڭ زىلزىلىسى ھەقىقەتەن چوڭ ئىشتۇر.﴾[3] دەپ باشلىغان ئايەتلەر ۋە باشقىلىرى...

**106 ـ سوئال:**

**قىيامەت ئالامەتلىرىنىڭ ھەدىس شېرىپتىكى دەلىللىرى قايسىلار؟**

قۇياشنىڭ غەربتىن چىقىشى، زېمىندىن چىقىدىغان بىر تۈرلۈك ھايۋان (داببە)، دەججال ۋە باشقا ۋەقەلەرنى بىلدۈرۈپ كەلگەن ھەدىسلەر، ئىسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاسماندىن چۈشۈشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ھەدىسلەر، يەجۈج ـ مەجۈجنىڭ چىقىشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ھەدىسلەر بۇنىڭغا مىسال بولالايدۇ.

شۇنداقلا، ئىس ـ تۈتەك، ھەربىر مۇئمىننىڭ جېنىنى ئالىدىغان شامالنىڭ كېلىدىغانلىقىغا، بىر پارچە ئوتنىڭ

---

[1] سۈرە ئەنبىيا، 96 ـ ۋە 97 ـ ئايەتلەر.
[2] سۈرە دۇخان، 10 ـ ئايەت.
[3] سۈرە ھەج، 1 ـ ئايەت.

چىقىدىغانلىقىغا، ئۈچ قېتىملىق يەر يۇتۇش ھادىسىسىنىڭ مەيدانغا كېلىدىغانلىقىغا مۇناسىۋەتلىك ھەدىسلەرمۇ بار.①

**107 ـ سوئال:**

**ئۆلۈمگە ئىمان ئېيتىشنىڭ دەلىلى نېمە؟**

اللە تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئېيتقىنكى، «سىلەرنىڭ (جېنىڭلارنى ئېلىشقا) مۇئەككەل قىلىنغان پەرىشتە سىلەرنىڭ جېنىڭلارنى ئالىدۇ، ئاندىن پەرۋەردىگارىڭلارنىڭ دەرگاھىغا قايتۇرۇلىسىلەر.»﴾② ﴿ھەربىر جان ئىگىسى ئۆلۈمنىڭ تەمىنى تېتىغۇچىدۇر. سىلەرنىڭ ئەجرىڭلار (يەنى ئەمەللىرىڭلارنىڭ ساۋابى) قىيامەت كۈنى تولۇق بېرىلىدۇ.﴾③ ﴿سەن ھەقىقەتەن ئۆلىسەن، ئۇلارمۇ ھەقىقەتەن ئۆلىدۇ.﴾④ ﴿(ئى مۇھەممەد!) سەندىن ئىلگىرى (ئىنسانلاردىن) ھېچ كىشىنى مەڭگۈ ياشاتقىنىمىز

① ئىمام مۇسلىم ھۇزەيفە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: بىز ئۆز ئارا پاراڭلىشىپ ئولتۇرغاندا پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم چىقىپ كەلدى. ئۇ: «نېمە توغرىسىدا سۆزلىشىۋاتىسىلەر؟» دەپ سورىدى. بىز: قىيامەت ھەققىدە سۆزلىشىۋاتىمىز، ـ دېيىشتۇق. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «شەك ـ شۈبھىسىزكى، قىيامەتتىن بۇرۇن سىلەر ئون ئالامەتنى كۆرمىگىچە قىيامەت ھەرگىز قايىم بولمايدۇ» دېگەندىن كېيىن. ئاندىن ئالەمنى تۈتۈن قاپلىشى، دەججالنىڭ چىقىشى، غەلىتە ھايۋاننىڭ چىقىشى، كۈننىڭ غەربتىن چىقىشى، مەريەم ئوغلى ئىسا ئەلەيھىسسالامنىڭ چۈشۈشى، يەئجۇج ۋە مەئجۇجلەر، شەرقتە بىر قېتىم، غەربتە بىر قېتىم، ئەرەب يېرىم ئارىلىدا بىر قېتىمدىن ئىبارەت ئۈچ قېتىم يەر يۇتۇش ھادىسىسى، ھەممىنىڭ ئاخىرىدا يەمەن تەرەپتىن بىر ئوت چىقىپ ئىنسانلارنى مەھشەرگاھ تەرەپكە قوغلاپ مېڭىشى قاتارلىقلارنى تىلغا ئالغاندى.

يەنە بىر ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ھەقىقەتەن اللە تائالا يەمەندىن يىپەكتىنمۇ يۇمشاق بىر شامال ئەۋەتىدۇ. ئۇ شامال قەلبىدە مىسقالچىلىك ئىمان بار ھەرقانداق بىر مۇسۇلماننىڭ جېنىنى ئالىدۇ.»

② سۈرە سەجدە، 11 ـ ئايەت.

③ سۈرە ئال ئىمران، 185 ـ ئايەت.

④ سۈرە زۇمەر، 30 ـ ئايەت.

يوق، سەن ئۆلسەڭ، ئۇلار مەڭگۈ ياشامدۇ؟ (بۇنداق بولۇشى ھەرگىزمۇ ئۇلارغا مۇيەسسەر بولمايدۇ، ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئۆلىدۇ)﴾[1] ﴿زېمىنىنىڭ ئۈستىدىكى ھەممە يوقىلىدۇ. ئەزىمەتلىك ۋە كەرەملىك پەرۋەردىگارىڭنىڭ زاتى مەڭگۈ قالىدۇ.﴾[2] ﴿الله نىڭ زاتىدىن باشقا بارلىق نەرسە يوقىلىدۇ.﴾[3] ﴿(ھەممە ئىشىڭدا) ئۆلمەيدىغان مەڭگۈ ھايات الله قا يۆلەنگىن، ئۇنىڭغا ھەمدۇ ئېيتىش بىلەن الله نى پاك دەپ ئېتىقاد قىلغىن، ئۇ بەندىلىرىنىڭ گۇناھلىرىنى تولۇق بىلىشتە يېتەرلىكتۇر.﴾[4] ۋە باشقا ئايەت كەرىملەر.

بۇ ھەقتە، ساناپ ـ تۈگەتكۈسىز دەرىجىدە كۆپ ھەدىس ـ شېرىپ بار. ئۇنىدىن باشقا، بۇ كۆز ئالدىمىزدا يۈز بېرىۋاتقان بىر ئەھۋال بولۇپ، بۇنى بىلمەيدىغان ھېچكىم يوق. شۇڭا ھېچكىم ئۆلۈمگە شۈبھە ۋە گۇمان بىلەن قارىمايدۇ. ئەمما بەزى كىشىلەر جاھىللىق ۋە (ھەقكە قارشى) مۇتەكەببۇرلۇق قىلىدۇ.

ئۆلۈمگە ۋە ئۇنىدىن كېيىنكى ھاللارغا پەقەت الله نىڭ ئىخلاسمەن بەندىلىرىلا ئىمان ئېيتىشنىڭ تەقەززاسى بىلەن ئەمەل قىلىدۇ.

بىز، ئۆلگەن ياكى ئۆلتۈرۈلگەن ۋەياكى قانداقلىكى سەۋەب بىلەن بولسۇن، ھاياتى ئاخىرلاشقان ھەرقانداق بىرىنىڭ ئەجىلى بىلەن ئۆلگەنلىكىگە ۋە ئۇنىڭ ئەجىلىدىن ھېچنېمىنىڭ كېمەيتىۋېتىلمىگەنلىكىگە ئىمان ئېيتىمىز.

---

[1] سۈرە ئەنبىيا، 34 ـ ئايەت.
[2] سۈرە رەھمان، 26ـ ۋە 27 ـ ئايەتلەر.
[3] سۈرە قەسەس، 88 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[4] سۈرە شۇرا، 58 ـ ئايەت.

ئۇلۇغ الله مۇنداق دەيدۇ: ﴿(ئۇلارنىڭ) ھەربىرى مۇئەييەن مۇددەتكىچە (يەنى دۇنيانىڭ تۈگەيدىغان ۋاقتىغىچە) سەير قىلىدۇ.﴾[1] ﴿(پەيغەمبەرلىرىنى ئىنكار قىلىدىغان) ھەربىر ئۈممەتنىڭ (ھالاك بولىدىغان) مۇئەييەن ۋاقتى بولىدۇ، (ھالاك بولىدىغان) ۋاقتى يەتكەندە، ئۇلار بىردەممۇ ئىلگىرى ـ كېيىن بولمايدۇ (يەنى دەرھال ھالاك بولىدۇ)﴾[2]

## 108 ـ سوئال:

قەبرە سورىقىدىكى نېئمەت ۋە ئازابنىڭ قۇرئان كەرىمدىكى دەلىللىرى قايسىلار؟

الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿(ئۇنىڭ دۇنياغا قايتىشى) مۇمكىن ئەمەس، ئۇ چوقۇم شۇ سۆزنى قىلغۇچىدۇر، ئۇلار قەبرىلىرىدىن تۇرغۇزۇلغان كۈنگە قەدەر ئۇلارنىڭ ئالدىدا (ئۇلارنى دۇنياغا قايتىشتىن توسىدىغان) بىر توسما بولىدۇ.﴾[3] ﴿الله ئۇنى پىرئەۋن جامائەسىنىڭ سۇيىقەستلىرىدىن ساقلىدى. پىرئەۋن جامائەسىگە ئەڭ يامان ئازاب نازىل بولدى. ئۇلار ئەتىگىنى ـ ئاخشىمى ئوتقا توغرىلىنىپ تۇرىدۇ، قىيامەت قايىم بولغان كۈندە: «ئى پىرئەۋن جامائەسى! ئازابنىڭ ئەڭ قاتتىقىغا (دوزاخ ئوتىغا) كىرىڭلار!» (دېيىلىدۇ)﴾[4] الله مۇئمىنلەرنى مۇستەھكەم ئىمان بىلەن دۇنيادا ۋە ئاخىرەتتە مەھكەم تۇرغۇزىدۇ. الله

---

[1] سۈرە رەئد، 2 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[2] سۈرە ئەئراف، 34 ـ ئايەت.
[3] سۈرە مۇئمىنۇن، 100 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[4] سۈرە مۇئمىن، 45 ـ ۋە 46 ـ ئايەتلەر.

زالىملار (يەنى كۇففارلار)نى گۇمراھ قىلىدۇ، الله خالىغىنىنى قىلىدۇ.﴾[1]

ئۇلۇغ الله يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿(ئى مۇھەممەد!) زالىملارنى سەكراتقا چۈشكەن ۋاقىتلىرىدا كۆرسەڭ (ئەلۋەتتە، قورقۇنچلۇق ھالىنى كۆرسەن)، پەرىشتىلەر (يەنى ئازاب پەرىشتىلىرى) قوللىرىنى سوزۇپ: «سىلەر جانلىرىڭلارنى چىقىرىڭلار! سىلەر الله توغرىسىدا ھەقسىز سۆزلەرنى قىلغانلىقىڭلار (يەنى ئىپترا قىلغانلىقىڭلار، شېرىك كەلتۈرگەنلىكىڭلار، بالا نىسبەت بەرگىنىڭلار) ۋە الله نىڭ ئايەتلىرىنى مەنسىتمىگەنلىكىڭلار ئۈچۈن، بۈگۈن خورلىغۇچى ئازاب بىلەن جازالىنىسىلەر» دەيدۇ.﴾[2] ﴿بىز ئۇلارنى ئىككى قېتىم (يەنى دۇنيادا قەتل قىلىش ۋە ئەسىر ئېلىش بىلەن، ئۆلگەندە گۆر ئازابى بىلەن) جازالايمىز. ئاندىن ئۇلار (ئاخىرەتتە) چوڭ ئازابقا (يەنى دوزاخ ئازابىغا) قايتۇرۇلىدۇ.﴾[3] ۋە بۇلاردىن باشقا ئايەت كەرىملەر.

**109 ـ سوئال:**

**بۇنىڭ ھەدىستىكى دەلىللىرى قايسىلار؟**

بۇ ھەقتىكى سەھىھ ھەدىسلەر مۇتەۋاتىر دەرىجىسىگە يەتكەن بولۇپ، ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنغان ھەدىس شېرىپ شۇلاردىن بىرىدۇر. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەندى: «بەندە قەبرىگە قويۇلۇپ، ئۇنى كۆمۈپ قويۇپ قايتىپ كېتىۋاتقانلارنىڭ ئاياغ تىۋىشى يۇتمەي تۇرۇپلا قەبرىگە ئىككى پەرىشتە كېلىدۇ. ئۇنى

[1] سۈرە ئىبراھىم، 27 ـ ئايەت.
[2] سۈرە ئەنئام، 93 ـ ئايەت.
[3] سۈرە تەۋبە، 101 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

ئولتۇرغۇزۇپ، مۇنداق دەيدۇ: ”سەن (مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى ئىما قىلغان هالدا) بۇ ئادەم ھەققىدە قانداق قارايتتىڭ؟“ دەپ سورايدۇ. ئەگەر ئۆلگۈچى مۇئمىن بولسا: ”مەن شاھادەت ئېيتىمەنكى، ئۇ الله نىڭ بەندىسى ۋە پەيغەمبىرىدۇر“ دەيدۇ. پەرىشتىلەر ئۇنىڭغا: ”دوزاختىكى ئورنۇڭغا قاراپ باققىن! ئۇلۇغ الله ئۇ يەرنىڭ ئورنىغا ساڭا جەننەتتىن جاي ئايرىپ قويدى“ دەيدۇ. ئۇ بەندە ھەر ئىككى جاينى كۆرۈپ تۇرىدۇ. (قەتادە مۇنداق دەيدۇ: بىزنىڭ ئاڭلىشىمىزچە، ئۇنىڭ قەبرە ئىچىدىكى ئورنى كېڭەيتىلىپ بېرىلىدۇ.) مۇناپىق ۋە كاپىرغا كەلسەك، ئۇنىڭدىن: ”سەن مۇھەممەد (سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم) ھەققىدە نېمە ئويلايتتىڭ؟“ دەپ سورالغاندا، ئۇ: ”بىلمەيمەن، مەن باشقىلار نېمە دېگەن بولسا، شۇنى تەكرارلايتتىم“ دەپ جاۋاب بېرىدۇ. پەرىشتىلەر ئۇنىڭغا: ”بىلمەي، ئاڭلىماي ئۆتۈپ كەتكەيسەن!“ دەيدۇ ۋە چويۈن بازغان بىلەن بىرنى ئۇرىدۇ. ئۇ بەندە ئاغرىق ئازابىدىن شۇنداق ئېچىنىشلىق چىقىرايدۇكى، ئىنسان ۋە جىنلاردىن باشقا ھەممىسى ئۇنىڭ داد ـ پەريادىنى ئاڭلاپ تۇرىدۇ.“[1]

ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلغان ھەدىسمۇ بۇنىڭ دەلىلىدۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «سىلەردىن بىرىڭلار ئۆلگەن ۋاقتىدا، ئۇنىڭغا تۇرىدىغان جايى ئەتىگەن ـ ئاخشىمى كۆرسىتىلىپ تۇرىدۇ. ئەگەر ئۇ جەننەت ئەھلىدىن بولسا، جەننەتتىكى ئورنى؛ ئەگەر دوزاخ ئەھلىدىن بولسا، دوزاختىكى ئورنى كۆرسىتىلىدۇ ۋە

[1] ئىمام بۇخارى ۋە ئىمام مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ئۇنىڭغا: ”مانا بۇ، قىيامەت كۈنى الله سېنى قايتا تىرىلدۈرگەنگە قەدەر سەن تۇرىدىغان جاي“ دېيىلىدۇ.[1]

ئىككى قەبرە ھەققىدىكى ھەدىستىمۇ: «بۇ ئىككىسىگە ئازاب قىلىنىۋاتىدۇ»[2] دېيىلگەن. ئەبۇئەييۇب ئەل ئەنسارى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلغان ھەدىستە مۇنداق دېيىلگەن: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كۈن پېتىۋاتقان ۋاقىتتا سىرتقا چىقتى ۋە بىر يەردىن كېلىۋاتقان ئاۋازنى ئاڭلاپ: ”يەھۇدىيلار قەبرىلىرىدە ئازاب تارتىۋاتىدۇ“ دېدى.»[3]

ئەسما رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنغان بىر ھەدىستە مۇنداق دېيىلگەن: «الله نىڭ پەيغەمبىرى سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم خۇتبە ئوقۇش ئۈچۈن ئورنىدىن تۇردى ۋە كىشى پىتنىگە (يەنى سوئال ـ سوراق ۋە ئازابقا) قالىدىغان قەبرە پىتنىسى ھەققىدە ۋەز ئېيتتى. بۇ ۋەزنى ئاڭلىغان مۇسۇلمانلار ۋاي سېلىپ كېتىشتى.»[4]

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ: «مەن شۇندىن كېيىن، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ھەر نامازدىن كېيىن قەبرە ئازابىدىن پاناھلىق تىلەپ الله قا دۇئا قىلغانلىقىنى كۆردۈم.»[5]

كۈنىنىڭ تۇتۇلۇشى توغرىسىدىكى ھەدىستىمۇ پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ساھابى كىراملىرىنى قەبرە ئازابىدىن پاناھلىق تىلەپ الله قا دۇئا قىلىشقا بۇيرىغانىدى.

[1] بۇخارى، مۇسلىم، نەسائى رىۋايەت قىلغان.
[2] بىرلىككە كەلگەن ھەدىس.
[3] بۇخارى، مۇسلىم ۋە نەسائى رىۋايەت قىلغان.
[4] بۇخارى ۋە نەسائى رىۋايەت قىلغان.
[5] بۇخارى، مۇسلىم ۋە نەسائى رىۋايەت قىلغان.

بـــۇ ھەدىســـلەرنىڭ ھەممىســـى ســـەھىھۇلبۇخارىدىمۇ قـــەيت قىلىنغان.

**110 ـ سوئال:**

**قەبرىلەردىن تىرىلدۈرۈلىشنىڭ دەلىللىرى قايسىلار؟**

الله تائـالا بـۇ ھەقتـە مۇنـداق دەيدۇ: ﴿ئـى ئىنسـانلار! ئەگـەر ســـلەر قايتــا تىرىلىشــتىن شەكلەنســەڭلار (گــۇمانىڭلارنىڭ تۈگىشى ئۈچۈن ئەسلىڭلارغا قاراڭلار)، بىـز سىلەرگـە (الله نىـڭ قۇدرىتىــنى بايـان قىلىـش ئۈچـۈن ئاتـاڭلار ئـادەم ئەلەيھىسسالامنى) تۇپـراقتىن، ئۇنىـڭ ئەۋلادىنى (ئـالدى بىلەن) ئابىمەنىدىن، ئاندىن لەختە قاندىن، ئاندىن شەكىلگە كىرگۈزۈلگەن ۋە كىرگۈزۈلمىگەن پارچە گۆشتىن ياراتتۇق. بىـز خالىغـــان ئـــادەمنى بـــەچچىدانىغا مۇئەييـــەن مۇددەتكىچـــە قـــالدۇرىمىز، ئـــاندىن ســـىلەرنى (ئانـــاڭلارنىڭ قـــارنىدىن) بوۋاقلىـق ھـالىتىڭلاردا چىقىرىمـىز (ئـاندىن سىلەرنى ئاستا ـ ئاستا كۆچ ـ قۇۋۋەتكە تولدۇرىمىز)، سىلەر (كامالەت يېشى) قــران ۋاقتىڭلارغــا يېتىســلەر، بــەزىلىرىڭلار ياشــلىقىڭلاردا ۋاپات بولۇپ كېتىسىلەر، بەزىلىرىڭلار، (ئىلگىرى) بىلگەنىدىن كېيىــن ھــېچ نەرســنى بىلمەس ھالىتىڭلارغا قايتۇرۇلۇشــڭلار ئۈچـۈن، ناھـايىتى قېرىـپ كەتكۈچـە (ھايات) قالدۇرۇلىســلەر، (الله تائـــالانىڭ ئۆلگـــەنلەرنى قايتـــا تىرىلدۈرۈشـــكە قـــادىر ئىكـەنلىكىنى كۆرســتىدىغان يەنـە بىـر دەلىـل شـۇكى) سـەن زېمىننى قاقاس كۆرىسەن، ئۇنىڭغا بىز يامغۇر ياغدۇرساق، ئۇ جانلىنىدۇ ۋە كۆپىشىدۇ، تۈرلۈك چىرايلىق ئۆسۈملۈكلەرنى ئۈنـدۈرۈپ بېـرىدۇ. بـۇ (يـەنى الله تائـالانىڭ ئىنســانىنى ۋە ئۆســۈملۈكلەرنى يوقــىرىقىدەك يارىتىشــى)، الله نىــڭ ھــەق ئىكـەنلىكىنى، ئۆلۈكلـەرنى تىرىلدۈرەلـەيدىغانلىقىنى ۋە ھـەر نەرسىگـە قـادىر ئىكـەنلىكىنى سىلەرگـە بىلـدۈرۈش ئۈچۈنـدۇر.

شۇنداقلا قىيامەتنىڭ شەكسىز بولىدىغانلىقىنى، قەبرىلەردىكى ئۆلۈكلەرنى (ئۆلۈك زېمىننى ئۆسۈملۈكلەرنى ئۈندۈرۈش بىلەن تىرىلدۈرگەندەك) الله نىڭ تىرىلدۈرۈدىغانلىقىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈندۇر.﴾[1]

﴿مەخلۇقاتنى دەسلەپتە (يوقتىن) بار قىلىدىغان، ئاندىن ئۇنى (ئۆلگەندىن كېيىن) تىرىلدۈرىدىغان الله ئەنە شۇدۇر. ئۇ (يەنى مەخلۇقاتنى تىرىلدۈرۈش) الله قا (ئۇنى دەسلەپتە يوقتىن بار قىلغانغا قارىغاندا) ئوڭايدۇر.﴾[2] ﴿مەخلۇقاتلارنى دەسلەپتە قانداق ياراتقان بولساق، شۇ ھالىتىدە ئەسلىگە قايتۇرىمىز، (بۇ) بىز ئۈستىمىزگە ئالغان ۋەدىمىزدۇر.﴾[3] ﴿ئىنسان (يەنى ئۆلگەندىن كېيىن تىرىلىشكە ئېتىقاد قىلمايدىغان كاپىر): «مەن ئۆلگەندىن كېيىن چوقۇم تىرىلەمدىمەن؟» دەيدۇ. ئىنسان بىز ئۇنى ئىلگىرى يوقتىن بار قىلغانلىقىمىزنى ئەسلىمەمدۇ؟﴾[4] ﴿ئىنسان بىلمەمدۇكى، بىز ھەقىقەتەن ئۇنى ئابىمەنىدىن ياراتتۇق. ئەمدى ئۇ (پەرۋەردىگارىغا) ئاشكارا خۇسۇمەتچى بولۇپ قالدى. ئۇ بىزگە (ئىنساننىڭ قايتا تىرىلىشنى يىراق ساناپ، چىرىگەن سۆڭەكلەرنى) مىسال قىلىپ كۆرسەتتى. ئۆزىنىڭ يارىتىلغانلىقىنى بولسا ئۇنتۇدى، ئۇ: «چىرىپ كەتكەن سۆڭەكلەرنى كىم تىرىلدۈرەلەيدۇ؟» دېدى. ئېيتقىنكى، «ئۇنى ئەڭ دەسلەپتە ياراتقان زات تىرىلدۈرىدۇ، ئۇ ھەربىر

[1] سۈرە ھەج، 5 ـ تىن 7 ـ ئايەتكىچە.
[2] سۈرە رۇم، 27 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[3] سۈرە ئەنبىيا، 104 ـ ئايەت.
[4] سۈرە مەريەم، 66 ـ ۋە 67 ـ ئايەت.

مەخلۇقنى بىلگۈچىدۇر.»﴾[1] ۋە بۇ سۈرىنىڭ ئاخىرىغىچە بولغان ئايەتلەر.

﴿ئۇلار (يەنى ئۆلگەندىن كېيىن تىرىلىشنى ئىنكار قىلغۇچى كۇففارلار) بىلمەمدۇكى، ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى ياراتقان ۋە ئۇلارنى يارىتىشتا چارچاپ قالمىغان الله ئۆلۈكلەرنى تىرىلدۈرۈشكە قادىر ئەمەسمۇ؟ دۇرۇس، ئۇ ھەقىقەتەن ھەر نەرسىگە قادىردۇر.﴾[2] ۋە بۇ ئايەتلەرنىڭ داۋامى.

﴿(بۇمۇ) الله نىڭ (بىرلىكىنى ۋە قۇدرىتىنى كۆرسىتىدىغان) ئالامەتلىرىدىندۇركى، سەن زېمىننى قاقاس كۆرىسەن، ئۇنىڭغا يامغۇر ياغدۇرغان ۋاقتىمىزدا، زېمىن كۆتۈرۈلىدۇ ۋە كۆپىشىدۇ، شۈبھىسىزكى، زېمىننى تىرىلدۈرگەن زات ئۆلۈكلەرنى ئەلۋەتتە تىرىلدۈرگۈچىدۇر، ئۇ ھەقىقەتەن ھەر نەرسىگە قادىردۇر.﴾[3]

الله تائالا بۇ ھەقتە كۆپىنچە ھاللاردا زېمىننىڭ سۇ بىلەن قايتا تىرىلىشىنى مىسال قىلىپ كۆرسەتمەكتە. سۇسىزلىقتىن قاغجىراپ، ئۆلۈپ كەتكەن يەر بىردىنلا ئۆسۈملۈكلەر بىلەن قاپلىنىدۇ ۋە يېشىللىققا پۈركىنىدۇ. ھالبۇكى، ئۇندىن بۇرۇن ئۇ يەر گىيا ئۈنمەس، تاقىر يەر ئىدى. ئەل ئۇقەيلىنىڭ پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن رىۋايەت قىلغان مۇنۇ ئۇزۇن ھەدىسىدە مۇنداق مىسال كەلتۈرۈلگەن. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «الله نىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، مەيلى باشقىلار تەرىپىدىن

---

[1] سۈرە ياسىن، 77 ــ دىن 79 ــ ئايەتكىچە.
[2] سۈرە ئەھقاف 33 ــ ئايەت.
[3] سۈرە فۇسسىلەت 39 ــ ئايەت.

ئۆلتۈرۈلۈپ، يەرگە يىقىلغان بولسۇن ياكى دەپنە قىلىنغان بىر مېيىت بولسۇن، يەر يۈزىدىن قەبرىسى ئېچىلىپ، كۆمۈلمەيدىغان ھېچكىم قالمايدۇ. ھەركىم باش تەرىپىدىن ھەرىكەتلىنىپ، راۋۇرۇس ئولتۇرىدۇ. پەرۋەردىگار ئۇنىڭدىن: ھالىڭ قانداق؟ ـ دەپ سورايدۇ. ئۇ ئۆتمۈشتىكى ھاياتى ھەققىدە: پەرۋەردىگارىم! بۈگۈنۈم تۈنۈگۈنۈمگە ئوخشايدۇ‹‹ دەيدۇ. ئۇ ئۆزىنى ئائىلىدىن يېڭىلا ئايرىلدىم دەپ ئويلايدۇ›› دېدى. مەن: «ئەي الله نىڭ پەيغەمبىرى! شامال، قۇرت ـ قوڭغۇز، يىرتقۇچ قۇشلار بىزنىڭ جەسىدىمىزنى پارچە ـ پارچە قىلىۋېتىدىغان تۇرسا، الله قانداق قىلىپ بىزنىڭ جەسىدىمىزنى بىر يەرگە يىغىپ تىرىلدۈرىدۇ؟» دەپ سورىدىم. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دەپ جاۋاب بەردى: «مەن ساڭا بۇنىڭ ئوخشىشىنى الله نىڭ نېئمەتلىرى ئارىسىدىن كۆرسىتىپ قوياي. سەن يەر يۈزىنى (ئۇسىدىكى ئۆسۈملۈكلەر) چىرىپ كەتكەن ھالەتتە كۆرگىنىڭدە، بۇ يەرنىڭ قايتا تىرىلمەيدىغانلىقىنى (يەنى ئۆسۈملۈكلەرگە جان كىرمەيدىغانلىقىنى) ئويلاپ يېتىسەن. ئۇلۇغ الله ئۇ يەرگە يامغۇرنى ئەۋەتىدۇ. ئارىدىن بىر نەچچە كۈن ئۆتۈپ، سەن ئۇ يەرگە يەنە بىر قېتىم قارىغىنىڭدا، ئەتراپىنىڭ يېشىللىققا پۈركەنگەنلىكىنى كۆرىسەن. الله نىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، ئۇ سىلەرنى سۇ ئۆسۈملۈكلەرنى يىغقاندىنمۇ ئۇستۇن دەرىجىدە بىر يەرگە يىغىپ، تىرىلدۈرۈشكە قادىردۇر. شۇڭا سىلەرمۇ ياتقان يەرلىرىڭلاردىن چىقىرىلىسىلەر.» مانا بۇ ھەدىس ۋە باشقا كۆپلىگەن ھەدىسلەر بۇنىڭ ھەق ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بەرمەكتە.

**111 ـ سوئال:**

## قايىتا تىرىلىشنى ئىنكار قىلغۇچىلارنىڭ ھۆكمى نېمە؟

بۇنداق قىلغۇچى ئۇلۇغ اللە نى، اللە نىڭ كىتابلىرىنى، پەيغەمبەرلىرىنى ئىنكار قىلغان كاپىر بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. اللە تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿كاپىرلار (يەنى قايىتا تىرىلىشنى ئىنكار قىلغۇچى مەككە مۇشرىكلىرى) ئېيتتى: «بىز ۋە بىزنىڭ ئاتا ـ بوۋىلىرىمىز توپا بولۇپ كەتكەندىن كېيىن (قەبرىمىزدىن تىرىلىپ) چوقۇم چىقىرىلامدۇق؟»﴾[1] ﴿(ئى مۇھەممەد!) ئەگەر (بىرەر نەرسىدىن) ئەجەبلىنىدىغان بولساڭ، ئۇلارنىڭ (يەنى كۇففارلارنىڭ): «بىز (ئۆلۈپ) توپا بولۇپ كەتكەندىن كېيىن قايىتا تىرىلەمدۇق؟» دېگەن سۆز ئەجەبلىنىشكە لايىقتۇر. ئەنە شۇلار پەرۋەردىگارىنى ئىنكار قىلغانلاردۇر، (قىيامەت كۈنى) ئەنە شۇلارنىڭ بويۇنلىرىغا تاقاقلار سېلىنىدۇ، ئەنە شۇلار دوزاخ ئەھلى بولۇپ، دوزاختا مەڭگۈ قالغۇچىلاردۇر.﴾[2] ﴿كاپىرلار ھەرگىز تىرىلدۈرۈلمەيمىز دەپ گۇمان قىلىشتى، ئېيتقىنكى، «ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس، پەرۋەردىگارىم بىلەن قەسەمكى، سىلەر چوقۇم تىرىلدۈرۈلىسىلەر، ئاندىن سىلەرگە قىلمىشىڭلارنىڭ خەۋەر بېرىلىدۇ، بۇ اللە قا ئاساندۇر.»﴾[3] ۋە باشقا كۆپلىگەن ئايەتلەر.

سەھىھۇلبۇخارى ۋە مۇسلىمنىڭ ھەدىس كىتابلىرىدا، ئەبۇھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن مۇنداق بىر ھەدىس رىۋايەت قىلغانلىقى بايان قىلىنغان: «اللە تائالا مۇنداق دەيدۇ: ئىنسان مېنى ئىنكار قىلدى. ھالبۇكى، ئۇلارنىڭ بۇنداق قىلىش سالاھىيتى

[1] سۈرە نەمل، 67 ـ ئايەت.
[2] سۈرە رەئد، 5 ـ ئايەت.
[3] سۈرە تەغابۇن، 7 ـ ئايەت.

يوق ئىدى. ئىنسان ماڭا ئېغىر ئاھانەت قىلدى، ھالبۇكى، ئۇ بۇنداق قىلماسلىقى كېرەك ئىدى. ئىنسان: مېنى دەسلەپتە يوقتىن بار قىلغاندەك ئەسلا قايتا ياراتمايدۇ، ـ دېيىشى مېنى ئىنكار قىلغانلىقىدۇر. ھالبۇكى، قايتا يارىتىش، مەن ئۈچۈن ئۇنى دەسلەپتە يوقتىن بار قىلغاندىنمۇ ئاساندۇر. ئۇ: اللہ بالا تاپقان، ـ دېيىشى ماڭا ئەڭ ئېغىر دەرىجىدە تىل تەگكۈزگەنلىكىدۇر. ھالبۇكى، مەن بىر ۋە يالغۇزمەن. مەن سەمەدتۇرمەن (يەنى ھەممە ماڭا موھتاجدۇر)، مەن بالا تاپقانمۇ ئەمەس، تۇغۇلغانمۇ ئەمەس. ھېچكىم مەن بىلەن تەڭ بولالمايدۇ.»[1]

**112 ــ سوئال:**

**سۇر چېلىنىدىغانلىقىنىڭ دەلىللىرى قايسىلار؟ سۇر قانچە قېتىم چېلىنىدۇ؟**

اللہ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿سۇر چېلىنغاندا ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى اللہ خالىغاندىن باشقا مەخلۇقاتلارنىڭ ھەممىسى ئۆلىدۇ، ئاندىن ئىككىنچى سۇر چېلىنغاندا ناگاھان ئۇلار تۇرۇپ (نېمىگە بۇيرۇلىدىغانلىقلىرىغا) قاراپ تۇرىدۇ.﴾[2]

بۇ ئايەتتە ئىككى قېتىملىق سۇر چېلىش تەسۋىرلەنمەكتە. بىرىنچىسى، ئۆلۈش ئۈچۈن؛ ئىككىنچىسى، ئۆلگەندىن كېيىن تىرىلىش ئۈچۈن.

ئۇلۇغ اللہ باشقا بىر ئايەتتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئۇ كۈندە سۇر چېلىنىدۇ، اللہ خالىغانلاردىن (يەنى پەرىشتىلەر،

---

[1] بۇخارى ۋە نەسائى رىۋايەت قىلغان.
[2] سۈرە زۇمەر، 68 ــ ئايەت.

پەيغەمبەرلەر ۋە شېھىتلاردىن) باشقا ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى ھەممىنى قورقۇنچ باسىدۇ، ھەممە اللہ قا بويسۇنغان ھالدا كېلىدۇ.﴾①.

بۇ ئايەتتىكى ”قورقۇنچ“ نى ”ئۆلۈش“ دەپ تەپسىر قىلغۇچىلارغا كۆرە، بۇ، زۇمەر سۈرىسىدىكى ئايەتتە تەسۋىرلەنگەن بىرىنچى سۇرنىڭ چېلىنىشىدۇر. بۇنى ”مۇسلىم“ دا بايان قىلىنغان بۇ ھەدىسمۇ تەستىقلاپ كەلمەكتە: «ئاندىن سۇر چېلىنىدۇ، ئۇنى ئاڭلىغان ھەركىم چوقۇم قۇلىقىنى يوپۇرۇپ تۇرىدۇ ۋە ئۇنى ئاڭلاش ئۈچۈن بېشىنى كۆتۈرىدۇ. ئۇنى تۆگىلىرى سۇ ئىچىدىغان كۆلچەكنى سۇۋاۋاتقان بىر كىشى تۇنجى بولۇپ ئاڭلايدۇ. ئۇ دەرھال ئۆلىدۇ، باشقىلارمۇ شۇنداق ئۆلىدۇ. ئاندىن ئۇلۇغ اللہ يامغۇر ئەۋەتىدۇ. ئۇ يامغۇر شەبنەم ياكى بۇلۇتنى ئەسلىتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن، ئىنسانلارنىڭ بەدىنى ئۈنىدۇ. ئاندىن ئىككىنچى قېتىملىق سۇر چېلىنىدۇ. ئۇلار ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ، ئەتراپىغا قارىشىدۇ...»②

”قورقۇنچ بېسىش“ قا ”ئۆلۈش“ تىن باشقىچە مەنىدە تەبىر بەرگۈچىلەرگە كۆرە بولسا، بۇ، ئىككى قېتىملىق سۇردىن بۇرۇن چېلىنىدىغان يەنە بىر سۇر بولۇپ، بۇنىمۇ سۇرنىڭ چېلىنىشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ناھايىتى ئۇزۇن ھەدىسلەر تەستىقلاپ كەلمەكتە ۋە ئۇ ھەدىسلەردە ئۈچ قېتىملىق سۇر تىلغا ئېلىنماقتا. بىرىنچىسى، ۋەھىمە بېسىش سۇرى؛ ئىككىنچىسى، ئۆلۈش سۇرى؛ ئۈچىنچىسى بولسا،

① سۈرە نەمل، 87 ـ ئايەت.
② ئىمام مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى اللّٰه نىڭ دەرگاھىدا ئورنىدىن تۇرۇش سۇرىدۇر.

**113 ــ سوئال:**

**”مەھشەرگاھقا يىغىش“ نىڭ قۇرئاندىكى دەلىللىرى قايسىلار؟**

قۇرئان كەرىمدە ”مەھشەرگاھقا يىغىلىش“ ھەققىدىكى ئايەتلەر بەكمۇ كۆپتۇر. ئۇلۇغ اللّٰه بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئۇلارنى (يەنى ئىنسانلارنى) (مەھشەرگاھقا) يىغىمىز، ئۇلاردىن بىر كىشىمۇ قالدۇرۇپ قويمايمىز.﴾[1] ﴿بىز دەسلەپتە سىلەرنى قانداق ياراتقان بولساق، دەرگاھىمىزغا شۇنداق تەنها كەلدىڭلار.﴾[2] ﴿شۇ كۈندە (يەنى قىيامەت كۈندە) تەقۋادارلارنى مەرھەمەتلىك پەرۋەردىگارىڭنىڭ دەرگاھىغا ئىززەت ــ ئىكرام بىلەن يىغىمىز. گۇناھكارلارنى ئۇلار چاڭقىغان ھالدا دوزاخقا ھەيدەيمىز.﴾[3] ﴿سىلەر (قىيامەتتە) ئۈچ پىرقىغە بۆلۈنىسىلەر. (بىرىنچى پىرقە) سائادەتمەنلەردۇر، سائادەتمەنلەر قانداق ئادەملەر؟ (ئۇلار نامە ــ ئەمالى ئوڭ تەرىپىدىن بېرىلىدىغان ئادەملەردۇر. (ئىككىنچى پىرقە) بەختسىز ئادەملەردۇر، بەختسىز ئادەملەر قانداق ئادەملەر؟ (ئۇلار نامە ــ ئەمالى سول تەرەپتىن بېرىلىدىغان ئادەملەردۇر). (ئۈچىنچى پىرقە ياخشى ئىشلارنى) ئەڭ ئالدىدا قىلغۇچىلار بولۇپ، (ئۇلار جەننەتكە) ئەڭ ئالدىدا كىرگۈچىلەردۇر.﴾[4] ﴿بۇ كۈندە (كىشىلەر اللّٰه نىڭ

---

[1] سۈرە كەھف، 47 ــ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

[2] سۈرە ئەنئام، 94 ــ ئايەت.

[3] سۈرە مەريەم، 85 ــ ۋە 86 ــ ئايەتلەر.

[4] سۈرە ۋاقىئە، 7 ــ دىن 10 ــ ئايەتكىچە.

مەھشەرگاھقا) دەۋەت قىلغۇچىسىغا ئەگىشىدۇ، قىڭغىر كەتمەيدۇ، مەرھەمەتلىك اللّٰه نىڭ ئۇلۇغلۇقى ۋە ھەيۋىتىدىن قورقۇپ، بارلىق ئاۋازلار بېسىقىدۇ، پىچىرلاشقاندىن باشقىنى ئاڭلىمايسەن.﴾[1] بۇ، مەھشەرگاھقا قاراپ مېڭىش بولۇپ، تۆگىلەرنىڭ ئاياق تىۋىشىغا ئوخشاپ كېتىدىغان ئاۋازدىن باشقىسى ئاڭلانمايدۇ.

﴿كىمكى اللّٰه ھىدايەت قىلغان ئىكەن، ئۇ ھىدايەت تاپقۇچىدۇر، اللّٰه گۇمراھ قىلغان ئادەمگە اللّٰه تىن باشقا (ئازابتىن قۇتۇلدۇرىدىغان) ھېچ ياردەمچىلەرنى تاپالمايسەن، قىيامەت كۈنى ئۇلارنى دۈم ياتقۇزۇپ (سۆرەلگەن) كور، گاچا، گاس ھالدا يىغىمىز.﴾[2]

## 114 ـ سوئال:

## مەھشەرگاھنىڭ ھەدىسلەردىكى تەسۋىرلىرى قانداق؟

پەيغەمبىرىمىز سەللەللاھۇ ۋەسەللەم مۇنداق دەيدۇ: «ئىنسانلار ئۈچ پىرقىغە بۆلۈنگەن ھالدا يىغىلىدۇ. ئىنتىلىش ۋە تەشۋىش ئىچىدە يىغىلىدىغانلار، ئىككىسى بىر تۆگىدە، ئۈچى بىر تۆگىدە، تۆتى بىر تۆگىدە ۋە ئونى بىر تۆگىدە يىغىلىدىغانلار... قالغانلىرىنى ئوت ھەيدەپ ماڭىدۇ. ئۇلار قەيەردە چۈشكۈن قىلسا، ئوتمۇ ئۇلار بىلەن بىللە چۈشكۈن قىلىپ، كېچە ـ كۈندۈز ئۇلارنىڭ يېنىدىن ئايرىلمايدۇ.»[3]

ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنغان بىر ھەدىستە مۇنداق دېيىلگەن: «بىر ئادەم: ئى اللّٰه

[1] سۈرە تاھا، 108 ـ ئايەت.
[2] سۈرە بەنى ئىسرائىل، 97 ـ ئايەت.
[3] بۇخارى، مۇسلىم ۋە نەسائى رىۋايەت قىلغان.

نىڭ پەيغەمبىرى! كاپىرلار قانداق قىلىپ دۈم ياتقۇزۇلغان هالدا يىغىلىدۇ؟ ـ دەپ سورىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا: دۇنيادا ئۇنى ئىككى پۇت ئۈستىدە ماڭغۇزغان الله، قىيامەت كۈنى دۈم ياتقۇزۇپ ماڭغۇزۇشقا قادىر ئەمەسمۇ؟ ـ دەپ جاۋاب بەردى.»[1]

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم يەنە مۇنداق دەيدۇ: «سىلەر يالاڭ ئاياق، قىپيالىڭاچ ۋە خەتنىسىز هالەتتە يىغىلىسىلەر. ﴿مەخلۇقاتلارنى دەسلەپتە قانداق ياراتقان بولساق، شۇ هالەتتە ئەسلىگە قايتۇرىمىز.﴾[2] ۋە شۈبھىسىزكى، قىيامەت كۈنى مەخلۇقاتلارنىڭ ئىچىدە كىيىم كىيدۈرۈلىدىغان تۇنجى كىشى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامدۇر.»[3]

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنها بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن: «ئى الله نىڭ پەيغەمبىرى! ئەرلەر ۋە ئاياللار (قىپيالىڭاچ هالەتتە) بىر ـ بىرىگە قارىشىپ تۇرۇپ بىرلىكتە يىغىلامدۇ؟» پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا: «(قىيامەت كۈنى) ئەھۋال بۇنىڭغا ئوخشاش نەرسىلەرگە پىسەنت قىلىپمۇ قويمىغۇدەك دەرىجىدە دەھشەتلىك بولىدۇ»[4] دەپ جاۋاب بەردى.

## 115 ـ سوئال:

**قۇرئانى كەرىم ئايەتلىرىگە ئاساسلانغاندا، قىيامەت كۈنىدىكى هېساب مەيدانىنىڭ ئالاھىدىلىكلىرى قانداق؟**

---

[1] بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.
[2] سۈرە ئەنبىيا، 104 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[3] بىرلىككە كەلگەن ھەدىس.
[4] بۇخارى، مۇسلىم ۋە نەسائى رىۋايەت قىلغان.

الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿زالىملارنىڭ قىلمىشلىرىدىن الله نى بىخەۋەر دەپ ئويلىمىغىن، الله ئۇلارنى جازالاشنى (شۇ كۈننىڭ دەھشىتىدىن) كۆزلەر چەكچىيىپ قالىدىغان كۈنگىچە (يەنى قىيامەت كۈنىگىچە) كېچىكتۈرىدۇ. (بۇ كۈندە) ئۇلار باشلىرىنى كۆتۈرۈپ، ئالغا قاراپ چاپىدۇ، كۆزلىرى ئېچىلىپ قالىدۇ، (تېڭىرقىغانلىقتىن) دىللىرى (ئەقىل ـ ئىدراكتىن) خالى بولۇپ قالىدۇ.﴾[1] ﴿جىبرىئىل ۋە پەرىشتىلەر سەپ بولۇپ تۇرۇپ كېتىدىغان كۈندە (يەنى قىيامەتتە)، ئۇلار (نىڭ ئارىسىدا) مېھرىبان الله نىڭ ئىزنىگە ئېرىشكەن ۋە توغرا سۆزنى قىلغانلاردىن باشقا ھېچ ئەھەدىنىڭ سۆز قىلىشىغا بولمايدۇ.﴾[2]

يەنە بىر ئايەتتە مۇنداق دېيىلگەن: ﴿ئۇلارنى قىيامەت كۈنىدىن ئاگاھلاندۇرغىن، ئۇ چاغدا دىللار (قورقۇنچنىڭ قاتتىقلىقىدىن) بوغۇزلارغا قاپلىشىۋالىدۇ، ئۇلار قايغۇ ـ ھەسرەتكە تولىدۇ، زالىملارغا يېقىن دوست ۋە شاپائىتى قوبۇل قىلىنىدىغان شاپائەتچى بولمايدۇ.﴾[3] ۋە ئۇندىن كېيىنكى ئايەتلەر.

ئۇلۇغ الله يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿پەرىشتىلەر ۋە روھ (يەنى جىبرىئىل) الله قا شۇنداق بىر كۈندە ئۆرلەيدۇكى، ئۇنىڭ ئۇزۇنلۇقى 50 مىڭ يىل كېلىدۇ.﴾[4] ﴿ئى ئىنسانلار ۋە جىنلار

[1] سۈرە ئىبراھىم، 42 ـ ۋە 43 ـ ئايەتلەر.
[2] سۈرە نەبە، 38 ـ ئايەت.
[3] سۈرە مۇئمىنۇن، 18 ـ ئايەت.
[4] سۈرە مائارىج، 4 ـ ئايەت.

جامائەسى! سىلەردىن (يەنى سىلەرنىڭ ئەمەللىرىڭلاردىن) ھېساب ئېلىشقا يۈزلىنىمىز.﴾[1]

ۋە بۇلاردىن باشقا نۇرغۇنلىغان ئايەتلەر بار.

**116 ـ سوئال:**

**ھېساب مەيدانى ھەدىسلەردە قانداق تەسۋىرلەنگەن؟**

بۇ ھەقتە كەلگەن ھەدىسلەر بەكمۇ كۆپ بولۇپ، ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن رىۋايەت قىلغان مۇنۇ ھەدىسى شۇلاردىن بىرى ھېسابلىنىدۇ: پەيغەمبىرىمىز سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ﷲ تائالانىڭ: ﴿ئۇ كۈندە ئىنسانلار ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارىنىڭ ھۇزۇرىدا تىك تۇرىدۇ﴾ دېگەن ئايىتى ھەققىدە مۇنداق دېدى: «ئۇلاردىن بىرى تەرىگە قۇلىقىنىڭ ئوتتۇرىسىغىچە چۆكۈپ تۇرغان ھالەتتە تىك تۇرىدۇ.»[2]

ئەبۇھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنغان بىر ھەدىستە پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «قىيامەت كۈنى ئىنسانلار شۇ قەدەر تەرلەپ كېتىدۇكى، ئۇلارنىڭ تەرلىرى يەردىن 70 گەز چوڭقۇرلۇققىچە سىڭىپ كىرىدۇ. ئاندىن ئاستا ـ ئاستا ئۆرلەپ چىقىپ، تاكى قۇلاقلىرىغىچە يېتىپ كېلىدۇ.»[3] بۇندىن باشقا نۇرغۇنلىغان ھەدىسلەر بار.

**117 ـ سوئال:**

---

[1] سۈرە رەھمان، 31 ـ ئايەت.

[2] بۇخارى، مۇسلىم، تىرمىزى، ئىبنى ماجەلەر رىۋايەت قىلغان.

[3] بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

**تۇغرىلىنىش ۋە ھېسابقا تارتىلىشنىڭ قۇرئان كەرىمدىكى سۈپەتلىرى قايسىلار؟**

ئۇلۇغ اللە بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿بۇ كۈندە سىلەر (اللە قا) (ھېساب بېرىش ئۈچۈن) تۇغرىلىنىسىلەر، سىلەر ھېچقانداق بىر سىرنى يوشۇرۇپ قالالمايسىلەر.﴾[①] ﴿ئۇلار (يەنى جىمى خالايىق) سەپ ــ سەپ بولۇشۇپ پەرۋەردىگارىغا تۇغرىلىنىدۇ، (كاپىرلارغا) «سىلەر بىزنىڭ ئالدىمىزغا سىلەرنى قانداق ياراتقان بولساق، شۇ ھالەتتە (مالسىز، بالىسىز، يالىڭاچ) كەلدىڭلار.﴾[②] ﴿ئۇ كۈندە ھەر ئۈممەتنىڭ ئىچىدىن بىزنىڭ ئايەتلىرىمىزنى ئىنكار قىلغانلاردىن بىر توپ ئادەمنى (ھېساب ئېلىش ۋە جازالاش ئۈچۈن) يىغىمىز، (ئالدى ــ كەينى) يىغىلغۇچە ئۇلار توختىتىپ تۇرۇلىدۇ. ئۇلار (اللە نىڭ دەرگاھىغا) كەلگەن چاغلىرىدا، اللە ئۇلارغا: «سىلەر تولۇق بىلمەي تۇرۇپ مېنىڭ ئايەتلىرىمنى ئىنكار قىلدىڭلارمۇ؟ سىلەر (ئەمر قىلىنغان نەرسىلەر) زادى نېمىلەرنى قىلدىڭلار؟» دەيدۇ. ئۇلار (ئۆزلىرىگە) زۇلۇم قىلغانلىقلىرى ئۈچۈن، ئۇلارغا ئازاب ھەقلىق بولدى. ئۇلار (ئۆزرىلىرى بولمىغانلىقى ئۈچۈن) سۆز قىلالمايدۇ.﴾[③] ﴿بۇ كۈندە كىشىلەر قىلغان ئەمەللىرىنىڭ نەتىجىسىنى كۆرۈش (يەنى نەتىجىسىگە ئېرىشىش) ئۈچۈن توپ ــ توپ بولۇپ تارىلىپ كېتىدۇ. كىمكى زەررىچىلىك ياخشى ئىش قىلىدىكەن، ئۇنىڭ مۇكاپاتىنى كۆرىدۇ. كىمكى زەررىچىلىك يامان ئىش قىلىدىكەن، ئۇنىڭ جازاسىنى تارتىدۇ.﴾[④] ﴿پەرۋەردىگارىڭنىڭ

---

[①] سۈرە ھاققە 18 ــ ئايەت.
[②] سۈرە كەھف 48 ــ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[③] سۈرە نەمل، 83 ــ تىن 85 ــ ئايەتكىچە.
[④] سۈرە زەلزەلە، 6 ــ دىن 8 ــ ئايەتكىچە.

نامى بىلەن قەسەمكى، ئۇلار (يەنى خالايىق) نىڭ ھەممىسىنىڭ (بۇ دۇنيادا) قىلغان ئىشلىرىنى چوقۇم سورايمىز.﴾[1] ﴿ئۇلارنى توختىتىپ تۇرۇڭلار، چۈنكى ئۇلار (جىمى سۆزلىرى ۋە ئىشلىرىدىن) سوئال ـ سوراق قىلىنىدۇ.﴾[2]

ۋە باشقا ئايەتلەر.

**118 ـ سوئال:**

**بۇلار ھەدىسلەردە قانداق تەسۋىرلەنگەن؟**

بۇ ھەقتىكى ھەدىسلەرمۇ بەك كۆپ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن: «كىمكى ئىنچىكە ھېسابقا تارتىلسا، ئۇ ئازابقا دۇچار بولىدۇ.» ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا: «اللّٰه: ﴿(نامە ـ ئەمالى ئوڭ تەرىپىدىن بېرىلگەن ئادەمدىن) ئوڭاي ھېساب ئېلىنىدۇ﴾ دېمىگەنمىدى؟» دەپ سورىدى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «ئۇ، ئەمەللەرنىڭ توغرىلىنىشىدۇر» دەپ جاۋاب بەردى.[3]

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە بىر ھەدىستە مۇنداق دەيدۇ: «قىيامەت كۈنى كاپىر بەندە كەلتۈرۈلۈپ، ئۇنىڭغا: ئەگەر يەر ـ زېمىنغا لىق تولغىدەك ئالتۇنۇڭ بولسا، ئۇنى بۇ ئازابتىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن فىدىيە ئورنىدا بېرەمتىڭ؟ ـ دەپ سورىلىدۇ. ئۇ: ھەئە، بېرەتتىم، ـ دەپ جاۋاب بېرىدۇ. ئۇنىڭغا يەنە مۇنداق دېيىلىدۇ: ھالبۇكى، سەندىن بۇنىڭدىنمۇ ئاددىي

---

[1] سۈرە ھىجر، 92 ـ ۋە 93 ـ ئايەتلەر.
[2] سۈرە سافغات، 24 ـ ئايەت.
[3] بۇخارى، مۇسلىم تىرمىزى، ئەبۇداۋۇد قاتارلىقلار رىۋايەت قىلغان.

نەرسە تەلەپ قىلىنغانىدى.» يەنە بىر رىۋايەتتە: مەن سەندىن بۇنىڭدىنمۇ ئاددىي بىر نەرسىنى (يەنى ماڭا ھېچبىر نەرسىنى شېرىك كەلتۈرمەسلىكىڭنى)، سەن تېخى ئادەمنىڭ ئومۇرتقىسىدىكى چېغىڭدىلا تەلەپ قىلغانىدىم، ئەمما سەن ماڭا شېرىك كەلتۈرۈشتىن باشقا بىر ئىشنى قوبۇل قىلمىدىڭ، ـ دېيىلگەن.»[1]

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دەيدۇ: «سىلەردىن ھەركىم پەرۋەردىگارى بىلەن بىۋاستە سۆزلىشىدۇ. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ھېچقانداق تەرجىمان بولمايدۇ. ئۇ كۆندە بەندە ئوڭ تەرىپىگە قارايدۇ، ئۆزىنىڭ قىلغان ئەمەللىرىدىن باشقىنى كۆرمەيدۇ. ئاندىن سول تەرىپىگە قارايدۇ، يەنە ئۆزىنىڭ قىلغان ئەمەللىرىدىن باشقىنى كۆرمەيدۇ. ئاندىن ئالدىغا قارايدۇ، ئۇدۇل تەرىپىدىكى دوزاخ ئوتىدىن باشقىنى كۆرمەيدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۆزەڭلارنى دوزاخ ئوتىدىن بىر تال خورما ياكى بىر ئېغىز ياخشى سۆز بىلەن بولسىمۇ قۇتۇلدۇرۇڭلار!»[2]

پەيغەبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم يەنە مۇنداق دەيدۇ: «سىلەردىن بىرىڭلار (مۇئمىنلەرنى كۆزدە تۇتقان ھالدا) پەرۋەردىگارىغا بەكمۇ يېقىنلىشىدۇكى، پەرۋەردىگارى ئۇنى رەھمىتى بىلەن ئوراپ تۇرۇپ: سەن مۇنداق ـ مۇنداق ئىشلارنى قىلدىڭمۇ؟ ـ دەپ سورايدۇ. بەندە: ھەئە، ـ دەيدۇ. اللە: يەنە مۇنداق ـ مۇنداق ئىشلارنى قىلدىڭمۇ؟ ـ دەپ سورايدۇ ۋە بۇ ئارقىلىق قىلغان ئىشلىرىنى ئۆزىگە ئىقرار قىلدۇرىدۇ. ئاندىن مۇنداق دەيدۇ: سەن دۇنيادىكى ۋاقتىڭدا

[1] بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.
[2] بۇخارى، تىرمىزى ۋە ئىبنى ماجەلەر رىۋايەت قىلغان.

مەن سېنىڭ گۇناھلىرىڭنى يوشۇردۇم، مانا بۈگۈن سېنىڭ ئۇ گۇناھلىرىڭنى كەچۈرىۋېتىمەن.»[1]

بۇندىن باشقا، بۇ ھەقتە ناھايىتى كۆپ ھەدىس بار.

**119 ـ سوئال:**

**نامە ـ ئەمال دەپتىرىنىڭ تارقىتىپ بېرىلىشىنىڭ قۇرئان كەرىمدىكى سۈپەتلىرى قايسىلار؟**

الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ھەربىر ئىنساننىڭ ئەمەلىنى ئۇنىڭ بوينىغا ئېسىپ قويىمىز (يەنى ئىنساننىڭ قىلغان ھەرقانداق ئەمەلى خۇددى بويۇنچاق بويۇندىن ئايرىلمىغىنىدەك ئۇنىڭدىن ھەرگىز ئايرىلمايدۇ، شۇنىڭغا يارىشا جازا بېرىلىدۇ)، قىيامەت كۈنى ئۇنىڭ نامە ـ ئەمالىنى كۆرسىتىمىز، ئۇ ئۇنى ئوچۇق كۆرىدۇ.﴾[2] ﴿نامە ـ ئەماللار ئېچىلغان چاغدا﴾[3]. ﴿كىشىلەرنىڭ نامە ـ ئەمالى ئوتتۇرىغا قويۇلىدۇ. گۇناھكارلارنىڭ ئۇنىڭدىكى خاتىرىلەردىن قورققانلىقىنى كۆرىسەن، ئۇلار: «ۋاي بىزگە! بۇ نامە ـ ئەمالغا چوڭ ـ كىچىك گۇناھنىڭ ھەممىسى خاتىرىلىنىپتىغۇ؟» دەيدۇ. ئۇلار قىلغان ـ ئەتكەنلىرىنىڭ ھەممىسىنىڭ نامە ـ ئەمالغا خاتىرىلەنگەنلىكىنى كۆرىدۇ، پەرۋەردىگارىڭ ھېچ ئادەمگە زۇلۇم قىلمايدۇ.﴾[4] ﴿نامە ـ ئەمالى ئوڭ قولىغا بېرىلگەن ئادەم (خۇشاللىقىدىن): «بۇ

---

[1] بۇخارى، مۇسلىم ۋە ئىبنى ماجەلەر رىۋايەت قىلغان.
[2] سۈرە بەنى ئىسرائىل، 13 ـ ئايەت.
[3] سۈرە تەكۋىر، 10 ـ ئايەت.
[4] سۈرە كەھف، 49 ـ ئايەت.

مېنىڭ نامە ــ ئەمالىمنى ئېلىپ ئوقۇپ بېقىڭلار...﴾ دەيدۇ...
﴿ئۇنى پەقەت ئازغان ئادەملەرلا (يەنى كاپىرلارلا) يەيدۇ.﴾[1]

ئىنشىقاق سۈرىسىدە مۇنداق دېيىلگەن: ﴿نامە ــ ئەمالى ئوڭ تەرىپىدىن بېرىلگەن ئادەمدىن ئاسان ھېساب ئېلىنىدۇ. (ئۇ جەننەتتىكى) ئائىلىسىگە خۇشال ــ خۇرام قايتىدۇ. نامە ــ ئەمالى ئارقا تەرەپتىن بېرىلگەن ئادەم: «ۋاي» دەپ توۋلايدۇ (يەنى ئۆلۈمنى ئارزۇ قىلىدۇ).﴾[2]

مانا بۇلار، نامە ــ ئەمالى ئوڭ تەرەپتىن بېرىلىدىغانلارنىڭ نامە ــ ئەمال دەپتىرىنىڭ ئالدى تەرەپتىن بېرىدىلىدىغانلىقىنىڭ؛ سول تەرەپتىن بېرىلىدىغانلارغا بولسا، ئارقا تەرەپتىن بېرىلىدىغانلىقىنىڭ دەلىلىدۇر. بىز الله تائالا دىن نامە ــ ئەمالىمىزنىڭ ئارقا تەرەپتىن بېرىلىپ قېلىشىدىن پاناھلىق تىلەيمىز!

**120 ــ سوئال:**

**بۇنىڭ ھەدىستىكى دەلىللىرى قايسىلار؟**

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دەيدۇ: «مۇئمىن پەرۋەردىگارىغا يېقىنلىشىدۇ، نىھايەت پەرۋەردىگارىنىڭ رەھمىتى ئۇنى ئورايدۇ. ئاندىن پەرۋەردىگارى ئۇنىڭغا گۇناھلىرىنى ئىقرار قىلدۇرىدۇ. ”شۇ گۇناھىڭنى بىلەمسەن؟“ دەپ سورايدۇ. ئۇ: ”بىلىمەن، پەرۋەردىگارىم بىلىمەن“ دەپ ئىككى قېتىم تەكرارلايدۇ. ئۇلۇغ الله مۇنداق دەيدۇ: ”سەن دۇنيادىكى چاغدا بۇ گۇناھلىرىڭنى يوشۇردۇم. مانا بۈگۈن ھەممىنى كەچۈرۋېتىمەن“ دەيدۇ. ئاندىن ئۇنىڭ

---

[1] سۈرە ھاققە 19 ــ ئايەتنىڭ بىر قىسمى ۋە 37 ــ ئايەت.
[2] سۈرە ئىنشىقاق، 7 ــ دىن 11 ــ ئايەتكىچە.

ياخشىلىق ئەمەللىرىنىڭ دەپتىرى قاتلىنىدۇ. كاپىرلارغا كەلسەك، ئۇلارغا گۇۋاھچىلارنىڭ ئالدىدا (ھەممەيلەن ئاڭلانغۇدەك) يۇقىرى ئاۋازدا مۇنداق دېيىلىدۇ: ﴿« بۇلار پەرۋەردىگارى ھەققىدە يالغان سۆزلىگەنلەردۇر. »﴾[1]

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ: « مەن: ئى اللّٰه نىڭ پەيغەمبىرى! قىيامەت كۈنى بىر كىشى ئۆزى ياخشى كۆرىدىغان كىشىسىنى خاتىرىلەمدۇ؟ - دەپ سورىدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەپ جاۋاب بەردى: ئى ئائىشە! مۇنداق ئۈچ خىل ئەھۋالدا خاتىرىلىمەيدۇ. بىرىنچى، تارازىنىڭ ئېغىر ياكى يېنىك كېلىدىغانلىقىنى بىلگىچە؛ ئىككىنچى، نامە ــ ئەمال دەپتىرى ئوڭ ياكى سول تەرىپىدىن بېرىلىدىغانلىقى بىلىنگىچە؛ ئۈچىنچىسى، دوزاخدىن بىر پارچە ئوت چىققان ۋاقىتتا... »[2]

بۇلاردىن باشقا يەنە كۆپلىگەن ھەدىسلەر بار.

**121 ــ سوئال:**

**مىزان (تارازا) نىڭ قۇرئاندىكى دەلىللىرى قايسىلار؟ ئەمەللەرنىڭ تارتىلىشىنىڭ دەلىللىرىچۇ؟**

ئۇلۇغ اللّٰه بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿قىيامەت كۈنى بىز (ئەمەللەر تارتىلىدىغان) ئادالەت تارازىسىنى ئورنىتىمىز، ھېچ ئادەمگە قىلچە ئۇۋال قىلىنمايدۇ (يەنى ياخشى ئادەمنىڭ ياخشىلىقى كېمەيتىۋېتىلمەيدۇ، يامان ئادەمنىڭ يامانلىقى ئاشۇرۇۋېتىلمەيدۇ)، ئەگەر ئۇنىڭ قىچا چاغلىق ئەمەلى بولسىمۇ، ئۇنى ھازىر قىلىمىز، (بەندىلەرنىڭ ئەمەللىرىدىن)

[1] سۈرە ھۇد، 18 ــ ئايەتنىڭ بىر قىسمى. بۇ ھەدىسنى بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.
[2] بۇ ئۇزۇن ھەدىسنى ئىمام ئەھمەد ۋە ئىمام ئەبۇداۋۇد رىۋايەت قىلغان.

ھېساب ئېلىشقا يېتەرلىكمىز.﴾[1] ﴿بۇ كۈندە بەندىلەرنىڭ (ياخشى ــ يامان ئەمەللەرنىڭ) ئۆلچىنىدىغانلىقى ھەقتۇر. ياخشى ئەمەللىرى ئېغىر چىققانلار نىجات تاپقۇچىلاردۇر.﴾[2] ﴿تارازىسى يېنىك كەلگەنلەر (يەنى يامانلىقلىرى ياخشىلىقلىرىنى بېسىپ كەتكەنلەر) زىيان تارتقۇچىلاردۇر، دوزاختە مەڭگۈ قالغۇچىلاردۇر.﴾[3]

ئۇلۇغ اللّٰه كاپىرلار ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئەنە شۇلار پەرۋەردىگارىنىڭ ئايەتلىرىنى ۋە ئۇنىڭغا مۇلاقات بولۇشنى ئىنكار قىلغان، نەتىجىدە قىلغان ئەمەللىرى بىكار بولۇپ كەتكەن كىشىلەردۇر، قىيامەت كۈنى ئۇلارنى (يەنى مۇنداق كىشىلەرنى) قىلچە ئېتىبارغا ئالمايمىز.﴾[4] ۋە باشقا ئايەتلەر.

## 122 ــ سوئال:

**بۇنىڭ ھەدىستىكى دەلىللىرى ۋە ئۇنى بىلدۈرىدىغان ئالامەتلىرى قايسىلار؟**

بۇ ھەقتە كەلگەن ھەدىسلەرمۇ بەك كۆپ. بۇلاردىن بىرى، ئۈستىگە كەلىمە شاھادەت يېزىلغان «ۋاراقچە» دۇر. بۇ ۋاراقچىغا يېزىلغان كەلىمە شاھادەتنىڭ ۋەزنى، ھەر بىرى كۆز يېتىدىغان نۇقتىغىچە سوزۇلۇپ ياتقان، گۇناھلار بىلەن لىق تولغان 99 دەپتەردىنمۇ ئېغىر كېلىدۇ.[5]

---

[1] سۈرە ئەنبىيا، 47 ــ ئايەت.
[2] سۈرە ئەئراف، 8 ــ ئايەت.
[3] سۈرە مۇئمىنۇن، 103 ــ ئايەت.
[4] سۈرە كەھف، 105 ــ ئايەت.
[5] تىرمىزى ۋە ئىبنى ماجە رىۋايەت قىلغان.

يەنە بىر ھەدىس پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ھەققىدە ئېيتقان مۇنۇ سۆزلىرىدۇر: «سىلەر ئۇنىڭ پاچاقلىرىنىڭ بەكمۇ ئىنچىكە ئىكەنلىكىگە ھەيران بولۇۋاتامسىلەر؟ جېنىم ئىلكىدە بولغان زاتنىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، ئۇ پاچاقلار مىزاندا ئۇھۇد تېغىدىنمۇ ئېغىر كېلىدۇ.»[1]

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە: «قىيامەت كۈنى بەستلىك، سېمىز بىر ئادەم كەلتۈرۈلىدۇ. ئەمما الله نىڭ ئالدىدا (ئۇنىڭ) پاشىنىڭ قانىتىچىلىكمۇ ئېغىرلىقى بولمايدۇ.» دېگەندىن كېيىن: «الله نىڭ: ﴿قىيامەت كۈنى ئۇلارنى (يەنى مۇنداق كىشىلەرنى) قىلچە ئېتىبارغا ئالمايمىز﴾ دېگەن ئايىتىنى ئوقۇڭلار!» دېگەن.[2]

بۇندىن باشقا نۇرغۇنلىغان ھەدىسلەر بار.

**123 ـ سوئال:**

**پىلسىرات (كۆۋرۈكى) نىڭ قۇرئاندىكى دەلىللىرى قايسىلار؟**

ئۇلۇغ الله بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿سىلەرنىڭ ئىچىڭلاردىن دوزاخقا بارمايدىغان (يەنى دوزاخ ئۈستىگە قۇرۇلغان كۆۋرۈكتىن ئۆتمەيدىغان) بىرەر كىشىمۇ قالمايدۇ، بۇ پەرۋەردىگارىڭنىڭ ئۆزگەرمەس ھۆكمىدۇر.﴾[3] ﴿ئۇ كۈندە،

---

[1] ھەكىم رىۋايەت قىلغان.
[2] بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.
[3] سۈرە مەريەم، 71 ـ ئايەت.

مۇئمىن ئەرلەرنى، مۇئمىن ئاياللارنى كۆرىسەنكى، ئۇلارنىڭ نۇرى ئۇلارنىڭ ئالدىدا ۋە ئۇلارنىڭ ئوڭ تەرىپىدە ماڭىدۇ.﴾[1]

## 124 ــ سوئال:

### بۇنىڭ ھەدىستىكى دەلىللىرى ۋە ئۇنىڭ سۈپەتلىرى قايسىلار؟

بۇ ھەقتە رىۋايەت قىلىنغان ھەدىسلەرمۇ بەك كۆپ. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ''شاپائەت ھەدىسى'' دە: «ئاندىن كۆۋرۈك كەلتۈرۈلۈپ، دوزاخنىڭ ئۈستىگە قويۇلىدۇ» دېدى. بىز: «ئى الله نىڭ پەيغەمبىرى! كۆۋرۈك دېگەن نېمە؟» دەپ سورىدۇق. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېدى: «ئۇ، ئۈستىدە مەھكەم تۇرغىلى بولمايدىغان، تېيىلغاق يەر بولۇپ، ئۇنىڭ ئۈستىدە تۆمۈر مىخلار، ئىلمەكلەر ۋە نۇرغۇن تىكەنلەر بولىدۇ. بۇلارنىڭ ئېگىلگەن تىكەنلىرى بار بولۇپ، بۇ تىكەنلەر نەجدىدە ئۆسىدۇ ۋە سەئدان دەپ ئاتىلىدۇ. مۇئمىنلەر بۇ كۆۋرۈكتىن چاقماقتەك، شامالدەك، تۇلپاردەك ۋە تۆگىدەك (تېز) ئۆتۈپ كېتىدۇ. بەزىلىرى ساق ــ سالامەت ئۆتۈۋالىدۇ، بەزىلىرى ئۇ يەر ــ بۇ يېرى يارىلانغان ھالدا قۇتۇلىدۇ، بەزىلىرى بولسا، دوزاخقا ئىتتىرىلىدۇ. ئەڭ ئاخىرىدا قېلىپ قالغانلىرى، سۆرەلگەن پېتى ئۆتىدۇ.» [بۇ سەھىھ ھەدىسنى ئىمام بۇخارى ۋە ئىمام مۇسلىم رىۋايەت قىلغان].

ئەبۇسەئىد ئەل خۇزرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: «مېنىڭ ئاڭلىشىمچە، بۇ كۆۋرۈك قىلدىن ئىنچىكە، قىلىچتىن ئىتتىك ھالەتتە بولىدۇ.»

## 125 ــ سوئال:

[1] سۈرە ھەدىد، 12 ــ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

## قىساسنىڭ قۇرئان كەرىمدىكى دەلىللىرى قايسىلار؟

﴿الله ھەقىقەتەن زەررىچە زۇلۇم قىلمايدۇ. ئەگەر كىشىنىڭ زەررىچە ياخشىلىقى بولسا، الله ئۇنى ھەسسىلەپ زىيادە قىلىدۇ، ئۆز دەرگاھىدىن بۈيۈك ئەجىر (يەنى جەننەت) ئاتا قىلىدۇ.﴾[1] ﴿بۈگۈن ھەر ئادەمگە ياخشى جازا بېرىلىدۇ، بۈگۈن زۇلۇم يوقتۇر، الله ھەقىقەتەن تېز ھېساب ئالغۇچىدۇر... الله ئادىللىق بىلەن ھۆكۈم چىقىرىدۇ...﴾[2] ﴿ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئادىل ھۆكۈم چىقىرىلىدۇ، ئۇلارغا چوقۇم زۇلۇم قىلىنمايدۇ.﴾[3]

## 126 ـ سوئال:

## قىساسنىڭ ھەدىستىكى دەلىللىرى ۋە ئۇنىڭ سۈپەتلىرى قايسىلار؟

پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دەيدۇ: «ئىنسانلار ئارىسىدا ھۆكۈم چىقىرىلىدىغان تۇنجى قىساس قان قىساسىدۇر.»[4]

«كىمكى قېرىندىشىغا ھەقسىزلىق قىلغان بولسا، دىنار ياكى دەرھەم بولمايدىغان يەردە (يەنى ھېساب مەيدانىدا) ئۇ قېرىندىشىغا ئۆز ياخشىلىقلىرىدىن ئېلىنىپ بېرىلىشتىن بۇرۇن قېرىندىشىنىڭ رازىلىقىنى ئېلىشقا تىرىشسۇن. ئەگەر ئۇنىڭ ياخشىلىقى بولمىسا، قېرىندىشىنىڭ يامانلىقلىرى ئۇنىڭ ئۈستىگە يۈكلىنىدۇ.»[5]

[1] سۈرە نىسا، 40 ــ ئايەت.
[2] سۈرە مۇئمىنۇن، 17 ــ ئايەت ۋە 20 ــ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[3] سۈرە زۇمەر، 69 ــ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[4] بىرلىككە كەلگەن ھەدىس.
[5] بۇخارى ۋە ئىبنى ماجە رىۋايەت قىلغان.

«مۇئمىنلەر دوزاخ ئوتىدىن قۇتۇلغاندىن كېيىن، جەننەت بىلەن دوزاخ ئارىسىدىكى بىر كۆۋرۈكنىڭ ئالدىدا توختىتىپ قويۇلىدۇ. ئاندىن دۇنيا ھاياتىدا ئارىلىرىدا ئۆتكەن ھەقسىزلىقلار تۈپەيلىدىن، بىردىن يەنە بىرىنىڭ قىساسى ئېلىنىدۇ. ئاخىرىدا، ماددىي ۋە مەنىۋىي جەھەتتىن پاكلانغاندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ جەننەتكە كىرىشى ئۈچۈن رۇخسەت بېرىلىدۇ.» [بۇ ھەدىسلەر سەھىھۇلبۇخارىدا بايان قىلىنغان]

**127 ــ سوئال:**

**ھەۋزى كەۋسەرنىڭ قۇرئاندىكى دەلىللىرى قايسىلار؟**

اللہ تائالا پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە خىتابەن مۇنداق دەيدۇ: ﴿ھەقىقەتەن بىز ساڭا كەۋسەرنى ئاتا قىلدۇق.﴾[1] ۋە باشقا ئايەتلەر.

**128 ــ سوئال:**

**ھەۋزى كەۋسەرنىڭ ھەدىستىكى دەلىللىرى ۋە سۈپەتلىرى قايسىلار؟**

بۇ ھەقتە مۇتەۋاتىر دەرىجىسىگە يەتكەن نۇرغۇنلىغان ھەدىسلەر بار. بىز بۇلاردىن بىر قانچىنى بايان قىلىپ ئۆتىمىز. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەنىدى: «مەن ھەۋزى كەۋسەرگە سىلەردىن بۇرۇن بېرىپ بولغان بولىمەن...»[2] «مەن سىلەردىن بۇرۇن كېتىمەن (ۋاپات بولىمەن دېمەكچى ــ ت) ۋە سىلەرگە گۇۋاھچى بولىمەن. اللہ نىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، مەن ھازىرنىڭ ئۆزىدە

[1] سۈرە كەۋسەر، 1 ــ ئايەت.
[2] بىرلىككە كەلگەن ھەدىس.

ھەۋزى كەۋسەرگە (كۆز ئالدىمدا تۇرغاندەك) قارىماقتىمەن...»[1]

مېنىڭ كۆلۈمنىڭ ئۇزۇنلۇقى بىر ئايلىق مۇساپىغا تەڭ بولۇپ، سۈيى سۈتتىن ئاق، پۇرىقى ئەنبەردىن مېزىلىك، ئۇنىڭ قاچىلىرى ئاسماندىكى يۇلتۇزلاردەك كۆپ بولىدۇ. ئۇنىڭ سۈيىدىن بىر قېتىم ئىچكەن بەندە ئەبەدىلئەبەد ئۇسسۇزلۇق ھېس قىلمايدۇ.»[2] «مەن ئىككى قىرغىقى (ئىچى كاۋاك) مەرۋايىتتىن ياسالغان گۈمبەزلەر بىلەن توشۇپ كەتكەن دەرىيانى كۆردۈم ۋە: ئى جىبرىئىل! بۇ نېمە؟ ـ دەپ سورىدىم. جىبرىئىل: بۇ ھەۋزى كەۋسەردۇر، ـ دېدى.»[3]

بۇلاردىن باشقا ناھايىتى كۆپ ھەدىس بايان قىلىنغان.

**129 ـ سوئال:**

**جەننەت ۋە دوزاخقا ئىمان ئېيتىشنىڭ دەلىلى قايسىلار؟**

اللہ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئەگەر مۇنداق قىلالمىساڭلار (ھەرگىزمۇ ئۇنداق قىلالمايسىلەر)، كاپىرلار ئۈچۈن تەييارلانغان، ئىنسان ۋە تاشلار يېقىلغۇ بولغان دوزاختىن ساقلىنىڭلار. (ئى مۇھەممەد!) ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلارغا ئۇلارنىڭ ئاستىدىن ئۆستەڭلەر ئېقىپ تۇرىدىغان جەننەتلەرگە كىرىدىغانلىقى بىلەن خۇش خەۋەر بەرگىن...﴾[4] بۇندىن سىرت سان ـ ساناقسىز ئايەتلەر بار.

---

[1] بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.
[2] بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.
[3] بۇخارى، ئەبۇداۋۇد، تىرمىزى رىۋايەت قىلغان.
[4] سۈرە بەقەرە، 24 ـ ئايەت ۋە 25 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ كېچىلىك نامىزىغا تۇرغاندا مۇنداق دەپ دۇئا قىلغانلىقى زىكىر قىلىنغان: «ھەمدۇ سانالار ياللغۇز ساڭىلادۇر. سەن ھەقتۇرسەن، سېنىڭ ۋەدەڭمۇ، سۆزۈڭمۇ ھەقتۇر، ساڭا مۇلاقات بولۇشمۇ ھەقتۇر، جەننەت، دوزاخ ئازابى، قىيامەت، بارلىق پەيغەمبەرلەر ۋە مۇھەممەد (سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم) مۇ ھەقتۇر...» [سەھىھۇلبۇخارى ۋە مۇسلىمدا بايان قىلىنغان]

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنۇ سۆزلىرىمۇ بۇنىڭ دەلىلىدۇر: «كىمكى الله تىن باشقا ئىلاھنىڭ يوقلۇقىغا، ئۇنىڭ شېرىكى يوق، ياللغۇز ئىكەنلىكىگە، مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ الله نىڭ بەندىسى ۋە ئەلچىسى ئىكەنلىكىگە، ئىسانىڭمۇ الله نىڭ بەندىسى ۋە ئەلچىسى ئىكەنلىكىگە، ئۇنىڭ مەريەمگە ئىلقا قىلىنغان كەلىمىسى ۋە ئۆزىدىن پۈۋلەنگەن روھ ئىكەنلىكىگە، جەننەت ۋە دوزاخنىڭ ھەق ئىكەنلىكىگە گۇۋاھلىق بەرسە، ئۇنىڭ نامە ـ ئەمالى نېمە بولسا بولسۇن، الله ئۇنى جەننەتكە كىرگۈزىدۇ.» [بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان]

يەنە بىر ھەدىستە مۇنداق دېيىلگەن: «... ئۇنى جەننەتنىڭ سەككىز دەرۋازىسىدىن خالىغىنىدىن كىرگۈزىدۇ.» [مۇسلىم رىۋايەت قىلغان]

**130 ـ سوئال:**

**جەننەت ۋە دوزاخقا ئىمان ئېيتىشنىڭ مەنىسى نېمە؟**

ئۇلارنىڭ بارلىقىغا ۋە يارىتىلىپ بولغانلىقىغا، ئۇلۇغ الله نىڭ ئۇلارنى باقى قىلىشى بىلەن مەڭگۈ بار بولىدىغانلىقىغا ۋە ئەسلا يوقالمايدىغانلىقىغا مۇتلەق ئىشىنىش ۋە تەستىقلاش

دېگەنلىك بولىدۇ. ئۇ، جەننەتتىكى بارلىق نازۇ ـ نېئمەت بىلەن دوزاخ ئازابىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

**131 ـ سوئال:**

**جەننەت بىلەن دوزاخنىڭ مەۋجۇدلىقىنىڭ دەلىللىرى قايسىلار؟**

ئۇنىڭ دەلىلى ـــ ﷲ تائالانىڭ بىزگە ئۇلارنىڭ تەييارلانغانلىقى ھەققىدە بەرگەن خەۋەرلىرى بولۇپ، ﷲ تائالا جەننەت ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: ﴿پەرۋەردىگارىڭلارنىڭ مەغپىرىتىگە ۋە تەقۋادارلار ئۈچۈن تەييارلانغان، كەڭلىكى ئاسمان ـ زېمىنچە كېلىدىغان جەننەتكە ئالدىراڭلار!﴾[1]

ﷲ تائالا دوزاخ ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: ﴿كاپىرلار ئۈچۈن تەييارلانغان دوزاختىن (يەنى دوزاخقا كىرىشكە سەۋەب بولىدىغان يامان ئىشلاردىن) ساقلىنىڭلار!﴾[2] ئۇلۇغ ﷲ بىزگە ئادەم ئەلەيھىسسالام بىلەن ئايالىنى (ئۇلار چەكلەنگەن مېۋىنى يېيىشتىن بۇرۇن) جەننەتتە تۇرغۇزغانلىقىنى بىلدۈرگىنىدەك، كاپىرلارنىڭ ئەتىگەن ـ ئاخشىمى دوزاخ ئوتىغا توغرىلىنىپ تۇرىدىغانلىقى ھەققىدىمۇ خەۋەر بەردى.

پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دەيدۇ: «ماڭا جەننەت كۆرسىتىلدى، مەن ئۇ جەننەت ئەھلىنىڭ كۆپىنچىسىنىڭ پېقىرلار ئىكەنلىكىنى كۆردۈم. ئاندىن ماڭا دوزاخ كۆرسىتىلدى، دوزاخ ئەھلىنىڭ كۆپىنچىسىنىڭ ئاياللار ئىكەنلىكىنى كۆردۈم.» [بۇخارى، مۇسلىم ۋە تىرمىزى رىۋايەت قىلغان]

[1] سۈرە ئال ئىمران، 133 ـ ئايەت.
[2] سۈرە ئال ئىمران، 131 ـ ئايەت.

قەبرە ئازابى ھەققىدىكى ھەدىستە: «سىلەردىن بىرىڭلار ئۆلگەندىن كېيىن، ئۇنىڭغا چوقۇم بارىدىغان جايى كۆرسىتىلىدۇ...» دېيىلگەن.

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم يەنە مۇنداق دەيدۇ: «دوزاخ ئوتى ئەزىز ۋە ئۇلۇغ پەرۋەردىگارىغا شىكايەت قىلىپ مۇنداق دېدى: پەرۋەردىگارىم! مېنىڭ بىر تەرىپىم يەنە بىر تەرىپىمنى يەپ تۈگەتتى. شۇنىڭ بىلەن، الله ئۇنىڭ ئىككى قېتىم نەپەس ئېلىۋېلىشىغا رۇخسەت قىلدى. بىر نەپەس قىش مەۋسۇمى ئۆچۈن، يەنە بىرى ياز مەۋسۇمى ئۆچۈن. سىلەر ئەڭ يۇقىرى دەرىجىدە ھېس قىلغان ئىسسىق بىلەن ئەڭ تۆۋەن دەرىجىدە ھېس قىلغان سوغۇق مانا مۇشۇنىڭدىندۇر.» [بۇخارى، مۇسلىم، ئىبنى ماجە قاتارلىقلار رىۋايەت قىلغان]

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم يەنە مۇنداق دەيدۇ: «قىزىتما دوزاخ ھارارىتىنىڭ تەپتىدۇر. ئۇنى سۇ بىلەن پەسەيتىڭلار!» [بۇخارى مۇسلىم، تىرمىزى ۋە ئىبنى ماجە قاتارلىقلار رىۋايەت قىلغان]

«الله جەننەت بىلەن دوزاخنى ياراتقاندىن كېيىن، جىبرىئىلنى جەننەتكە ئەۋەتتى ۋە: ئۇ يەرنى كۆرۈپ كەلگىن! ـ دېدى...» [نەسەئى، ئەبۇداۋۇد، تىرمىزى قاتارلىقلار رىۋايەت قىلغان]

جەننەت ۋە دوزاخ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئىسرا كېچىسى ۋە قۇياش تۇتۇلغان كۈندە كۆرسىتىلگەن. [بۇخارى، مۇسلىم ۋە ئىبنى ماجە رىۋايەت قىلغان]

بۇ ھەقتە رىۋايەت قىلىنغان ھەدىسلەر سان ـ ساناقسىزدۇر.

**132 ـ سوئال:**

**جەننەت بىلەن دوزاخنىڭ باقى ئىكەنلىكى ۋە مەڭگۈ يوقالمايدىغانلىقىنىڭ دەلىللىرى قايسىلار؟**

اللہ تائالا جەننەت ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: ﴿اللہ ئۇلارغا ئاستىدىن ئۆستەڭلەر ئېقىپ تۇرىدىغان جەننەتلەرنى تەييارلىدى، ئۇلار جەننەتتە مەڭگۈ قالىدۇ، بۇ چوڭ بەختتۇر.﴾[1] ﴿جەننەتتە ئۇلارغا چارچاش بولمايدۇ، ئۇلار جەننەتتىن چىقىرىۋېتىلمەيدۇ.﴾[2]

اللہ تائالا جەننەت ھەققىدە يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿(بۇ ئۇلارغا قىلىنغان) ئۈزۈلۈپ قالمايدىغان ئىنئامدۇر.﴾[3] ﴿بۇ ھەقىقەتەن بىزنىڭ ئاتايمىزدۇركى، ئۇ ھەرگىز تۈگىمەيدۇ.﴾[4] ﴿تەقۋادارلار ھەقىقەتەن بىخەتەر جايدا بولىدۇ... ئۇلار ئىلگىرىكى (يەنى دۇنيادىكى) ئۆلۈمدىن باشقا (جەننەتتە) ھېچقانداق ئۆلۈمنى تېتىمايدۇ، اللہ ئۇلارنى دوزاخ ئازابىدىن ساقلايدۇ.﴾[5] ۋە باشقا ئايەتلەر.

اللہ تائالا جەننەتنىڭ ئەبەدىيلىكىنى ھەم جەننەت ئەھلىنىڭ ھاياتىنىڭ ئەبەدىي بولىدىغانلىقىنى، ھاياتىنىڭ ئۈزۈلمەي داۋاملىشىدىغانلىقىنى ۋە ئۇلارنىڭ ئۇ يەردىن چىقىرىلمايدىغانلىقىنى بىلدۈرمەكتە.

دوزاخمۇ شۇنىڭغا ئوخشاش بولۇپ، ئۇلۇغ اللہ بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿(ئۇلارنى ) پەقەت دوزاخنىڭ يولىغا باشلايدۇ،

[1] سۈرە تەۋبە، 100 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[2] سۈرە ھىجىر، 48 ـ ئايەت.
[3] سۈرە ھۇد، 108 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[4] سۈرە ساد، 54 ـ ئايەت.
[5] سۈرە دۇخان، 51 ـ ۋە 56 ـ ئايەتلەر.

ئۇلار دوزاخدە مەڭگۈ قالىدۇ. بۇ (يەنى ئۇلارنى دوزاخدە مەڭگۈ قالدۇرۇش) اللە قا ئاساندۇر.﴾[1] ﴿اللە ھەقىقەتەن كاپىرلارنى رەھمىتىدىن يىراق قىلدى ۋە ئۇلارغا دوزاخنى تەييارلىدى. ئۇلار دوزاختا مەڭگۈ قالىدۇ. ئۇلار ھېچقانداق (ئۇلارنى قوغدايدىغان) دوست ۋە (ئۇلاردىن ئازابنى دەپئى قىلىدىغان) ياردەمچى تاپالمايدۇ.﴾[2]

﴿كىمكى اللە قا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئاسىيلىق قىلىدىكەن (يەنى كىمكى اللە نى ۋە اللە نىڭ پەيغەمبىرىنى ئىنكار قىلىدىكەن، اللە قا مۇلاقات بولۇشقا ئىشەنمەيدىكەن، اللە نىڭ ئايەتلىرىگە قۇلاق سېلىشتىن يۈز ئۆرۈيدىكەن)، ئۇ دوزاخ ئازابىغا دۇچار بولىدۇ، دوزاختا مەڭگۈ قالىدۇ.﴾[3]

اللە تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئۇلار دوزاختىن چىقمايدۇ.﴾[4] ﴿ئۇلاردىن ئازاب (بىردەممۇ) يېنىكلىتىلمەيدۇ، ئۇلار دوزاختا (ھەرقانداق ياخشىلىقتىن) ئۈمىدسىزلەردۇر.﴾[5] ﴿كاپىرلار دوزاخ ئازابىغا دۇچار بولىدۇ، ئۇلارنىڭ ئۆلۈپ (ئارام تېپىپ قالماسلىقى ئۈچۈن) جانلىرى ئېلىنمايدۇ، ئۇلاردىن ئازابمۇ يېنىكلىتىلمەيدۇ، كۇفرىدا ھەممىدىن ئاشقان ھەر ئىنساننى ئەنە شۇنداق جازالايمىز.﴾[6] ﴿ھەقىقەت شۇكى، كىمكى گۇناھكار ھالدا اللە قا مۇلاقات بولىدىكەن، ئۇ دوزاخقا

---

[1] سۈرە نىسا، 169 ـ ئايەت.
[2] سۈرە ئەھزاب، 64 ـ ۋە 65 ـ ئايەتلەر.
[3] سۈرە جىن، 23 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[4] سۈرە بەقەرە، 169 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[5] سۈرە زۇخرۇف، 75 ـ ئايەت.
[6] سۈرە فاتىر، 36 ـ ئايەت.

كىرىدۇ، دوزاختا ئۇ ئۆلمەيدۇ ۋە (ئوبدان) ياشىمايدۇ.﴾[1] ۋە باشقا ئايەتلەر بۇنىڭ دەلىلىدۇر.

ئۇلۇغ الله بۇ ۋە باشقا ئايەتلەردە، دوزاخنىڭ دوزاخ ئەھلى ئۈچۈن يارىتىلغانلىقىنى، ئۇلارنىڭمۇ دوزاخ ئۈچۈن يارىتىلغانلىقىنى ۋە ئۇلارنىڭ ئۇ يەردە مەڭگۈ قالىدىغانلىقىنى بىلدۈرمەكتە. يەنى الله تائالا: ﴿ئۇلار ئۇ يەردىن چىقىرىلمايدۇ﴾ دېگەن ئايىتى ئارقىلىق ئۇلارنىڭ ئۇ يەردىن مەڭگۈ چىقمايدىغانلىقىنى بىلدۈرسە، ﴿ئازاب ئۇلارغا يەڭگىللىتىلمەيدۇ﴾ دېگەن ئايىتى ئارقىلىق دوزاخ ئازابىنىڭ مەڭگۈ توختاپ قالمايدىغانلىقىنى ۋە ﴿ئۇ دوزاختا ئۆلمەيدۇ ۋە (ئوبدان) ياشىمايدۇ﴾ دېگەن ئايىتى ئارقىلىق ئۇنىڭ دوزاخ ئەھلىنىڭ ئۇ يەردىن مەڭگۈ يوقالمايدىغانلىقىنى بىلدۈرمەكتە.

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: «دوزاخ ئەھلىگە كەلسەك، ئۇلار ئۇ يەردە ئۆلمەيدۇ ۋە (ئوبدان) ياشىمايدۇ.» [مۇسلىم ۋە ئىبنى ماجە رىۋايەت قىلغان]

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم يەنە مۇنداق دەيدۇ: «جەننەت ئەھلى جەننەتكە، دوزاخ ئەھلى دوزاخقا كىرگەندىن كېيىن، ئۆلۈم (قوچقار شەكلىدە) جەننەت بىلەن دوزاخنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى بىر يەرگە كەلتۈرۈلۈپ بوغۇزلىنىدۇ. ئاندىن بىر جاكارچى چىقىپ مۇنداق دەيدۇ: ئەي جەننەت ئەھلى! ئەمدى ئۆلۈم يوقتۇر. ئەي دوزاخ ئەھلى! ئەمدى ئۆلۈم يوقتۇر. شۇنىڭ بىلەن، جەننەت ئەھلىنىڭ خۇشاللىقىغا خۇشاللىق قېتىلىدۇ. دوزاخ ئەھلىنىڭ غەم ـ قايغۇسىغا غەم ـ

[1] سۈرە تاھا، 74 ـ ئايەت.

قايغۇ قوشۇلىدۇ.» [بۇخارى، مۇسلىم، تىرمىزى قاتارلىقلار رىۋايەت قىلغان] بۇ ھەدىس يەنە بىررىۋايەتتە مۇنداق: «ھەركىم تۇرۇۋاتقان يېرىدە مەڭگۈ قالىدۇ.» [مۇسلىم رىۋايەت قىلغان]

باشقا بىر رىۋايەتتە مۇنداق دېيىلگەن: «ئاندىن الله نىڭ پەيغەمبىرى: ﴿ئۇلارنى (يەنى خالايىقنى) ھەسرەت كۈنى (يەنى قىيامەت كۈنى) دىن ئاگاھلاندۇرغىن، ئۇ چاغدا ھەممە ئىش بىر تەرەپ قىلىنغان بولىدۇ. ھالبۇكى، ئۇلار غەپلەتتىدۇر، (قىيامەتنى) ئىنكار قىلماقتىدۇر.﴾[1] دېگەن ئايەتنى ئوقۇدى. [بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان] بۇ ھەقتە، بۇلاردىن باشقا يەنە ناھايىتى كۆپ ھەدىس بار.

## 133 ـ سوئال:

**ئاخىرەت كۈنىدە مۆئمىنلەرنىڭ ئۇلۇغ ۋە مۇبارەك پەرۋەردىگارىنى كۆرىدىغانلىقىنىڭ دەلىللىرى قايسىلار؟**

ئۇلۇغ الله بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿بۇ كۈندە، (سائادەتمەنلەرنىڭ) يۈزلىرى نۇرلۇق بولىدۇ. (ئۇلار) پەرۋەردىگارىغا قاراپ تۇرىدۇ.﴾[2] ﴿ياخشى ئىش قىلغانلار جەننەتكە ۋە الله نىڭ جامالىنى كۆرۈشكە نائىل بولىدۇ.﴾[3]

ئۇلۇغ الله كاپىرلار ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس، ھەقىقەتەن ئۇلار بۇ كۈندە پەرۋەردىگارىنى كۆرۈشتىن مەنئى قىلىنغان.﴾[4]

---

[1] سۈرە مەريەم، 39 ـ ئايەت.
[2] سۈرە قىيامەت، 22 ـ ۋە 23 ـ ئايەتلەر.
[3] سۈرە يۇنۇس، 26 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[4] سۈرە مۇتەففىفىن، 15 ـ ئايەت.

دۈشمەنلىرى ئۇنى (الله نى) كۆرەلمىگىنىگە قارىغاندا، ئۇنىڭ دوستلىرى كۆرۈشتىن مەنئى قىلىنمايدۇ.

جەبىر ئىبنى ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: «پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن ئولتۇراتتۇق. ئۇ ئون تۆت كۈنلۈك ئايغا قاراپ تۇرغان ھالدا مۇنداق دېدى: "سىلەر پەرۋەردىگارىڭلارنى مانا مۇشۇ ئاينى كۆرۈپ تۇرغاندەك ناھايىتى ئوچۇق كۆرىسىلەر ۋە ئۇنى كۆرۈش ئۈچۈن ھېچقانداق توسقۇنلۇققا ئۇچرىمايسىلەر. شۇنىڭ ئۈچۈن، كۈن چىقىشتىن بۇرۇن بىر نامازنىڭ ۋە كۈن پېتىشتىن بۇرۇن بىر نامازنىڭ ۋاقتىنى ئۆتكۈزۈۋېتىمەسلىككە كۈچۈڭلارنىڭ يېتىشىچە تىرىشىڭلار!"» [بۇخارى، مۇسلىم، ئەبۇداۋۇد، تىرمىزى، ئىبنى ماجە قاتارلىقلار رىۋايەت قىلغان]

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ: «بۇنى كۆرگىنىڭلاردەك» دېگىنى، شۇ ئاينى كۆرگىنىڭلاردەك دېگەنلىك بولىدۇ. بۇ يەردىكى ئوخشىتىش كۆرۈلگۈچىنىڭ كۆرۈلگۈچىگە ئوخشىتىلىشى ئەمەس، بەلكى كۆرۈشنىڭ كۆرۈشكە بولغان ئوخشىتىلىشىنى ئىپادىلەپ بېرىدۇ. مەسىلەن، ئۇلۇغ الله نىڭ ۋەھيى ئارقىلىق سۆز قىلىدىغانلىقى ھەققىدىكى ھەدىستە مۇنداق دېيىلگەن: «... پەرىشتىلەر ئۇنىڭ سۆزلىرىگە ئىتائەت قىلىپ، قاناتلىرىنى قېقىشىدۇ. ئۇ (ۋەھيى) خۇددى تۈپتۈز كەتكەن قىيا تاشلىقنىڭ ئۈستىدە (سۆرەلگەن) زەنجىر (دىن چىققان ئاۋاز) غا ئوخشايدۇ.» [بۇخارى، ئىبنى ماجە ۋە تىرمىزى رىۋايەت قىلغان]

بۇ يەردىكى ئوخشىتىشمۇ ئاڭلانغۇچىنىڭ ئاڭلانغۇچىغا ئوخشىتىلىشى ئەمەس، بەلكى ئاڭلاشنىڭ ئاڭلاشقا ئوخشىتىلىشىدۇر. چۈنكى الله تائالا ھەرقانداق مەخلۇقاتنىڭ ياكى ئۇلارنىڭ سۈپىتىنىڭ ئۆزىگە ئوخشاپ قېلىشىدىن

پـــاكتۇر. پـــەيغەمبەر ســـەللەللاھۇ ئەلـــەيھى ۋەســـەللەمنىڭ سۆزلىرىمۇ بۇنداق ئوخشىتىشقا قارىتىلغان شەكىلدە تەبىر بېرىلىشتىن پاكتۇر. چۈنكى بارلىق مەخلۇقات ئىچىدە ئۇلۇغ اللە نى ئەڭ ياخشى رەۋىشتە بىلىدىغىنى ئۇ (پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام) دۇر. سۇھەيب ئەررۇمىدىن رىۋايەت قىلىنغان بىر ھەدىستە مۇنداق دېيىلگەن: «... شۇنىڭ بىلەن ئۇلۇغ اللە پەردىسىنى قايرىۋېتىدۇ. ئۇلارغا (يەنى جەننەت ئەھلىگە) ئەزىز ۋە ئۇلۇغ پەرۋەردىگارىغا قاراشتىنمۇ بەكرەك خۇشاللىنارلىق نەرسە بېرىلمىگەن» دېگەندىن كېيىن: ﴿ياخشى ئىش قىلغانلار جەننەتكە ۋە اللە نىڭ جامالىنى كۆرۈشكە نائىل بولىدۇ﴾[1] دېگەن ئايەتنى ئوقۇدى. [مۇسلىم، تىرمىزى ۋە ئىبنى ماجە رىۋايەت قىلغان]

بۇ ھەقتە ئوچۇق بايان قىلىنغان سەھىھ ھەدىسلەر بەكمۇ كۆپ. بىز «سۈللەمۇل ۋۇسۇل» ناملىق كىتابنىڭ شەرھىسىدە بۇ ھەقتىكى 45 ھەدىسنى 30 دىن ئارتۇق ساھابىدىن نەقىل قىلدۇق. بۇلارنى رەت قىلغۇچى اللە نىڭ كىتابىنى ۋە اللە نىڭ رەسۇلى بىلەن ئەۋەتكەنلىرىنى يالغانغا چىقارغۇچى ۋە ئۇلۇغ اللە نىڭ: ﴿ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس، ھەقىقەتەن ئۇلار بۇ كۈندە پەرۋەردىگارىنى كۆرۈشتىن مەنئى قىلىنغان﴾ دەپ تەسۋىرلىگەن كىشىلەردىن بولۇپ قالىدۇ. ئۇلۇغ اللە تىن مەغپىرەت ۋە خاتىرجەملىك ئاتا قىلىشىنى، ئاخىرەت كۈندە جامالىغا قاراشنىڭ لەززىتىگە مۇيەسسەر قىلىشىنى تىلەيمىز ـ ئامىن!

**134 ـ سوئال:**

---

[1] سۈرە يۇنۇس، 26 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

**شاپائەتكە ئىمان ئېيتىشنىڭ دەلىللىرى قايسىلار؟ شاپائەت كىمدىن كىمگە، قاچان قىلىدۇ؟**

الله تائالا قۇرئان كەرىمنىڭ كۆپلىگەن يېرىدە ئېغىر شەرتلەرگە باغلىغان هالدا شاپائەتنىڭ چوقۇم بولىدىغانلىقىنى، شاپائەتنىڭ ئۆزىنىڭ ئىلكىدە ئىكەنلىكىنى، بۇنىڭدا ئۆزىدىن باشقا هېچكىمنىڭ هەققى يوقلۇقىنى بىلدۈرۈپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿شاپائەتنىڭ هەممىسى الله نىڭ ئىلكىدىدۇر (هېچ ئادەم الله نىڭ ئىزنىسىز شاپائەت قىلالمايدۇ)﴾[1]

شاپائەتنىڭ قاچان بولىدىغانلىقىغا كەلسەك، ئۇلۇغ الله بىزگە شاپائەتنىڭ پەقەت ئۆزىنىڭ ئىزنى بىلەن بولىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿الله نىڭ رۇخسىتىسىز كىممۇ الله نىڭ ئالدىدا شاپائەت قىلالىسۇن؟﴾[2] ﴿(قىيامەت كۈنى) هەرقانداق شاپائەت قىلغۇچى ئالدى بىلەن الله نىڭ ئىزنىنى ئالىدۇ.﴾[3] ﴿ئاسمانلاردا نۇرغۇن پەرىشتىلەر بولۇپ، ئۇلارنىڭ شاپائىتى هېچ نەرسىگە ئەسقاتمايدۇ، پەقەت الله ئۆزى خالىغان ۋە رازى بولغان ئادەمگە شاپائەت قىلىشقا رۇخسەت قىلسىلا (ئاندىن) ئۇلارنىڭ شاپائىتى ئەسقاتىدۇ.﴾[4] ﴿الله ئىزنى بەرگەن ئادەمدىن باشقىغا الله نىڭ دەرگاهىدا شاپائەت پايدا بەرمەيدۇ.﴾[5]

---

[1] سۈرە زۇمەر، 44 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[2] سۈرە بەقەرە، 255 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[3] سۈرە يۇنۇس، 3 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[4] سۈرە نەجم، 26 ـ ئايەت.
[5] سۈرە سەبەئ، 23 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

كىملەرنىڭ شاپائەت قىلىدىغانلىقىغا كەلسەك، ئۇلۇغ الله بىزگە ئۆزىنىڭ رازىلىقىغا ئېرىشكەن، تاللانغان ئەۋلىيالىرى (يېقىن دوستلىرى) نىڭ شاپائەت قىلىشىغا رۇخسەت بېرىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿مەرھەمەتلىك الله نىڭ ئەھدىگە ئېرىشكەنلەردىن باشقىلار شاپائەت قىلىشقا قادىر بولالمايدۇ.﴾[1]

كىملەرنىڭ شاپائەتكە ئېرىشىدىغانلىقىغا كەلسەك، ئۇلۇغ الله ئۆزى خالىغان ۋە رازى بولغان ئادەمگە شاپائەت قىلىنىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ مۇنداق دېدى: ﴿ئۇلار الله رازى بولغانلارغىلا شاپائەت قىلىدۇ، الله نىڭ ھەيۋىسىدىن قورقۇپ تىترەپ تۇرىدۇ.﴾[2] ﴿بۇ كۈندە مەرھەمەتلىك الله ئىزنى بەرگەن ۋە سۆزىدىن الله رازى بولغان ئادەمنىڭ شاپائىتىدىن باشقا ھېچقانداق شاپائەت پايدا بەرمەيدۇ.﴾[3]

الله پەقەت الله نى بىر دەپ بىلگەن ۋە ئىخلاس قىلغانلاردىنلا رازى بولىدۇ. ئۇلاردىن باشقىلىرى ھەققىدە الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿زالىملارغا يېقىن دوست ۋە شاپائىتى قوبۇل قىلىنىدىغان شاپائەتچى بولمايدۇ.﴾[4]

ئۇلۇغ الله ئۇلارنىڭ: ﴿شۇنىڭ ئۈچۈن بىزگە شاپائەت قىلغۇچىلار يوق. ئەگەر بىزگە (دۇنياغا) قايتىشقا بولسا ئىدى، بىز مۇئمىنلەردىن بولاتتۇق﴾[5] دەيدىغانلىقىنى بىلدۈرگەندىن كېيىن، ئۇلار ھەققىدە يەنە مۇنداق دەيدۇ:

---

[1] سۈرە مەريەم، 87 ـ ئايەت.
[2] سۈرە ئەنبىيا، 28 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[3] سۈرە تاھا، 109 ـ ئايەت.
[4] سۈرە مۇئمىنۇن، 18 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[5] سۈرە شۇئەرا، 100 ـ ۋە 101 ـ ئايەتلەر.

﴿شاپائەت قىلغۇچىلارنىڭ شاپائىتى ئۇلارغا پايدا بەرمەيدۇ (يەنى ئۇلارنى اللّٰه نىڭ ئازابىدىن قۇتقۇزىدىغان شاپائەتچى بولمايدۇ، ئۇلارغا پۈتۈن ئەھلى زېمىن شاپائەت قىلغان تەقدىردىمۇ، ئۇلارنىڭ شاپائىتى قوبۇل قىلىنمايدۇ)﴾[1]

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۆزىگە شاپائەت بېرىلگەنلىكىنى ئېيتقانىدى. يەنە ئۇنىڭ بىزگە خەۋەر بېرىشىچە، ئۇ بېرىپ ئەرشىنىڭ ئاستىدا سەجدىگە باش قويىدۇ، پەرۋەردىگارىغا (ئۆزىگە ئۆگىتىلىدىغان مەدھىيەلىك سۆزلەر بىلەن) ھەمدۇ سانا ئېيتىدۇ. ئۇنىڭغا: «بېشىڭنى كۆتۈرۈپ سۆز قىلغىن، سۆزۈڭ ئاڭلىنىدۇ. تىلىكىڭ ئورۇنلىنىدۇ. شاپائەت قىلساڭ، شاپائىتىڭ قوبۇل قىلىنىدۇ»[2] دېيىلمىگىچە، شاپائەت قىلىشقا باشلىمايدۇ. ئاندىن بىزگە تەۋھىد ئەھلىدىن بولغان گۇناھكارلارنىڭ ھەممىسىگە بىراقلا شاپائەت قىلالمايدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ: «ماڭا بىر چەك قويۇلىدۇ، مەن شۇ چەكنىڭ ئىچىدىكىلەرنىلا جەننەتكە كىرگۈزەلەيمەن» دېدى. ئاندىن ئۇ يەنە ئەرشىنىڭ ئاستىغا بېرىپ سەجدە قىلىدۇ. ئۇنىڭغا يەنە بىر چەك سىزىلىپ بېرىلىدۇ.....

ئەبۇھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن: «كىشىلەر ئارىسىدا سېنىڭ شاپائىتىڭ بىلەن ئەڭ بەختىيار بولىدىغانلار كىملەر؟» دەپ سورىدى. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنىڭغا: «چىن دىلىدىن: لائىلاھە ئىللاللاھ! ـ دېگۈچىلەر» دەپ جاۋاب بەردى. [بۇخارى رىۋايەت قىلغان]

[1] سۈرە مۇددەسسىر، 48 ــ ئايەت.

[2] بۇ ئۇزۇن ھەدىس بۇخارى ۋە مۇسلىمدا رىۋايەت قىلىنغان.

**135 ــ سوئال:**

**شاپائەت قانچە تۈرگە بۆلۈنىدۇ، ئەڭ كاتتىلىرى قايسىلار؟**

**1.** ئەڭ كاتتىلىرى قىيامەت كۈنى ھېساب مەيدانىدىكى «شەفائەتى ئۇزما» (بۈيۈك شاپائەت) بولۇپ، بۇ ئۇلۇغ الله نىڭ بەندىلىرى ئارىسىدا ھۆكۈم چىقىرىش ئۈچۈن كېلىشىنى تىلەش بىلەن بولىدۇ. بۇ شاپائەت پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە خاستۇر. ئەنە شۇ، الله تائالا پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە ۋەدە قىلغان «ماقامى مۇھەممەد» تۇر. دەرۋەقە، الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿(ئى مۇھەممەد!) پەرۋەردىگارىڭنىڭ سېنى مەدھىيىلىنىدىغان ئورۇنغا (يەنى بۈيۈك شاپائەت ماقامىغا) تۇرغۇزۇشى مۇھەققەقتۇر.﴾[1]

قىسقىچە قىلىپ ئېيتقاندا مۇنداق بولىدۇ: ئىنسانلار ھېساب مەيدانىدا كۈتۈۋېرىپ ئىچى سىقىلىدۇ ۋە ئۇلارنىڭ كۈتۈش ۋاقتى تېخىمۇ ئۇزىراپ كېتىدۇ. ھەممىسى پەرىشان بولۇپ، تەرلىرى ئېڭەكلىرىگىچە كېلىدۇ. ئەنە شۇ ۋاقىتتا، ئۇلۇغ الله نىڭ ئۆزلىرىنىڭ ئۈستىدىن ھۆكۈم چىقىرىش ئۈچۈن كېلىشىگە شاپائەت قىلىدىغان بىرىنى ئىزدەيدۇ. ئىنسانلار ئاۋۋال ئادەم ئەلەيھىسسالامغا، ئاندىن نۇھقا، ئاندىن ئىبراھىمغا، ئاندىن مۇساغا، ئاندىن مەريەم ئوغلى ئىساغا يالۋۇرىدۇ. ئەمما ھەممىسى: مەن ئۆزەمنى قۇتۇلدۇرۇشنىڭ خىيالىدا يۈرىمەن، ـ دەيدۇ. ئاخىرىدا، پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئالدىغا كېلىشىدۇ. ئۇ: «بۇ مېنىڭ ئىشىمدۇر» دەيدۇ. بۇ ھەدىسنىڭ

[1] سۈرە بەنى ئىسرائىل، 79 ــ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

تولۇق تېكىستى بۇخارى، مۇسلىم ۋە باشقىلارنىڭ ھەدىس كىتابلىرىدا تەپسىلىي بايان قىلىنغان.

2. ئىككىنچى شاپائەت جەننەت ئىشىكلىرىنىڭ ئېچىلىشى ئۈچۈن قىلىنىدۇ. جەننەت ئىشىكىنىڭ ئېچىلىشىنى تەلەپ قىلىدىغان تۇنجى كىشى پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدۇر. ئۈممەتلەر ئارىسىدا جەننەتكە تۇنجى بولۇپ كىرىدىغانلارمۇ ئۇنىڭ (مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ) ئۈممەتلىرى بولىدۇ.[1]

ئىمام مۇسلىم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «قىيامەت كۈنى جەننەتنىڭ ئىشىكىنىڭ ئالدىغا بېرىپ، ئۇنىڭ ئېچىلىشىنى تەلەپ قىلىمەن، ئىشىكنى ساقلىغۇچى پەرىشتە: سەن كىم؟ ـ دەيدۇ، مەن: ”مەن مۇھەممەد“ دەيمەن. ئۇ: سەندىن ئىلگىرى ھېچكىمگە ئاچماسلىققا، پەقەت ساڭىلا ئېچىشقا بۇيرۇلغان ئىدۇق، ـ دەيدۇ.» يەنە بىر ھەدىستە: «مەن جەننەتتىكى شاپائەت قىلىدىغانلارنىڭ ئەۋۋەلقىسىمەن» دېيىلگەن.

3. ئۈچىنچى تۆرلۈك شاپائەت دوزاخقا تاشلىنىشى ھۆكۈم قىلىنغان بىر قىسىم مۇسۇلمانلارنىڭ دوزاخقا تاشلانماسلىقى ئۈچۈن قىلىنىدىغان شاپائەت.

4. تۆتىنچى تۆرلۈك شاپائەت دوزاخقا تاشلانغان مۇسۇلمانلاردىن بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ ئۇ يەردىن چىقىرىلىشى ئۈچۈن قىلىنىدىغان شاپائەتتۇر. ئىنسان ئۇ يەردىن پۈتۈن بەدىنى قورۇلغان، كۆمۈردەك يانغان ھالەتتە چىقىدۇ. ئاندىن ”ھاياتلىق ئۆستىڭى“ گە تاشلىنىدۇ. ئۇ،

---

[1] مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ئۆستەڭدىن خۇددى كەلكۈن ئېقىتىپ كەتكەن ئۇرۇق بىر يەردە ئۈنۈپ قالغاندەك ئاجىز هالەتتە چىقىدۇ.[1]

5. بەشىنچى تۈرلۈك شاپائەت جەننەت ئەهلىدىن بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ دەرىجىسىنىڭ تېخىمۇ يۇقىرى بولۇشى ئۈچۈن قىلىنىدۇ.

يۇقىرىقى ئۈچ تۈرلۈك (يەنى 3، 4، 5 ـ) شاپائەت پەيغەمبىرىمىز مۇهەممەد سەللەللاهۇ ئەلەيهى ۋەسەللەمگە خاس ئەمەس. ئەمما هەممىدىن بۇرۇن شاپائەت قىلىشقا روخسەت قىلىنىدىغىنى پەيغەمبىرىمىزدۇر. ئۇندىن كېيىن باشقا پەيغەمبەرلەر، پەرىشتىلەر ۋە ئەۋلىيالار كېلىدۇ. كىچىك ياشتا ئۆلۈپ كەتكەن باللارمۇ شاپائەت قىلىشقا مۇيەسسەر بولىدۇ.

ئۇنىڭدىن كېيىن، سانىنى الله تائالادىن باشقىسى بىلمەيدىغان بىر تۈركۈم كىشىلەر شاپائەتچىسىز هالدا دوزاخ ئوتىدىن چىقىرىلىپ، جەننەتكە كىرگۈزۈلىدۇ.

6. ئالتىنچى تۈرلۈك شاپائەت بولسا، بەزى كاپىرلارنىڭ ئازابىنىڭ يېنىكلىتىلىشى ئۈچۈن بولىدۇ. بۇ، پەيغەمبىرىمىز مۇهەممەد سەللەللاهۇ ئەلەيهى ۋەسەللەمنىڭ تاغىسى ئەبۇتالىبقا قىلىدىغان خۇسۇسىي شاپائەتتۇر. بۇ هەقتىكى هەدىسلەر مۇسلىم ۋە باشقىلارنىڭ ئەسەرلىرىدە بايان قىلىنغان.

كاپىرلار دوزاخقا تاشلانغانسېرى، دوزاخ توختىماي: يەنە بارمۇ؟ ـ دەپ سورايدۇ. ئاخىرىدا، الله تائالا ئۇ يەرگە پۇتىنى قويۇشى بىلەن، بىر ـ بىرىگە كىرىشىپ كېتىدۇ ۋە:

[1] بۇخارى، مۇسلىم، تىرمىزى، دارىمى رىۋايەت قىلغان.

ھۆرمىتىڭنىڭ ھەققى ئۈچۈن يېتەر، يېتەر! ـ دەپ كېتىدۇ. مۆئمىنلەر جەننەتكە كىرىپ بولغاندىن كېيىن، جەننەتتە بىر پارچە يەر ئېشىپ قالىدۇ. الله تائالا بىر تۈركۈم ئىنسان يارىتىپ، ئۇلارنىمۇ جەننەتكە قويىدۇ. بۇ ھەقتە سان ـ ساناقسىز ئايەت بار. بۇلارنى كۆرۈشنى خالىغانلار الله نىڭ كىتابىغا ۋە الله نىڭ پەيغەمبىرىنىڭ ھەدىسلىرىگە مۇراجىئەت قىلسا بولىدۇ.

**136 ـ سوئال:**

**بىر بەندە ئەمەلى بىلەن جەننەتكە كىرەلەمدۇ ياكى دوزاخ ئازابىدىن قۇتۇلالامدۇ؟**

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دەيدۇ: «قولۇڭلاردىن كېلىشىچە توغرا ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلىشقا تىرىشىڭلار! شۇنىمۇ بىلىپ قېلىڭلاركى، سىلەردىن ھېچكىم ئەمەلى بىلەن نىجات تاپالمايدۇ.» ساھابىلار: ئى الله نىڭ پەيغەمبىرى! سەنمۇ نىجات تاپالماسەن؟ ـ دەپ سوراشتى. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «مەنمۇ شۇنداق، ئەمما پەرۋەردىگارىمنىڭ مېنى ئۆز رەھمىتى ۋە لۇتپى بىلەن ئورىۋېلىشى بۇنىڭدىن مۇستەسنا» دەپ جاۋاب بەردى. يەنە بىر رىۋايەتتە مۇنداق دېيىلگەن: «توغرا ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلىشقا تىرىشىڭلار، سىلەرگە خۇش بېشارەت بولسۇن!... شۈبھىسىزكى، ھېچكىم ئەمەلى بىلەن جەننەتكە كىرەلمەيدۇ.» ساھابىلار: ئى الله نىڭ پەيغەمبىرى! سەنمۇ شۇنداقمۇ؟ ـ دەپ سوراشتى. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «مەنمۇ شۇنداق. لېكىن الله نىڭ مېنى ئۆز رەھمىتى دائىرىسىگە ئېلىشى بۇنىڭدىن مۇستەسنا. شۇنىمۇ بىلىڭلاركى، الله ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان ئەمەل ـ ئاز

بولىسىمۇ، داۋاملىق بولۇپ تۇرىدىغان ئەمەلدۇر» دېدى. [بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان]

**137 ـ سوئال:**

**بۇ ھەدىس بىلەن اللہ تائالانىڭ: ﴿ئۇلارغا: «قىلغان ئەمەللىرىڭلار ئۈچۈن سىلەرگە بېرىلگەن جەننەت مانا مۇشۇ» دەپ نىدا قىلىنىدۇ (يەنى پەرىشتىلەر شۇنداق دەپ نىدا قىلىدۇ)﴾① دېگەن ئايىتىنى قانداق بىرلەشتۈرۈپ چۈشىنىش كېرەك؟**

ئۇلۇغ اللہ قا ھەمدى بولسۇنكى، بۇ ئىككىسى ئارىسىدا ھېچقانداق زىتلىق يوق. چۈنكى ئايەتتىكى ”بِما“ سۆزىنىڭ ”ب“ ھەرپى سەۋەبنى ئىپادىلەيدۇ. چۈنكى ياخشى ئەمەللەر جەننەتكە كىرىشنىڭ سەۋەبىدۇر. جەننەتكە كىرىش پەقەت ياخشى ئەمەللەرنى قىلىش بىلەن بولىدۇ. چۈنكى نەتىجە ئۇنى ئوتتۇرىغا چىقارغان سەۋەبنىڭ مەۋجۇدىيىتى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ. ھەدىستىكى ”ئەمەللىرىڭلار بىلەن“ دېگەن سۆزدە كەلگەن ”ب“ ھەرپى ”باھا، قىممەت“ دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. شۈبھىسىزكى، بەندە تاكى قىيامەتكىچە ياشىسا ۋە كۈندۈزلىرى روزا تۇتۇپ، كېچىلىرى ناماز ئوقۇپ، بارلىق گۇناھلاردىن يىراق تۇرسىمۇ، ئۇنىڭ بارلىق ئەمەللىرى ئۇلۇغ اللہ نىڭ ئۇنىڭغا ئاتا قىلغان ئاشكارا ـ مەخپىي نېئمەتلىرىدىن ناھايىتى كىچىك بىر نېئمەتنىڭ ئورنىدىن بىرىگىمۇ بەدەل بولالمايدۇ. ئۇنداق بولغانىكەن، ئۇنىڭ جەننەتكە كىرىشىگە قانداق بەدەل بولالىسۇن؟ ﴿«پەرۋەردىگارىم! مەغپىرەت قىلغىن، رەھمەت قىلغىن، سەن رەھىم قىلغۇچىلارنىڭ ئەڭ ياخشىسىسەن» دېگىن.﴾②

① سۈرە ئەئراف، 43 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
② سۈرە مۇئمىنۇن، 118 ـ ئايەت.

# تەقدىرگە ئىمان ئېيتىش

**138 ــ سوئال:**

**تەقدىرگە ئىمان ئېيتىشنىڭ دەلىللىرى قايسىلار؟**

الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿الله نىڭ ئەمرى ئەزەلدىنلا بېكىتكەن (ئۆزگەرمەس) ھۆكۈمدۇر (تەقدىردۇر).﴾[1] ﴿لېكىن الله بولۇشقا تېگىشلىك ئىشنى (يەنى مۇسۇلمانلارنى ئەزىز، مۇشرىكلارنى خار قىلىشنى) ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن (سىلەرنى بەدرىدە مۇشرىكلار بىلەن ۋەدىسىز ئۇچراشتۇردى).﴾[2] ﴿الله نىڭ ئەمرى چوقۇم ئورۇنلىنىدۇ.﴾[3] ﴿كىشىگە يەتكەن ھەرقانداق مۇسىبەت پەقەت الله نىڭ ئىزنى (يەنى قازاسى) بىلەنلا (يېتىدۇ)، كىمكى الله قا (يەنى ھەرقانداق مۇسىبەت الله نىڭ قازاسى بىلەن يېتىدۇ دېگەن سۆزگە) ئىشىنىدىكەن، الله ئۇنىڭ قەلبىنى (سەۋرگە) يېتەكلەيدۇ، الله ھەممە نەرسىنى بىلگۈچىدۇر.﴾[4]

﴿ئىككى قوشۇن ئۇچراشقان كۈندە (يەنى مۇسۇلمانلار بىلەن مۇشرىكلار توقۇنۇشقان ئۇھۇد جېڭىدا) سىلەرگە كەلگەن مۇسىبەت الله نىڭ ئىرادىسى بىلەن كەلگەندۇر، بۇ ھەقىقىي مۇئمىنلەرنى بىلىش (يەنى ئايرىش) ئۈچۈندۇر.﴾[5] ﴿ئۇلارغا بىرەر مۇسىبەت كەلگەن چاغدا، ئۇلار: «بىز ئەلۋەتتە الله نىڭ

[1] سۈرە ئەھزاب، 38 ــ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[2] سۈرە ئەنفال، 42 ــ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[3] سۈرە ئەھزاب، 37 ــ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[4] سۈرە تەغابۇن، 11 ــ ئايەت.
[5] سۈرە ئال ئىمران، 166 ــ ئايەت.

ئىگىدارچىلىقىدىمىز (يەنى اللہ نىڭ بەندىلىرىمىز)، چوقۇم اللہ نىڭ دەرگاھىغا قايتىمىز» دەيدۇ. ئەنە شۇلار پەرۋەردىگارىنىڭ مەغپىرىتى ۋە رەھمىتىگە ئېرىشكۈچىلەردۇر، ئەنە شۇلار ھىدايەت تاپقۇچىلاردۇر.﴾[1] ۋە بۇلاردىن باشقا نۇرغۇن ئايەتلەر بار.

جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام توغرىسىدىكى ھەدىستە، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ: «ياخشى ـ يامان تەقدىرگە ئىمان ئېيتىشىڭ» دېگەنلىكىنى كۆرۈپ ئۆتكەنىدۇق. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم يەنە مۇنداق دەيدۇ: «شۇنى بىلكى، ساڭا كەلگەن مۇسىبەتنىڭ ساڭا خاتا كېلىپ قېلىشى مۇمكىن ئەمەس، شۇنداقلا، ساڭا كەلمەيدىغان مۇسىبەتنىڭ خاتالىق بىلەن ساڭا كېلىپ قېلىشىمۇ مۇمكىن ئەمەس.»[2]

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم يەنە مۇنداق دەيدۇ: «ساڭا بىر مۇسىبەت يەتسە، ھەرگىز: ئەگەر بۇ ئىشنى قىلغان بولسام، مۇنداق ـ مۇنداق بولاتتى، ـ دېمەي: اللہ مۇشۇنداق تەقدىر قىلدى ۋە ئۇ خالىغىنىنى قىلدى، ـ دېگىن!»[3] يەنە بىر ھەدىستە مۇنداق دەيدۇ: «ھەممە نەرسە تەقدىرگە باغلىقتۇر. بىر ئىشنى ئورۇنلىيالماسلىق ياكى ۋايىغا يەتكۈزۈپ ئورۇنلاشمۇ شۇنداق...»[4] ۋە باشقا نۇرغۇنلىغان ھەدىسلەر بار.

## 139 ـ سوئال:

[1] سۈرە بەقەرە، 156 ـ ۋە 157 ـ ئايەتلەر.
[2] ئەبۇداۋۇد، تىرمىزى، ئىبنى ماجە رىۋايەت قىلغان.
[3] مۇسلىم ۋە ئىبنى ماجە رىۋايەت قىلغان.
[4] ئىمام مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

## تەقدىرگە ئىمان ئېيتىشنىڭ قانچە مەرتىۋىسى بار؟

تەقدىرگە ئىمان ئېيتىشنىڭ توّت مەرتىۋىسى بار.

1. مەرتىۋە: ئۇلۇغ الله نىڭ ھەممە نەرسىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان، ئاسمانلار ۋە زېمىندىكى زەررە چاغلىق ھېچبىر نەرسىنى سىرتتا قالدۇرمايدىغان ئىلمىگە، ئۇنىڭ بارلىق مەخلۇقاتىنى ئۇلارنى يارىتىشتىن بۇرۇن بىلىدىغانلىقىغا، رىزىقلىرىنى، ئەجەللىرىنى، سۆز - ھەرىكەتلىرىنى، بارلىق ئەمەللىرىنى، ئاشكارا ـ مەخپى ئىشلىرىنى، كىمنىڭ جەننەت ئەھلى، كىمنىڭ دوزاخ ئەھلى ئىكەنلىكىنى بىلىدىغانلىقىغا ئىمان ئېيتىش.

2. مەرتىۋە: تەقدىرنىڭ يېزىقلىق ئىكەنلىكىگە. ئۇلۇغ الله نىڭ يۈز بېرىدىغان بارلىق ئىشلارنى بىلگەنلىكى ئۈچۈن، ھەممە نەرسىنى يازغانلىقىغا ئىمان ئېيتىش. لەۋھۇلمەھپۇز ۋە قەلەمگە ئىمان ئېيتىشمۇ بۇنىڭ ئىچىگە كىرىدۇ.

3. مەرتىۋە: ئۇلۇغ الله نىڭ ئىرادىسىگە، كۈچ - قۇۋۋىتىگە ۋە ھەممە نەرسىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان قۇدرىتىگە ئىمان ئېيتىش. بۇلار يۈز بەرگەن ۋە يۈز بەرمەكچى بولغان نەرسىلەر ئېتىبارى بىلەن بىر - بىرىدىن ئايرىلمايدۇ. لېكىن يۈز بەرمىگەن ۋە يۈز بەرمەيدىغان نەرسىلەر ئېتىبارى بىلەن بىر ـ بىرىدىن ئادا ـ جۇدادۇر. شانۇ ـ شەۋكەتلىك الله ئىرادە قىلغان ھەرقانداق نەرسە الله نىڭ قۇدرىتى بىلەن چوقۇم بولىدۇ. ئۇلۇغ الله ئىرادە قىلمىغان ھېچبىر نەرسە ئۆزلىكىدىن مەيدانغا كېلەلمەيدۇ. بۇ ھەرگىزمۇ الله نىڭ قۇدرىتىنىڭ يەتمەسلىكىدىن ئەمەس. ئۇلۇغ الله ئۇنداق بولۇشتىن پاكتۇر، خالىيدۇر. ﴿ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى ھېچ نەرسە الله نى

ئىلاجىسىز قالدۇرالمايدۇ. الله ھەقىقەتەن ھەممىنى بىلگۈچىدۇر، ھەممىگە قادىردۇر.﴾[1]

**4.** مەرتىۋە: ئۇلۇغ الله نىڭ ھەممە نەرسىنىڭ ياراتقۇچىسى ئىكەنلىكىگە، ئاسمانلاردىكى، زېمىندىكى ۋە بۇ ئىككىسىنىڭ ئارىسىدىكى ھەممە نەرسىنى الله ياراتقانلىقىغا، ئۇنىڭ يارىتىشى سىرتىدا زەررىچىلىك بىر مەخلۇقنىڭ يوقلۇقىغا، بارلىق مەخلۇقاتنىڭ ھەرىكەتلىك ۋە ھەرىكەتسىز ھالىتىنى ئۇنىڭ ياراتقانلىقىغا ئىمان ئېيتىش. الله ھەرقانداق كەمچىلىكتىن خالىيدۇر، ئۇندىن باشقا ياراتقۇچى ۋە پەرۋەردىگار يوقتۇر.

**140 ــ سوئال:**

**"ئۇلۇغ الله ھەممە نەرسىنى بىلىدۇ" دېگەن بىرىنچى مەرتىۋىنىڭ دەلىللىرى قايسىلار؟**

الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿الله تىن باشقا ھېچ مەبۇد (بەرھەق) يوقتۇر، ئۇ يوشۇرۇننى، ئاشكارىنى بىلگۈچىدۇر.﴾[2] ﴿(سىلەرگە بۇنى بىلدۈرۈشۈم) الله نىڭ ھەممىگە قادىر ئىكەنلىكىنى ۋە الله نىڭ ھەممە نەرسىنى تولۇق بىلىدىغانلىقىنى بىلىشىڭلار ئۈچۈندۇر.﴾[3] ﴿الله غەيبنى بىلگۈچىدۇر، ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى زەررە چاغلىق نەرسە الله تىن يىراق ئەمەستۇر، ئۇنىڭ (يەنى زەررە) دىن كىچىك نەرسە بولسۇن، چوڭراق نەرسە بولسۇن، لەۋھۇلمەھپۇزدا خاتىرىلەنمىگىنى يوق.﴾[4]

---

[1] سۈرە فاتىر، 44 ــ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[2] سۈرە ھەشر، 22 ــ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[3] سۈرە تالاق، 12 ــ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[4] سۈرە سەبەئ، 3 ــ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

﴿غەيبنىڭ خەزىنىلىرى اللە نىڭ دەرگاھىدىدۇر، ئۇنى پەقەتلا اللە بىلىدۇ.﴾[1] ﴿اللە پەيغەمبەرلىك ۋەزىپىسىنى قەيەرگە ئورنىتىشنى (يەنى كىمنىڭ ئۇنىڭ ئەھلى بولىدىغانلىقىنى) ئوبدان بىلىدۇ.﴾[2] ﴿شۈبھىسىزكى، سېنىڭ پەرۋەردىگارىڭ ئۆزىنىڭ يولىدىن ئازغانلارنى ئوبدان بىلىدۇ، ھىدايەت تاپقۇچىلارنىمۇ ئوبدان بىلىدۇ.﴾[3] ﴿اللە شۈكۈر قىلغۇچىلارنى ئوبدان بىلىدۇ ئەمەسمۇ؟﴾[4] ﴿اللە جاھان ئەھلىنىڭ دىللىرىدىكىنى ھەممىدىن ئوبدان بىلمەمدۇ؟﴾[5]

﴿ئۆز ۋاقتىدا پەرۋەردىگارىڭ پەرىشتىلەرگە: «مەن يەر يۈزىدە خەلىپە (يەنى ئورۇنباسار) يارىتىمەن» دېدى. پەرىشتىلەر: «يەر يۈزىدە بۇزۇقچىلىق قىلىدىغان، قان تۆكىدىغان (شەخسنى) خەلىپە قىلامسەن؟ ھالبۇكى، بىز بولساق سېنى پاك دەپ مەدھىيىلەيمىز، مۇقەددەس دەپ مەدھىيىلەيمىز» دېدى. اللە: «مەن ھەقىقەتەن سىلەر بىلمەيدىغان نەرسىلەرنى بىلىمەن» دېدى.﴾[6] ﴿سىلەرگە جىھاد پەرز قىلىندى. ھالبۇكى، سىلەر ئۇنى ياقتۇرمايسىلەر، سىلەر بىرەر نەرسىنى ياقتۇرماسلىقىڭلار مۇمكىن، ئەمما ئۇ سىلەر ئۈچۈن پايدىلىقتۇر؛ سىلەر بىرەر نەرسىنى ياقتۇرۇشۇڭلار مۇمكىن، ئەمما ئۇ سىلەر ئۈچۈن زىيانلىقتۇر. (سىلەرگە نېمىنىڭ پايدىلىق ئىكەنلىكىنى) اللە بىلىدۇ،

[1] سۈرە ئەنئام، 59 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[2] سۈرە ئەنئام، 124 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[3] سۈرە قەلەم، 7 ـ ئايەت.
[4] سۈرە ئەنئام، 53 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[5] سۈرە ئەنكەبۇت، 10 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[6] سۈرە بەقەرە، 30 ـ ئايەت.

سىلەر بىلمەيسىلەر، (شۇنىڭ ئۈچۈن) اللہ بۇيرۇغانغا ئالدىراڭلار.﴾[1]

سەھىھ ھەدىستە مۇنداق رىۋايەت قىلىنغان: «بىر ئادەم: ئى اللہ نىڭ پەيغەمبىرى! كىمنىڭ جەننەت ئەھلى، كىمنىڭ دوزاخ ئەھلى ئىكەنلىكى ئېنىقمۇ؟ ـ دەپ سورىدى. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: ”شۇنداق“ دەپ جاۋاب بەردى. ئۇ ئادەم: ئۇنداقتا، ئىنسانلار نېمە ئۈچۈن ئەمەل ـ ئىبادەت قىلىدۇ؟ ـ دەپ سورىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ”ھەركىم نېمە ئۈچۈن يارىتىلغان بولسا، شۇنىڭ ئۈچۈن (ياكى ئۇنىڭغا نېمە ئاسانلاشتۇرۇپ بېرىلگەن بولسا، ئۇنىڭ ئۈچۈن) ئەمەل قىلىدۇ“ دەپ جاۋاب بەردى.

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇشرىكلارنىڭ باللىرى ھەققىدە سورالغان سوئالغا مۇنداق دەپ جاۋاب بەرگەن: «اللہ ئۇلارنىڭ قانداق ئەمەل قىلىدىغانلىقىنى ئەڭ ياخشى بىلگۈچىدۇر.»[2]

سەھىھ مۇسلىمدىكى بىر رىۋايەتتە پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «اللہ جەننەتتىكىلەرنى جەننەت ئۈچۈن ياراتتى. ئۇلار تېخى ئاتىلىرىنىڭ پۇشتىدىكى ۋاقتىدىلا ئۇلارنى جەننەت ئۈچۈن ياراتتى. اللہ دوزاختىكىلەرنىمۇ دوزاخ ئۈچۈن ياراتتى. ئۇلار تېخى ئاتىلىرىنىڭ پۇشتىدىكى ۋاقتىدىلا ئۇ يەر ئۈچۈن ياراتتى.»[3]

سەھىھ مۇسلىمدىكى يەنە بىر رىۋايەتتە پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «شۇبھىسىزكى،

---

[1] سۈرە بەقەرە، 216 ـ ئايەت.

[2] بىرلىككە كەلگەن ھەدىس.

[3] مۇسلىم، ئەبۇداۋۇد، نەسائى، ئىبنى ماجە رىۋايەت قىلغان.

بىر بەندە ئىنسانلارنىڭ كۆزىدە جەننەت ئەھلىگە خاس ئەمەللەرنى قىلىدۇ، ئەمما ئۇ دوزاخ ئەھلىدىندۇر. يەنە بىر بەندە كىشىلەرنىڭ كۆزىدە دوزاخ ئەھلىگە خاس ئەمەللەرنى قىلىدۇ، ھالبۇكى، ئۇ جەننەت ئەھلىدىندۇر.»[1]

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم يەنە مۇنداق دېگەن: «ئۇلۇغ الله سىلەرنىڭ ھەر بىرىڭلارنىڭ جەننەت ۋە دوزاختىكى ئورنى بەلگىلىنىپ بولغان.» بۇنى ئاڭلىغان ساھابىلار: ئى الله نىڭ پەيغەمبىرى! ئۇنداقتا، بىز نېمە ئۈچۈن ئەمەل ــ ئىبادەت قىلىمىز؟ بىز شۇنىڭغا يۆلىنىۋېلىپ، ئەمەل ـ ئىبادەتنى تەرك ئەتسەك بولمامدۇ؟ ـ دەپ سورىغان. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «ياق، ئىبادەت قىلىڭلار! ھەركىم نېمە ئۈچۈن يارىتىلغان بولسا، ئۇنىڭغا شۇ ئىش ئاسانلاشتۇرۇپ بېرىلىدۇ» دەپ جاۋاب بەرگەندىن كېيىن: ﴿(پۇل ــ مېلىنى الله نىڭ رازىلىقى ئۈچۈن) سەرپ قىلغان، تەقۋادارلىق قىلغان، (كەلىمە تەۋھىدنى) تەستىق قىلغان ئادەمگە كەلسەك، ئۇنىڭغا بىز ياخش يولنى مۇيەسسەر قىلىپ بېرىمىز. بېخىللىق قىلىپ (الله نىڭ ساۋابىدىن) ئۆزىنى بىھاجەت ھېسابلىغان، كەلىمە تەۋھىدنى ئىنكار قىلغان ئادەمگە كەلسەك، بىز ئۇنىڭغا يامان يولنى مۇيەسسەر قىلىپ بېرىمىز.﴾[2] دېگەن ئايەتنى ئوقۇغان.[3] بۇندىن باشقا (بۇنىڭ دەلىلى سۈپىتىدە كەلگەن) ئايەت ۋە ھەدىسلەر بەكمۇ كۆپتۇر.

**141 ــ سوئال:**

[1] بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

[2] سۈرە لەيل، 5 ــ دىن 10 ــ ئايەتكىچە.

[3] بىرلىككە كەلگەن ھەدىس.

## ”تەقدىرنىڭ يېزىلغانلىقىغا ئىمان ئېيتىش“ دېگەن ئىككىنچى مەرتىۋىنىڭ دەلىللىرى قايسىلار؟

اللّٰه تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿بىز، شۈبھىسىزكى، ئۆلۈكلەرنى تىرىلدۈرىمىز، ئۇلارنىڭ (دۇنيادا) قىلغان (ياخشى ـ يامان) ئەمەللىرىنى ۋە ئىشلىرىنى خاتىرىلەپ قويىمىز، ھەممە شەيئىنى روشەن دەپتەردە (يەنى لەۋھۇلمەھپۇزدا) تولۇق خاتىرىلەپ قويغانمىز.﴾[1] ﴿بىلمەمسەنكى، اللّٰه ئاسمان، زېمىندىكى شەيئىلەرنى بىلىپ تۇرىدۇ، بۇ ھەقىقەتەن لەۋھۇلمەھپۇزدا (يېزىلغان)، بۇ (يەنى بىلىش) ھەقىقەتەن اللّٰه قا ئاساندۇر.﴾[2]

اللّٰه تائالا بىزگە مۇسا بىلەن پىرئەۋن ئارىسىدا بولۇپ ئۆتكەن مۇنازىرىدىن مۇنۇلارنى بىلدۈرمەكتە: ﴿پىرئەۋن ئېيتتى: «ئۆتۈپ كەتكەن ئۈممەتلەرنىڭ ھالى قانداق (يەنى قانداق بولغان)؟» مۇسا ئېيتتى: «ئۇلار توغرىسىدىكى مەلۇمات پەرۋەردىگارىمنىڭ دەرگاھىدا لەۋھۇلمەھپۇزدا (خاتىرىلەگلىكتۇر)، پەرۋەردىگارىم ھەم خاتالاشمايدۇ ھەم ئۇنتۇمايدۇ.﴾[3]

اللّٰه تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿... ھەرقانداق ئايالنىڭ ھامىلدار بولۇشى ۋە تۇغۇشى اللّٰه نىڭ ئىلمىنىڭ سىرتىدا ئەمەس، ھەرقانداق ئادەمنىڭ ئۆمرىنىڭ ئۇزۇن ياكى قىسقا بولۇشى لەۋھۇلمەھپۇزدا يېزىلغان، بۇ ھەقىقەتەن اللّٰه قا ئاسان.﴾[4]

---

[1] سۈرە ياسىن، 12 ـ ئايەت.
[2] سۈرە ھەج 70 ـ ئايەت.
[3] سۈرە تاھا، 51 ـ ۋە 52 ـ ئايەتلەر.
[4] سۈرە فاتىر، 11 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

پەيغەمبەر سەلاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دەيدۇ: «ئۇلۇغ اللہ جەننەت ئەھلى ياكى دوزاخ ئەھلى ئىكەنلىكىنى يېزىپ تەقدىر قىلمىغان، بەختلىك ياكى بەختسىز ئىكەنلىكى يېزىلمىغان بىرمۇ جانلىق يوقتۇر.» [بۇ ھەدىسنى مۇسلىم رىۋايەت قىلغان]

سەھىھ مۇسلىمدىكى يەنە بىر ھەدىستە رىۋايەت قىلىنىشچە، سۇراقە ئىبنى مالىك ئىبنى جۇئشۇم: ئى اللہ نىڭ پەيغەمبىرى! دىنىمىزنى بىز ھازىر يارىتىلغاندەك چۈشەندۈرۈپ قويغىن. بۈگۈن بىز نېمە ئۈچۈن ئەمەل قىلىۋاتىمىز؟ ئەجەبا، بۇ قەلەمنىڭ سىياھى قۇرۇپ، تەقدىردە پۈتۈۋېتىلگەن بىر مەسىلىمۇ ياكى كېلەچەكتە مەيدانغا كېلىدىغان بىر مەسىلىمۇ؟ ـ دەپ سورىغان. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «ياق، ئەكسىچە بىز قەلەمنىڭ سىياھى قۇرىغان ۋە تەقدىردە پۈتۈۋېتىلگەن بىر مەسىلە ھەققىدە (ئەمەل قىلىۋاتىمىز)» دەپ جاۋاب بەرگەن. بۇنى ئاڭلىغان سۇراقە: ئۇنداقتا، نېمە ئۈچۈن ئەمەل قىلىمىز؟ ـ دەپ سورىغان. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «سىلەر ئەمەل قىلىڭلار، ھەركىمگە (باشقا بىر رىۋايەتتە، ئەمەل قىلغان ھەركىمگە) ئۇنىڭ ئەمەلى ئاسانلاشتۇرۇپ بېرىلىدۇ» دەپ جاۋاب بەرگەن. بۇ ھەقتىمۇ نۇرغۇن ئايەت ۋە ھەدىسلەر بار.

### 142 ــ سوئال:

**بۇ مەرتىۋە قانچە تۈرلۈك تەقدىرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ؟**

بۇ مەرتىۋە بەش تۈرلۈك تەقدىرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ ۋە بۇلارنىڭ ھەممىسى اللہ نىڭ ئىلمىنى كۆرسىتىدۇ.

**1. بىرىنچى تەقدىر: بۇلار ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىنىنىڭ يارىتىلىشىدىن 50 مىڭ يىل بۇرۇن، ئۇلۇغ اللە قەلەمنى ياراتقان ۋاقىتتا يېزىلغان تەقدىر بولۇپ، بۇ ئەبەدىي تەقدىردۇر.**

**2. ئۆمۈرلۈك تەقدىرى: بۇ اللە تائالانىڭ: ﴿مەن سىلەرنىڭ پەرۋەردىگارىڭلار ئەمەسمۇ؟﴾[1] دەپ ئەھدە ئالغان ۋاقىتتا پۈتۈلگەن تەقدىردۇر.**

**3. يەنە ئۆمۈرلۈك تەقدىرى دەپ بىلىنگەن ۋە ئابىمەنى ئانا رەھمىدە تۆرىلىشكە باشلىغان ۋاقىتتىكى تەقدىر.**

**4. قەدىر كېچىسى پۈتۈلىدىغان يىللىق تەقدىر.**

**5. بۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ ئۆز لايىقىدا ئەمەلىيەتكە ئايلىنىشىدىن ئىبارەت بولغان كۈنلۈك تەقدىر.**

**143 ـ سوئال:**

**ئەزەلىي تەقدىرنىڭ دەلىللىرى قايسىلار؟**

**اللە تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿يەر يۈزىدىكى بارلىق ھادىسىلەر ۋە ئۆزەڭلار ئۇچرىغان مۇسىبەتلەر بىز ئۇلارنى يارىتىشتىن بۇرۇن لەۋھۇلمەھپۇزغا يېزىلغان، بۇ (ئىش)، شۈبھىسىزكى، اللە قا ئاساندۇر.﴾[2]**

**سەھىھ مۇسلىمدا پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى قەيت قىلىنغان: «اللە**

[1] سۈرە ئەئراف، 172 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[2] سۈرە ھەدىد، 22 ـ ئايەت.

مەخلۇقاتىنىڭ تەقدىرىنى ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى يارىتىشتىن 50 مىڭ يىل بۇرۇن يازدى. ئەرشمۇ سۇ ئۈستىدە ئىدى.»[1]

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم يەنە مۇنداق دېگەن: «مۇھەققەقكى، الله تۇنجى بولۇپ قەلەمنى ياراتقان. الله ئۇنىڭغا: ياز! ـ دېدى. قەلەم: پەرۋەردىگارىم! نېمە يازىمەن؟ ـ دەپ سورىدى. الله: قىيامەت قايىم بولغىچە بولىدىغان بارلىق شەيئىلەرنىڭ تەقدىرىنى ياز! ـ دېدى.»[2]

پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم يەنە مۇنداق دېگەن: «ئەي ئەبۇھۇرەيرە! قەلەمنىڭ سىياھى قۇرىدى، بولىدىغان ئىشنىڭ ھەممىسى پۈتۈلدى.» [بۇ ھەدىسنى بۇخارى رىۋايەت قىلغان] بۇندىن باشقا كۆپلىگەن ھەدىسلەر بۇنىڭغا دەلىل بولۇپ كېلىدۇ.

**144 ـ سوئال:**

**مىساق كۈنىدىكى ئۆمۈرلۈك تەقدىرنىڭ دەلىلى نېمە؟**

الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئۆز ۋاقتىدا پەرۋەردىگارىڭ ئادەم بالىلىرىنى (يەنى نەسلىنى) ئۇلارنىڭ (ئاتىلىرىنىڭ) پۇشتىدىن چىقاردى ۋە ئۇلارنى ئۆزلىرىگە گۇۋاھ قىلىپ: «مەن سىلەرنىڭ پەرۋەردىگارىڭلار ئەمەسمۇ؟» دېدى (يەنى الله ئۆزىنىڭ ئۇلارنىڭ پەرۋەردىگارى ئىكەنلىكىگە ۋە بىرلىكىگە ئادەم بالىلىرىنى ئىقرار قىلدۇردى، ئۇلار ئىقرار قىلىپ بۇنى ئۆز ئۈستىگە ئالدى). ئۇلار: «ھەئە، سەن

[1] مۇسلىم ۋە تىرمىزى رىۋايەت قىلغان.
[2] تىرمىزى ۋە ئەبۇداۋۇد رىۋايەت قىلغان.

بىــــزنىڭ پەرۋەردىگارىمىزدۇرســــەن، گــــۇۋاھلىق بــــەردۇق»
دېدى.﴾[1]

ئىسھاق ئىبنى راھۇيەنىڭ رىۋايەت قىلىشىچە، بىر ئادەم: ئى اللە نىڭ پەيغەمبىرى! ئەمەللەر (ئالدىن پۈتۈۋېتىلمەي تۇرۇپ) ئېيتىدائىي شەكىلدە ئوتتۇرىغا چىقىۋاتامدۇ ياكى بۇ ھەقتىكى قازايىقەدەر (ھۆكۈم ۋە تەقدىر) ئاللىبۇرۇن پۈتۈۋېتىلگەنمۇ؟ ـ دەپ سورىدى. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇ ئادەمگە: «ئۇلۇغ اللە ھەزرىتى ئادەمنىڭ ئومۇرتقىسىدىن ئۇنىڭ نەسلىنى چىقىرىپ، ئۇلاردىن ئۆزى ھەققىدە گۇۋاھلىق ئالغاندىن كېيىن، ئۇلارنى ئىككى ئالقىنىغا ئېلىپ تۇرۇپ: بۇلار جەننەت ئەھلى، بۇلار دوزاخ ئەھلى، ـ دېدى. جەننەت ئەھلى بولغانلارغا جەننەت ئەھلىنىڭ ئەمەللىرى ئاسانلاشتۇرۇپ بېرىلدى، دوزاخ ئەھلى بولغانلارغا دوزاخ ئەھلىنىڭ ئەمەللىرى ئاسانلاشتۇرۇپ بېرىلدى» دەپ جاۋاب بەردى.

ئىبنى مالىكنىڭ "مۇۋاتتائ" ناملىق ئەسىرىدە رىۋايەت قىلىنىشىچە، كىشىلەر ئۆمەر ئىبنى خەتتابتىن: ﴿ئۆز ۋاقتىدا پەرۋەردىگارىڭ ئادەم بالىلىرىنى (يەنى نەسلىنى) ئۇلارنىڭ (ئاتىلىرىنىڭ) پۇشتىدىن چىقاردى ۋە ئۇلارنى ئۆزلىرىگە گۇۋاھ قىلىپ: «مەن سىلەرنىڭ پەرۋەردىگارىڭلار ئەمەسمۇ؟» دېدى (يەنى اللە ئۆزىنىڭ ئۇلارنىڭ پەرۋەردىگارى ئىكەنلىكىگە ۋە بىرلىكىگە ئادەم بالىلىرىنى ئىقرار قىلدۇردى، ئۇلار ئىقرار قىلىپ بۇنى ئۆز ئۈستىگە ئالدى). ئۇلار: «ھەئە، سەن بىــــزنىڭ پەرۋەردىگارىمىزدۇرســــەن، گــــۇۋاھلىق بــــەردۇق»

[1] سۈرە ئەئراف، 172 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

دېدى.﴾[1] دېگەن ئايەت ھەققىدە سوئال سورىغاندا، ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇلارغا: مەن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ بۇ ھەقتە: «شۈبھىسىزكى، شانۇ ـ شەۋكەتلىك ۋە مۇبارەك بولغان الله ھەزرىتى ئادەمنى ياراتتى. ئاندىن ئوڭ قولى بىلەن ئۇنىڭ دۈمبىسىنى سىلاپ، ئۇنىڭدىن بىر تۈركۈم نەسلىنى چىقاردى. ئاندىن: بۇلارنى جەننەت ئۈچۈن ياراتتىم، ـ دېدى. ئۇلار جەننەت ئەھلىنىڭ ئەمەللىرى بىلەن ئەمەل قىلىدۇ. ئاندىن ھەزرىتى ئادەمنىڭ دۈمبىسىنى يەنە بىر قېتىم سىلاپ، باشقا بىر تۈركۈم نەسلىنى چىقاردى ۋە: بۇلارنى دوزاخ ئۈچۈن ياراتتىم، ـ دېدى. ئۇلار دوزاخ ئەھلىنىڭ ئەمەللىرى بىلەن ئەمەل قىلىدۇ» دېگەنلىكىنى ئاڭلىغانىدىم، ـ دەپ جاۋاب بەردى[2]...

ئىمام تىرمىزىنىڭ ھەدىس كىتابىدا ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنغان: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم قولىدا ئىككى پارچە يېزىقنى تۇتقان ھالدا يېنىمىزغا چىقىپ كەلدى ۋە: «بۇ ئىككىسىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلەمسىلەر؟» دەپ سورىدى. بىز: ياق، ئى الله نىڭ پەيغەمبىرى! سەن ئېيتىپ بەرسەڭ، ئاندىن بىلگەن بولاتتۇق، ـ دېدۇق. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېدى: «بۇ ، ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارىدىن كەلگەن يېزىقتۇر. بۇنىڭدا جەننەت ئەھلىنىڭ ئىسىملىرى، ئۇلارنىڭ ئەجدادلىرى ۋە قەبىلىلىرىنىڭ ئىسىملىرى يېزىلىپ، ئەڭ ئاستىغا ”چەك سىزىقى“ قويۇلغان. شۇڭا بۇنىڭدىن ھېچقانداق ئىسىم چىقىرىۋېتىلمەيدۇ، ھەم ھېچقانداق بىر ئىسىم قېتىپ قويۇلمايدۇ.» ئاندىن يەنە بىر

[1] سۈرە ئەئراف، 172 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[2] ئەبۇداۋۇد ۋە تىرمىزى رىۋايەت قىلغان.

يېزىقنى كۆرسىتىپ: «بۇمۇ ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارىدىن كەلگەن يېزىقتۇر. بۇنىڭدا دوزاخ ئەھلىنىڭ ئىسىملىرى، ئۇلارنىڭ ئەجدادلىرى ۋە قەبىلىلىرىنىڭ ئىسىملىرى يېزىلىپ، ئەڭ ئاستىغا ”چەك سىزىقى“ قويۇلغان. شۇڭا بۇنىڭدىنمۇ ھېچقانداق ئىسىم چىقىرىۋېتىلمەيدۇ، ھەم ھېچقانداق بىر ئىسىم قېتىپ قويۇلمايدۇ» دېدى. ساھابىلار: ئى الله نىڭ پەيغەمبىرى! ئەگەر بارلىق ئىش پۈتۈۋېتىلگەن بولسا، بىز نېمىدەپ ئەمەل ـ ئىبادەت بىلەن مەشغۇل بولىمىز؟ ـ دەپ سورىدى. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «سىلەر توغرا ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلىشقا تىرىشىڭلار. چۈنكى جەننەت ئەھلىدىن بىرى قانداقلا ئەمەل قىلىشىدىن قەتئىينەزەر، ئاخىرىدا ئۇ ئەمەل جەننەت ئەھلىنىڭ ئەمىلى بىلەن ئاياغلىشىدۇ. شۇنداقلا، دوزاخ ئەھلىدىن بىرى قانداقلا ئەمەل قىلىشىدىن قەتئىينەزەر، ئاخىرىدا ئۇ ئەمەل دوزاخ ئەھلىنىڭ ئەمىلى بىلەن ئاياغلىشىدۇ» دېگەندىن كېيىن، قولىدىكى يېزىقلارنى بىر تەرەپكە تاشلىدى ۋە: «پەرۋەردىگارىڭلار بەندىلەرنىڭ ئىشىنى پۈتۈۋەتتى. بەندىلەرنىڭ بىر قىسمى جەننەتتە، يەنە بىر قىسمى دوزاختا بولىدۇ» دېدى. ئىمام تىرمىزى بۇ ھەدىس ھەققىدە: بۇ ياخشى، توغرا ۋە غېرىپ ھەدىستۇر، ـ دېگەن.

**145 ـ سوئال:**

**ئايىمەنىي ئانا رەھمىدە تۆرىلىشكە باشلىغان ۋاقىتتىكى ئۆمۈرلۈك تەقدىرنىڭ دەلىلى نېمە؟**

﴿الله سىلەرنى زېمىندىن ياراتقان چاغدىكى (ۋاقىتىڭلاردىن تارتىپ، ئاناڭلارنىڭ قورساقلىرىدىكى بالا) ۋاقىتىڭلاردىن تارتىپ ئوبدان بىلىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن سىلەر ئۆزەڭلارنى پاك ھېسابلىماڭلار، الله تەقۋادار بولغان ئادەمنى ئوبدان بىلىدۇ.﴾

ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنغان بىر ھەدىستە مۇنداق دېيىلگەندى: راستچىللارنىڭ ئەڭ راستچىلى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىزگە ھەدىس سۆزلەپ: «سىلەرنىڭ بىرىڭلارنىڭ يارىتىلىشى ھەقىقەتەن مۇنداق بولىدۇ: ئۇ ئانىسىنىڭ قورسىقىدا قىرىق كۈن ئىسپىرما ھالىتىدە توپلىنىدۇ. ئاندىن 40 كۈن لەختە قان ھالىتىدە تۇرىدۇ، ئاندىن 40 كۈن بىر چىشلەم گۆش ھالىتىدە تۇرىدۇ، ئاندىن بىر پەرىشتە ئەۋەتىلىپ ئۇنىڭغا جان كىرگۈزۈلىدۇ ۋە رىزقىنى، ئەجىلىنى، ئەمەلىنى ۋە بەختلىك ياكى بەختسىز بولىدىغانلىقىدىن ئىبارەت تۆت سۆزنى يېزىشقا بۇيرۇلىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا ئىلاھ بولمىغان زات اللہ نىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، سىلەرنىڭ بىرىڭلار ئەھلى جەننەتنىڭ ئەمەلىنى قىلىپ ھەتتا ئۇنىڭ بىلەن جەننەتنىڭ ئارىلىقى بىر گەز قالغاندا ئۇنىڭغا پۈتۈلگىنى ئىلگىرى كېلىپ ئەھلى دوزاخنىڭ ئەمەلىنى قىلىدۇ ـ دە، دوزاخقا كىرىدۇ ۋە سىلەرنىڭ بىرىڭلار ئەھلى دوزاخنىڭ ئەمەلىنى قىلىپ، ھەتتا ئۇنىڭغا بىر گەز قالغاندا ئۇنىڭغا پۈتۈلگىنى ئىلگىرى كېلىپ، ئەھلى جەننەتنىڭ ئەمەلىنى قىلىدۇ ـ دە، جەننەتكە كىرىدۇ» دېدى. [بىرلىككە كەلگەن ھەدىس]

**146 ـ سوئال:**

**قەدر كېچىسىدىكى يىللىق تەقدىرنىڭ دەلىللىرى قايسىلار؟**

ئۇلۇغ اللہ بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئۇ كېچىدە ھەربىر ھېكمەتلىك (يەنى ھېكمەتنىڭ تەقەززاسى بويىچە قىلىنغان)

ئىش (يەنى بەندىلەرنىڭ رىزقى، ئەجىلى ۋە باشقا ئەھۋالى) ئايرىلىدۇ.﴾① ۋە بۇ ئايەتنىڭ داۋامى.

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دەيدۇ: «قەدر كېچىسىدە ئاساسىي كىتابتىن بىر يىل بويىچە مەيدانغا كېلىدىغان ئۆلۈم، ھايات، رىزىق، يامغۇر، ھەتتا ھاجىلار يېزىلىدۇ. مەسىلەن، پالانچى ــ پالانچى كىشىلەر ھەج قىلىدۇ، ـ دېيىلىدۇ.»②

ھەسەن بەسرى، سەئىد ئىبنى جۇبەير، مۇقاتىل، ئەبۇ ئابدۇرراھمان ئەس سۇلەمى ۋە باشقىلارمۇ شۇنداق دېگەن.

**147 ــ سوئال:**

**كۈنلۈك تەقدىرنىڭ دەلىللىرى قايسىلار؟**

الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى ھەممە الله دىن (مەدەت ۋە رىزىق) تىلەيدۇ (يەنى ھەممە الله قا موھتاجدۇر)، (يەنى الله ھەرۋاقىت ۋۇجۇتقا چىقىرىدىغان ئىشلار بىلەن بولۇپ، ئۇلارنى يارىتىپ تۇرىدۇ، ئەھۋاللارنى يېڭىلاپ تۇرىدۇ، مەخلۇقاتلارنى پەيدا قىلىپ تۇرىدۇ)﴾③.

ھەكىمنىڭ «مۇستەدرەق» ناملىق ئەسەرىدە رىۋايەت قىلىنىشىچە، ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دېگەن: «شۈبھىسىزكى، الله تائالانىڭ مەخلۇقاتلىرى ئارىسىدا ئاق مەرۋايىتتىن ياسالغان لەۋھۇلمەھپۇزمۇ بار بولۇپ، ئۇنىڭ مۇقاۋىلىرى قىزىل ياقۇتتىن، قەلىمى ۋە خەتلىرى نۇردىن بولىدۇ. الله ئۇنىڭغا ھەر كۈنى **360** قېتىم قارايدۇ. ھەربىر

① سۈرە دۇخان، 4 ــ ئايەت.
② ھەكىم رىۋايەت قىلغان.
③ سۈرە رەھمان، 29 ــ ئايەت.

قاراشتا يارىتىدۇ، رىزىق ئاتا قىلىدۇ، ھاياتلىق بېرىدۇ، ئۆلتۈرىدۇ، ئەزىز ـ خار قىلىدۇ، يەنى نېمىنى خالىسا شۇنى قىلىدۇ. مانا بۇ، الله تائالانىڭ: ﴿الله ھەر كۈنى بىر ھالەتتىدۇر﴾[1] دېگەن ئايىتىنىڭ مەنىسىدۇر.»

مانا بۇلار، تۆتىنچى تەقدىرنىڭ تەپسىلاتى بولۇپ، تۆتىنچى تەقدىر ـ الله تائالانىڭ قەلەمنى ياراتقان ۋاقىتتا لەۋھۇلمەھپۇزغا يېزىلىشىنى بۇيرىغان تەقدىردۇر. ئىبنى ئۆمەر ۋە ئىبنى ئابباس (الله ئۇلاردىن رازى بولسۇن!) الله تائالانىڭ: ﴿بىز قىلمىشىڭلارنى يازدۇرۇپ تۇرغان ئىدۇق (يەنى پەرىشتىلەرنى ئەمەللىرىڭلارنى يېزىپ تۇرۇشقا بۇيرۇيتتۇق)﴾[2] دېگەن ئايىتىنى مانا مۇشۇ مەنىدە تەپسىر قىلغاندى. مانا بۇلارنىڭ ھەممىسى، شانۇ ـ شەۋكەتلىك الله نىڭ سۈپىتى بولغان ئىلمىدىن سادىر بولغان شەيئىلەردۇر.

**148 ـ سوئال:**

**بەخت ۋە بەختسىزلىكنىڭ ئالدىن پۈتۈۋېتىلگەن بولۇشىنىڭ تەقەززاسى نېمە؟**

بارلىق ساماۋي كىتابلار ۋە پەيغەمبەر سۈننەتلىرى تەقدىرنىڭ ئالدىن پۈتۈۋېتىلگەنلىكىنىڭ ئەمەل قىلىشقا توسقۇنلۇق قىلمايدىغانلىقىدا ۋە تەقدىرگە ئىشىنىپ، بەل باغلاش ئۈچۈن ئەمەلنى تەرك ئېتىشنىڭ كېرەك ئەمەسلىكىدە بىرلىككە كېلىدۇ. ئەكسىچە، بۇ ئەھۋال چىن دىل ۋە غەيرەت ـ شىجائەت بىلەن سالىھ ئەمەل قىلىشنى لازىم تۇتىدۇ. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ساھابىلىرىگە تەقدىرنىڭ ئالدىن پۈتۈۋېتىلگەنلىكىنى، ھەممە ئىشنىڭ

---

[1] سۈرە رەھمان، 29 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[2] سۈرە جاسىيە، 29 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

شـۇنىڭغا قارىتـا جـەريان قىلىدىغـانلىقىنى ۋە سـىياھنىڭ قۇرىغـانلىقىنى (يـەنى تـەقدىرنىڭ يېـزىلىپ بولغـانلىقىنى) بىلدۈرگـەندە، ساھابىلەرنىڭ بـەزىلىرى: ئۇنداقتـا، بـىز نېمـە ئۈچـۈن تەقدىرىمىزگـە يۆلىنىۋېلىپ، ئەمـەل ـ ئىبادەتنى تـەرك ئەتمـەيمىز؟ ـ دەپ سـورىدى. پـەيغەمبەر سـەللەللاھۇ ئەلـەيھى ۋەسەللەم ئۇلارغـا: «يـاق، ئەمـەل قىلىڭلار! چۈنكى ھـەركىم نېمـە ئۈچـۈن يارىتىلغـان بولسـا، ئۇنىڭغـا شـۇ ئـش ئاسانلاشتۇرۇپ بېرىلىدۇ» دېگـەندىن كېيـن، الله تائـالانىڭ: ﴿(پـۇل ـ مېلىـنى الله نـىڭ رازىلىقى ئۈچـۈن) سـەرپ قىلغـان، تـەقۋادارلىق قىلغـان، (كەلىمـە تـەۋھىدنى) تەسـتىق قىلغـان ئادەمگە كەلسەك...﴾[1] دېگەن ئايەتنى ئوقۇپ بەرگەنىدى.[2]

ئۇ ھالدا، شانۇ ـ شەۋكەتلىك الله تەقدىرنى بەلگىلىك بىر ئۆلچەم بىلەن ېكمەتلىك پۈتۈۋەتكەن بولۇپ، بۇلارغا كېرەكلىك سـەۋەبلەرنى تـەييارلىغاندى. ئـۇ دۇنيـا ھايـاتى ۋە ئـاخىرەت ئۈچـۈن قـانداق سـەۋەبلەرنى تـەييارلىغان بولسـا بولسـۇن، ئـۆزىنىڭ چەكسـىز ھېكمىـتى بىلـەن تـەييارلىغاندۇر. مـەخلۇقاتلىرىنى دۇنيـا ۋە ئاخىرەتتـە نېمـە ئۈچـۈن ياراتقـان بولسـا، ئۇنىڭغـا شـۇ يولـنى ئاسانلاشـتۇرۇپ بەرگـەن. بـەندە ئاخىرەتتىكى مەنپەئەتلىرىنىڭ ئۆزىنى ئۇ يەرگە يەتكۈزىدىغان سـەۋەبلەر بىلـەن چېتىشلىق ئىكـەنلىكىنى بىلگـەن تـەقدىردە، ئۇلارنـى ئورۇنـلاش، قىلىـش كېـرەك بولغـان ئىشـلارنى قىلىـش ئۈچـۈن پـۈتۈن غـەيرەت ـ شـجائىتى ۋە تىرىشـچانلىقىنى ئوتتۇرىغـا چىقىـرىدۇ. مەئىشـەت يوللىـرى ۋە دۇنيـاۋىي ئىشلىرىنىڭ ئەمەلگە ئېشىشى ئۈچۈنمۇ قولىدىن كېلىشىچە تىرىشىدۇ. ئۇ بەندە تەقدىر بىلەن مۇناسىۋەتلىك ھەدىسلەرنى

[1] سۈرە لەيل، 5 ـ ۋە 6 ـ ئايەتلەر.
[2] بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ئاغلىغاندىن كېيىن: مەن بۇنىدىن بۇرۇن هازىرقىدەك غەيرەت ـ شىجائەت كۆرسىتىپ باقمىغانىدىم، ـ دېگەنىدىلا، ئەهۋالدىن تولۇق خەۋەردار بولغان بولىدۇ. پەيغەمبەر سەللەللاهۇ ئەلەيهى ۋەسەللەم مۇنىداق دەيدۇ: «سىلەرگە پايدا يەتكۈزىدىغان ئىشنى داۋاملاشتۇرۇشقا تىرىشىڭلار! الله تىن ياردەم تىلەڭلار، ئاجىزلىق قىلماڭلار!»[1]

پەيغەمبەر سەللەللاهۇ ئەلەيهى ۋەسەللەم ئۆزىدىن: «داۋالىنىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان دورا ياكى ئوقۇلىدىغان رۇقيە (كېسەلدىن ساقىيىش ئۈچۈن ئوقۇسا بولىدىغان دۇئالار) هەققىدە قانداق قارايسەن؟ بۇلار الله نىڭ تەقدىرىنى ئۆزگەرتىۋېتەلەمدۇ؟» دەپ سورىغانلارغا مۇنداق دەپ جاۋاب بەرگەن: «بۇلارمۇ الله نىڭ تەقدىرىدۇر. يەنى الله تائالا ياخشىلىق ـ يامانلىق ۋە ئۇلارنىڭ سەۋەبلىرىنىمۇ تەقدىر قىلىۋەتكەن.

**149 ـ سوئال:**

**"الله نىڭ خالىشى ۋە ئىرادىسىغا ئىمان ئېيتىش" دېگەن ئۇچىنچى مەرتىۋىنىڭ دەلىللىرى قايسىلار؟**

الله تائالا بۇ هەقتە مۇنىداق دەيدۇ: ﴿پەقەت الله خالىغاندىلا، ئاندىن سىلەر خالايسىلەر (يەنى هەممە ئىش الله نىڭ خاهىشىغا باغلىقتۇر)﴾[2]. ﴿سەن بىرەر ئىشنى قىلماقچى بولساڭ، «ئەتە شۇ ئىشنى چوقۇم قىلىمەن» دېمەي، «خۇدا خالىسا» دېگەن سۆزنى قوشۇپ دېگىن (يەنى خۇدا خالىسا قىلىمەن دېگىن)، (خۇدا خالىسا دېگەن سۆزنى) ئۇنتۇپ قالساڭ، پەرۋەردىگارىڭنى تىلغا ئالغىن (يەنى «خۇدا

[1] مۇسلىم ۋە ئىبنى ماجە رىۋايەت قىلغان.
[2] سۈرە ئىنسان، 30 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

خالىسا»نى ئىسىغا كەلگەندە ئېيتقىن)﴾[1]. ﴿اﷲ خالىغان ئادەمنى ئازدۇرىدۇ، خالىغان ئادەمنى توغرا يولغا سالىدۇ.﴾[2] ﴿مۇبادا اﷲ خالىغان بولسا ئىدى، سىلەرنى (يەنى پۈتۈن ئىنسانلارنى) ئەلۋەتتە بىر ئۇممەت (يەنى بىر دىندا) قىلاتتى.﴾[3] ﴿ئەگەر اﷲ خالىغان بولسا ئىدى، ئۇلار ئۆزئارا ئۇرۇشماس ئىدى.﴾[4] ﴿ئەگەر اﷲ خالىسا، ئەلۋەتتە (سىلەرنى ئۇرۇشقا تەكلىپ قىلماستىنلا) ئۇلارنى جازالىغان بولاتتى.﴾[5] ﴿خالىغىنىنى قىلغۇچىدۇر.﴾[6] ﴿اﷲ بىرەر شەيئىنى (يارىتىشنى) ئىرادە قىلسا، ئۇنىڭغا: «ۋۇجۇدقا كەل» دەيدۇ ـ دە، ئۇ ۋۇجۇدقا كېلىدۇ.﴾[7] ﴿بىز بىرەر شەيئىنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرمەكچى بولساق، ئۇنىڭغا: «ۋۇجۇدقا كەل» دەيمىز ـ دە، ئۇ ۋۇجۇدقا كېلىدۇ.﴾[8] ﴿اﷲ كىمنى ھىدايەت قىلماقچى بولسا، ئۇنىڭ كۆكسىنى ئىسلام ئۈچۈن ئاچىدۇ (يەنى ئۇنىڭ قەلبىنى ئىمانغا كېڭەيتىپ بېرىدۇ)، اﷲ كىمنى ئازدۇرماقچى بولسا، ئۇنىڭ كۆكسىنى شۇنچە تارايتىۋېتىدۇكى...﴾[9] ۋە بۇلاردىن سىرت ساناپ تۈگەتكۈسىز دەرىجىدە كۆپ ئايەت بۇنىڭ دەلىلى بولالايدۇ.

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دەيدۇ: «بەندىلەرنىڭ قەلبلىرى رەھمان ئىگىسىنىڭ ئىككى بارمىقى

---

[1] سۈرە كەھف، 23 ـ ئايەت ۋە 24 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[2] سۈرە ئەنئام، 39 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[3] سۈرە نەھل، 93 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[4] سۈرە بەقەرە، 253 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[5] سۈرە مۇھەممەد، 4 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[6] سۈرە بۇرۇج، 16 ـ ئايەت.
[7] سۈرە ياسىن، 82 ـ ئايەت.
[8] سۈرە نەھل، 40 ـ ئايەت.
[9] سۈرە ئەنئام، 125 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

ئارىسىدىكى يالغۇز قەلبكە ئوخشايدۇ. ئۇ ئۇلارنى خالىغىنىچە ئۆرۈپ ــ چۆرۈيدۇ.» ①

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇخلاش توغرىسىدا مۇنداق دېگەن: «الله تائالا خالىغان ۋاقىتتا روھلىرىمىزنى ئېلىپ، خالىغان ۋاقىتتا ئەسلىگە قايتۇرىدۇ.» ②

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم يەنە مۇنداق دەيدۇ: «(خەيرلىك ئىشلار ئۈچۈن) تەلپۈنۈڭلار، سىلەرگە ئەجر بېرىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرلىكتە، ئۇلۇغ الله پەيغەمبىرىنىڭ تىلى بىلەن خالىغىنىچە ھۆكۈم چىقىرىدۇ.» ③

يەنە بىر ھەدىستە مۇنداق دەيدۇ: «الله خالىسا ۋە پالانچى كىشى خالىسا، ـ دېمەي، پەقەت: الله خالىسا، ـ دەڭلار.» «الله تائالا كىمنىڭ خەيرلىك بولۇشىنى خالىسا، ئۇنى دىندا ئالىم قىلىدۇ.» ④

الله تائالا بىر ئۇممەتكە رەھمەتنى مۇراد قىلسا، ئۇ ئۇممەتنىڭ پەيغەمبىرىنى ئۇممىتىدىن بۇرۇن ۋاپات قىلدۇرىدۇ. ئەگەر الله بىر ئۇممەتنى ھالاك قىلىۋېتىشنى خالىسا، پەيغەمبىرى ھايات تۇرۇپ ئۇ ئۇممەتكە ئازاب چۈشۈرىدۇ. بۇندىن باشقا نۇرغۇنلىغان ھەدىسلەر بۇ مەرتىۋىگە دەلىل بولۇپ كېلەلەيدۇ.

### 150 ــ سوئال:

---

① تىرمىزى ۋە ئىبنى ماجە رىۋايەت قىلغان.
② ئىمام مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.
③ بىرلىككە كەلگەن ھەدىس.
④ ئەبۇداۋۇد رىۋايەت قىلغان.

الله تائالانىڭ قۇرئان كەرىمدە ۋە پەيغەمبىرىنىڭ تىلى ئارقىلىق بىلدۈرگىنىگە، شۇنداقلا الله نىڭ ئىسىم ـ سۈپەتلىرىدىن بىلىشىمىزچە، الله ئېھسان قىلغۇچىلارنى، تەقۋادارلارنى، سەۋر قىلغۇچىلارنى ياخشى كۆرىدۇ، ئىمان ئېيتىپ، ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلاردىن رازى بولىدۇ. كاپىرلارنى، زالىملارنى ياخشى كۆرمەيدۇ، بەندىلىرىنىڭ كۇپۇرلۇق قىلىشىغا رازى بولمايدۇ، پىتنە ـ پاساتنى ياقتۇرمايدۇ. ھالبۇكى، بۇلارنىڭ ھەممىسى الله نىڭ خاھىشى ۋە ئىرادىسى بىلەن مەيدانغا كېلىدۇ. ئەگەر ئۇ خالىسا، بۇلار بولمايدۇ. چۈنكى ئۇنىڭ ئىلكىدە، ئۇ خالىمىغان ھېچقانداق ئىش ۋۇجۇدقا چىقمايدۇ. شۇڭا بەزىلەر: ئۇنداق بولغانىكەن، الله نېمە ئۈچۈن ئۆزى رازى بولمايدىغان ۋە ياخشى كۆرمەيدىغان نەرسىلەرنى خالايدۇ ۋە ئىرادە قىلىدۇ؟ ـ دەپ سورىشى مۇمكىن. بۇ سوئالغا قانداق جاۋاب بېرىش لازىم؟

شۇنى بىلىشىمىز كېرەككى، ئايەتلەردە ئىرادە ئىككى خىل مەنىدە قوللىنىلغان. بىرى، تەقدىر قىلىۋېتىلگەن (ئەزەلىي) ئىرادە بولۇپ، مەشىئەت دەپمۇ ئاتىلىدۇ. بۇ ئىرادە بىلەن بىر نەرسىنىڭ ياخشى كۆرۈلۈشى ياكى ئۇنىڭدىن رازى بولۇش ئارىسىدا ھېچقانداق مۇناسىۋەت يوق. بۇنىڭ ئىچىگە كۇپۇرلۇق، ئىمان، ئىتائەت، ئىسيان، رازى بولىدىغان ئىشلار، ياخشى كۆرۈلىدىغان ئىشلار، ياقتۇرۇلمايدىغان ئىشلار ۋە بۇلارنىڭ زىتلىرى كىرىدۇ. ھېچكىم بۇ ئىرادىنىڭ سىرتىغا چىقالمايدۇ ۋە ھېچكىم بۇنىڭ چېگرىسى سىرتىدا قالالمايدۇ. الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿الله كىمنى ھىدايەت قىلماقچى بولسا، ئۇنىڭ كۆكسىنى ئىسلام ئۈچۈن ئاچىدۇ (يەنى ئۇنىڭ قەلبىنى ئىمانغا كېڭەيتىپ بېرىدۇ)، الله كىمنى ئازدۇرماقچى بولسا، ئۇنىڭ كۆكسىنى شۇنچە تارايتىۋېتىدۇكى،

(ئىمان ئېيتىش) ئۇنىڭغا گويا ئاسمانغا چىقىشتىنمۇ قىيىن تۇيۇلىدۇ، ئىمان ئېيتمىغانلارنى الله مۇشۇنداق جازالايدۇ.﴾[1] ﴿الله بىر كىمنىڭ گۇمراھلىقىنى ئىرادە قىلىكەن، ئۇنىڭ ئۈچۈن الله قا قارشى قولۇڭدىن ھېچ ئىش كەلمەيدۇ (يەنى ھېچ ئادەم ئۇنىڭدىن گۇمراھلىقنى دەپئى قىلىشقا قادىر بولالمايدۇ). دىللىرى (قىلمىشى قەبىھ بولغانلىقتىن كۇفرىدىن) پاك قىلىشنى الله خالىمىغان كىشىلەر ئەنە شۇلاردۇر، ئۇلار دۇنيادا رەسۋالىقتا، ئاخىرەتتە چوڭ ئازابقا قالىدۇ.﴾[2]

يەنە بىر ئىرادە دىنىي ۋە شەرئىي ئىرادە بولۇپ، بۇ الله تائالانىڭ رازىلىقى ۋە مەمنۇنىيىتى بىلەن مۇناسىۋەتلىكتۇر. الله تائالا بۇ ئىرادىسى بويىچە بەندىلىرىنى بەزى ئىشلارغا بۇيرۇپ، بەزى ئىشلاردىن چەكلىدى. الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿الله سىلەرگە ئاسانلىقنى خالايدۇ، تەسلىكنى خالىمايدۇ.﴾[3] ﴿الله سىلەرگە (ھالال ۋە ھارامغا دائىر ئەھكاملارنى) بايان قىلىشنى، سىلەردىن بۇرۇنقىلار (يەنى پەيغەمبەرلەر ۋە ياخشىلار) نىڭ يوللىرىغا سىلەرنى ھىدايەت قىلىشنى، (گۇناھىڭلاردىن قىلغان) تەۋبەڭلارنى قوبۇل قىلىشنى خالايدۇ. الله ھەممىنى (يەنى بەندىلىرىنىڭ ھەممە ئەھۋالىنى) بىلگۈچىدۇر ۋە ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر.﴾[4]

مانا بۇ ئىرادە (يەنى شەرئىي ئىرادە) بەندىنىڭ ئەزەلىي ئىرادىسگە ماس ھالدا ئەمەلگە ئاشىدۇ. شۇنداق بولغاندا،

---

[1] سۈرە ئەنئام، 125 ـ ئايەت.
[2] سۈرە مائىدە، 41 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[3] سۈرە بەقەرە، 185 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[4] سۈرە نىسا، 26 ـ ئايەت.

مۇئمىن ھەققىدىكى ئەزەلىي ۋە شەرئىي ئىرادە بىرلىشىدۇ. فاجىر ۋە گۇناھكار ھەققىدە بولسا، ئەزەلىي ئىرادىدىن باشقىسى يۈتۈلمەيدۇ. شانۇ ـ شەۋكەتلىك الله بارلىق مەخلۇقاتنى ئۆزى رازى بولىدىغان ئىشلارغا دەۋەت قىلىپ، شۇلارنىڭ ئارىسىدىن ئۆزى خالىغانلىرىنى بۇ دەۋەتكە ئىجابەت قىلىش ئۈچۈن ھىدايەت يولىغا باشلايدۇ. الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿الله (كىشىلەرنى) ئامان جايغا (يەنى جەننەتكە) دەۋەت قىلىدۇ ۋە خالىغان ئادەمنى توغرا يولغا باشلايدۇ.﴾[1] ئۇلۇغ الله نىڭ دەۋىتى ھەممىگە ئومۇم بولسىمۇ، ھىدايىتى مەلۇم كىشىلەرگە خاستۇر: ﴿ئۇلارنىڭ ئىلمىدىن يەتكەن يېرى ئەنە شۇ، شۈبھىسىزكى، پەرۋەردىگارىڭ ئۆزىنىڭ يولىدىن ئازغان ئادەمنى ئوبدان بىلىدۇ، ھىدايەت تاپقان ئادەمنىمۇ ئوبدان بىلىدۇ.﴾[2]

## 151 ـ سوئال:

**"ئۇلۇغ الله ھەممە نەرسىنىڭ ياراتقۇچىسىدۇر" دېگەن تۆتىنچى مەرتىۋىنىڭ دەلىللىرى قايسىلار؟**

الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿الله ھەممە نەرسىنى ياراتقۇچىدۇر، ھەممە نەرسىگە ھامىيدۇر (ئۇلارنى خالىغانچە تەسەررۇپ قىلىدۇ)﴾[3] ﴿الله تىن باشقا سىلەرگە ئاسماندىن ۋە يەردىن رىزىق بېرىپ تۇرىدىغان ياراتقۇچى بارمۇ؟﴾[4] ﴿مانا بۇلار الله نىڭ (ياراتقان) مەخلۇقاتلىرىدۇر، ماڭا كۆرسىتىپ

---

[1] سۈرە يۇنۇس، 25 ـ ئايەت.
[2] سۈرە نەجم، 30 ـ ئايەت.
[3] سۈرە زۇمەر، 62 ـ ئايەت.
[4] سۈرە فاتىر، 3 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

بېرىڭلاركى، اللّٰه تىن باشقا مەبۇدلىرىڭلار زادى نېمىلەرنى ياراتتى؟ بەلكى زالىملار ئوپئوچۇق گۇمراھلىقتىدۇر.﴾[1]

﴿اللّٰه سىلەرنى خەلق ئەتتى، ئاندىن سىلەرگە رىزىق بەردى. ئاندىن سىلەرنى قەبزى روھ قىلىدۇ، ئاندىن سىلەرنى تىرىلدۈرىدۇ. شېرىك كەلتۈرگىنىڭلاردىن قايسىسى بۇ ئىشلارنىڭ قايسىبىرىنى قىلالايدۇ؟﴾[2] ﴿ھالبۇكى، سىلەرنى ۋە ياسىغان نەرسەڭلارنى اللّٰه ياراتقاندۇر.﴾[3] ﴿روھ بىلەن ۋە ئۇنى چىرايلىق قىلىپ ياراتقان، ئۇنىڭغا ياخشى ـ يامانلىقنى بىلدۈرگەن زات بىلەن قەسەمكى...﴾[4] ﴿اللّٰه ھىدايەت قىلغان ئادەم ھىدايەت تاپقۇچىدۇر، اللّٰه گۇمراھ قىلغان ئادەم زىيان تارتقۇچىدۇر.﴾[5] ﴿لېكىن اللّٰه سىلەرگە ئىماننى قىزغىن سۆيگۈزدى ۋە ئۇنى دىلىڭلاردا كۆركەم قىلدى، سىلەرگە پىسقىنى، كۇفرىنى ۋە گۇناھنى يامان كۆرسەتتى.﴾[6] ۋە باشقا نۇرغۇنلىغان ئايەتلەر.

سەھىھۇلبۇخارىنىڭ "بەندىلەرنىڭ ئىش ـ ھەرىكەتلىرىنىڭ يارىتىلىشى" ھەققىدىكى بابىدا، ھۇزەيفە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنغان: «شۈبھىسىزكى، اللّٰه ھەرقانداق بىر ئىش قىلغۇچىنى ۋە ئۇنىڭ ئىشىنى ياراتقۇچىدۇر.»

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم باشقا بىر ھەدىستە مۇنداق دېگەن: «پەرۋەردىگارىم! نەپسىمنى تەقۋا

[1] سۈرە لوقمان، 11 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[2] سۈرە رۇم، 40 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[3] سۈرە ساففات، 96 ـ ئايەت.
[4] سۈرە شەمس، 7 ـ ۋە 8 ـ ئايەتلەر.
[5] سۈرە ئەئراف، 178 ـ ئايەت.
[6] سۈرە ھۇجۇرات، 7 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

قىلغىن، ئۇنى تازىلاپ، پاك قىلغىن! سەن پاكلىغۇچىلارنىڭ ئەڭ ياخشىسى سەن. شۈبھىسىزكى، سەن ئۇنىڭ ئىگىسى ۋە ياراتقۇچىسى سەن.»[1] مانا بۇ ھەدىسلەر بۇنىڭغا دەلىل بولالايدۇ.

**152 ـ سوئال:**

**ئۇلۇغ الله ھەممە نەرسىنىڭ ياراتقۇچىسى تۇرۇپ، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ: «خەير ـ ئېھسان پۈتۈنلەي سېنىڭ ئىلكىڭدىدۇر. يامانلىق (شەر) نى ساڭا نىسبەت بېرىشكە بولمايدۇ» دېگەن سۆزىنىڭ مەنىسى نېمە؟**

بۇنىڭ مەنىسى شۇ، الله تائالانىڭ بارلىق ئىشلىرىنىڭ ھەممىسى (الله نىڭ ئۇ ئىشلار بىلەن سۈپەتلىنىشى ۋە ئۇ ئىشلارنىڭ الله تىن سادىر بولۇشى ئېتىبارى بىلەن) مۇتلەق خەيرلىكتۇر. ئۇلاردا ھېچقانداق رەۋىشتە يامانلىق (شەر) بولمايدۇ. چۈنكى ئۇلۇغ الله ھېكمەت ۋە ئادالەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر. ئۇنىڭ بارلىق ئىشلىرى ھېكمەت ۋە ئادالەتتىن ئىبارەتتۇر. ئۇ ھەر شەيئىنى ئۇ شەيئى ئەڭ لايىق بولغان يەرگە قويىدۇ. الله نىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن مەيدانغا كەلگەن بىر ئىشتا يامانلىق كۆرۈلسە، بۇ ئىشنىڭ بەندىگە نىسبەت بېرىلىشى جەھەتتىن شۇنداق بولىدۇ. چۈنكى بەندە بۇ ئىشنىڭ نەتىجىسىدە ناھايىتى خەتەرلىك ئەھۋاللارغا دۇچ كېلىدۇ. مانا بۇ، ئۇنىڭ قىلغان ـ ئەتكەنلىرىنىڭ سەۋەبى ۋە شۇنىڭغا تېگىشلىك جازاسىدۇر. الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿سىلەرگە (يەنى جىنىڭلار ۋە مېلىڭلارغا) ھەرقانداق بىر مۇسىبەت يەتسە، ئۇ سىلەرنىڭ قىلغان گۇناھىڭلار تۈپەيلىدىن كەلگەن بولىدۇ، الله نۇرغۇن گۇناھىڭلارنى ئەپۇ

[1] مۇسلىم، ئەبۇداۋۇد، نەسائى، ئىبنى ماجە قاتارلىقلار رىۋايەت قىلغان.

قىلىدۇ (ئەپۇ قىلمايدىغان بولسا. بالا ۋە مۇسىبەتتىن ھېچ قۇتۇلالماس ئىدىڭلار)﴾[1] ﴿ئۇلارغا بىز زۇلۇم قىلمىدۇق ۋە لېكىن ئۇلار ئۆزلىرىگە ئۆزلىرى زۇلۇم قىلدى.﴾[2] ﴿شۈبھىسىزكى، اللّٰه ئىنسانلارغا قىلچە زۇلۇم قىلمايدۇ، لېكىن ئىنسانلار (كۇفرى ۋە گۇناھ ئارقىلىق) ئۆزلىرىگە ئۆزلىرى زۇلۇم قىلىدۇ.﴾[3]

## 153 ـ سوئال:

**بەندىلەرنىڭ ئۆزلىرىگە نىسبەت بېرىلگەن ئىشلىرىدا ئۇلارنىڭ قۇدرىتى ياكى ئىرادىسى بارمۇ؟**

شۇنداق، بەندىلەرنىڭ ئۆز ئىشلىرىدا ئىرادە ياكى خاھىشى بار. قىلغان ئىشلىرى ھەقىقىي مەنىسى بىلەن ئۇلارغا نىسبەت بېرىلىدۇ، ھەم بۇ ئىرادىسى سەۋەبىدىن ئۇلار مۇكەللەپ (تەكلىپ بېرىلگۈچى) قىلىنىدۇ. شۇنىڭغا ئاساسەن ساۋابقا ئېرىشىدۇ ۋە جازالىنىدۇ. اللّٰه تائالا بەندىلەرنى پەقەت ئۇلارنىڭ تاقىتى (كۈچى) يېتىدىغان ئىشلارغا تەكلىپ قىلىدۇ. بۇنى قۇرئان ۋە ھەدىستە ئۇلارغا نىسبەت بېرىپ، ئۇلارنى شۇ ئالاھىدىلىككە ئىگە قىلغان. لېكىن ئۇلار اللّٰه نىڭ ئۆزلىرىگە بەرگەندىن ئارتۇقنى قىلالمايدۇ. اللّٰه خالىغاندىن باشقىنى خالىيالمايدۇ. بەلكى پەقەت اللّٰه نىڭ ئۇلارغا بىر ئىشنى قىلىش ئۈچۈن بەرگەن كۈچ ـ قۇدرەت ئارقىلىقلا شۇ ئىشنى قىلالايدۇ. دەرۋەقە، خاھىش، ئىرادە ۋە يارىتىش بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئايەتلەر رەتكە تىزىلغاندا، بۇ ئىش مۇشۇ بويىچە بولغانىدى.

[1] سۈرە شۇرا، 30 ـ ئايەت.
[2] سۈرە زۇخرۇف، 76 ـ ئايەت.
[3] سۈرە يۇنۇس، 44 ـ ئايەت.

ئۇلار ئۆزىنى يارىتالمىغاندەك، ئۆز ئىشلىرىنىمۇ يارىتالمايدۇ. ئۇلارنىڭ قۇدرىتى، خاھىشى، ئىرادىسى ۋە ئىش ـ ھەرىكەتلىرى ئۇلۇغ اللە نىڭ قۇدرىتىگە، خاھىشىغا، ئىرادىسىگە ۋە ئىش ـ ھەرىكىتىگە بويسۇنىدۇ. چۈنكى ئۇلارنى، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ قۇدرىتى، خاھىشى، ئىرادىسى ۋە ئىش - ھەرىكىتىنى ياراتقان اللە تۇر. ھالبۇكى، ئۇلارنىڭ كۈچ ـ قۇدرىتى، ئىرادە ـ خاھىشى ئۇلۇغ اللە نىڭ كۈچ ـ قۇدرىتى، ئىرادە ـ خاھىشىنىڭ ئوخشىشى ئەمەس ـ ئەلۋەتتە! خۇددى ئۇلارنىڭ ئۆزلىرى ئۇ (يەنى اللە) بولمىغىنىدەك. اللە بۇلاردىنمۇ پاك ۋە خالىيدۇر. ئۇلارنىڭ ئىش ـ ھەرىكەتلىرى يارىتىلغۇچى (مەخلۇقتۇر)، اللە بولسا ئۇنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرگۈچىدۇر. ئۇلارنىڭ ئىش - ھەرىكەتلىرى ئۇلارغا لايىق ۋە ھەقىقىي مەنىدە ئۇلارغا نىسبەت بېرىلىدىغان شەكىلدە اللە تائالا تەرىپىدىن يارىتىلىدۇ. ئۇلارنىڭ ئىش ـ ھەرىكەتلىرىمۇ ئۇلۇغ اللە نىڭ ئۆزىگە لايىق، ئۆزىگە ھەقىقىي مەنىدە نىسبەت بېرىلگەن ئىش ـ ھەرىكەتلىرىنىڭ تەسىرىدۇر. اللە تائالا ھەقىقىي ھەرىكەتلەندۈرگۈچى، بەندە ھەقىقەتەن ھەرىكەتلەندۈرۈلگۈچىدۇر. اللە ھەقىقىي ھىدايەت قىلغۇچىدۇر، بەندە ھەقىقىي ھىدايەتكە ئېرىشكۈچىدۇر. شۇڭا اللە تائالا ئىككى پېئىلنىڭ ھەر بىرىنى ئۇ پېئىلنى ئورۇنلىغۇچىسىغا نىسبەت قىلغان ھالدا مۇنداق دەيدۇ: ﴿كىمكى اللە ھىدايەت قىلغان ئىكەن، ئۇ ھىدايەت تاپقۇچىدۇر.﴾[1]

بۇ يەردە ھىدايەت قىلىش ھەقىقىي مەنىسى بىلەن اللە قا نىسبەت بېرىلگىنىدەك، ھىدايەت تېپىشمۇ ھەقىقىي مەنىسى بىلەن بەندىگە نىسبەت بېرىلگەن. ھىدايەت قىلغۇچى (ئەل ھادى) ھىدايەت تاپقۇچى (ئەل مۇھتەدى) نىڭ ئوخشىشى

[1] سۈرە بەنى ئىسرائىل، 97 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

بولمىغىنىدەك، ھىدايەت قىلىشمۇ ھىدايەت تېپىشنىڭ ئوخشىشى ئەمەس.

شۇنىڭغا ئوخشاش، ئۇلۇغ الله خالىغان كىشىنى ھەقىقىي مەنىسى بىلەن ئازدۇرىدۇ. ئۇ بەندىمۇ ھەقىقىي مەنىسى بىلەن زالالەتكە يۈزلىنىدۇ. ئۇلۇغ الله نىڭ بارلىق بەندىلىرى ئۈستىدىكى تەسەررۇپى مانا مۇشۇنداقتۇر.

ھەم پېئىلنى ھەم پېئىلنىڭ تەسىرىگە ئۇچراشنى بەندىگە نىسبەت قىلغانلار كاپىر بولىدۇ. شۇنداقلا، پېئىلنىڭ تەسىرىگە ئۇچراشنى الله قا نىسبەت قىلغانلارمۇ كاپىر بولىدۇ.

ئەمما پېئىلنى ياراتقۇچىغا، پېئىلنىڭ تەسىرىگە ئۇچراشنى يارىتىلغۇچىغا ھەقىقىي مەنىسى بىلەن نىسبەت بەرگۈچىلەر بولسا، ھەقىقىي مەنىسى بىلەن مۇئمىندۇر.

**154 ـ سوئال:**

**"ئۇلۇغ الله نىڭ بارلىق بەندىلىرىنى مۇئمىن، ئىتائەتكار، سالىھ قىلىشى (شەرىئەت جەھەتتىنمۇ الله شۇنداق بولۇشىنى ياخشى كۆرىدۇ)، الله نىڭ كۈچ ـ قۇدرىتىگە نىسبەتەن مۇمكىن ئەمەسمۇ؟" دەپ سورىغۇچىلارغا قانداق جاۋاب بېرىلىدۇ؟**

شۇنداق، الله تائالا بۇنىڭغا قادىردۇر. شۇڭا الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئەگەر الله خالىسا، ئەلۋەتتە، الله سىلەرنى بىر ئۈممەت قىلاتتى (يەنى پۈتۈن ئىنسانلارنى بىر دىندا قىلاتتى)﴾[1] ﴿ئەگەر پەرۋەردىگارىڭ خالىسا ئىدى، ئەلۋەتتە، يەر يۈزىدىكى كىشىلەرنىڭ ھەممىسى ئىمان ئېيتاتتى، سەن

[1] سۈرە مائىدە، 48 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

كىشىلەرنى مۇسۇلمان بولۇشقا مەجبۇرلامسەن؟﴾[1] ۋە باشقا ئايەتلەر بۇنى ئىسپاتلىماقتا. ئەمما الله تائالانىڭ مۇنداق ئورۇنلاشتۇرۇشى ئۆز ھېكمىتى، پەرۋەردىگارلىقى ۋە ئىلاھلىقى، ئىسىم ۋە سۈپەتلىرىنىڭ تەقەززاسىدۇر.

بىر كىشىنىڭ: «نېمە ئۈچۈن الله نىڭ بەندىلىرىنىڭ بىر قىسمى ئىتائەتكار، بىر قىسمى ئازغۇن بولىدۇ؟» دەپ سورىشى بىلەن، ئۇنىڭ: «الله نىڭ ئىسىملىرى ئارىسىدا نېمە ئۈچۈن ئەددار (زىيان سالغۇچى)، ئەن نافى (پايدا بەرگۈچى)، ئەل مۇئتى (يول قويغۇچى)، ئەل مانى (چەكلىگۈچى)، ئەل هافىد (خار قىلغۇچى)، ئەر رافى (ئەزىز قىلغۇچى)، ئەل مۇنىم (نېئمەت بەرگۈچى)، ئەل مۇنتەقىم (ئىنتىقام ئالغۇچى) ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش ئىسىملىرى بار؟» دەپ سورىشى ئوخشاش بىر مەنىنى ئىپادىلەيدۇ. چۈنكى ئۇلۇغ الله نىڭ پېئىللىرى ئۇنىڭ ئىسىملىرىنىڭ تەقەززاسى ۋە سۈپەتلىرىنىڭ تەسىرىدىن ئىبارەتتۇر. ئۇنىڭ پېئىللىرىغا ئېتىراز بىلدۈرگەنلىك، ئۇنىڭ ئىسىم ـ سۈپەتلىرىگە، ھەتتا ئىلاھلىقىغا ۋە پەرۋەردىگارلىقىغا ئېتىراز بىلدۈرگەنلىك بىلەن باراۋەردۇر. ﴿ئەرشىنىڭ پەرۋەردىگارى الله ئۇلارنىڭ سۈپەتلىگەن نەرسىلىرىدىن پاكتۇر. الله نىڭ قىلغانلىرىدىن سوئال ـ سوراق قىلىنمايدۇ، ئۇلاردىن سوئال ـ سوراق قىلىنىدۇ.﴾[2]

## 155 ـ سوئال:

### تەقدىرگە ئىمان ئېيتىشنىڭ دىندىكى ئورنى نېمە؟

[1] سۈرە يۇنۇس، 99 ـ ئايەت.

[2] سۈرە ئەنبىيا. 22 ـ ۋە 23 ـ ئايەتلەر.

خەيىر ـ ئېھسانغا باشلاپ، يامانلىق (شەر) تىن توسقۇچى سەۋەبلەرگە ئىمان ئېيتىش خۇددى شەرىئەت تەرتىپىنىڭ ۋاجىبلىرىدىن بىرى بولغىنىدەك، تەقدىرگە ئىمان ئېيتىشمۇ تەۋھىدنىڭ ۋاجىبلىرىدىن بىرىدۇر. دىنىنىڭ تەرتىپكە سېلىنىشى ۋە توغرا يولدا ئالغا ئىلگىرىلىشى پەقەت ئىمان ئېيتقان ۋە شەرىئەت ئەمىرلىرىنى لايىقىدا ئورۇندىغان كىشىلەر ئۈچۈن مۇمكىن بولىدۇ. دەرۋەقە، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم تەقدىرگە ئىمان ئېيتىش توغرۇلۇق ۋەز ئېيتقاندىن كېيىن، ساھابىلارنىڭ: «بىز نېمە ئۈچۈن تەقدىرىمىزگە پۈتۈلگەنگە يۆلىنىۋېلىپ، ئەمەل ـ ئىبادەتنى تەرك ئەتمەيمىز؟» دېگەن سوئالىغا: «ئەمەل قىلىڭلار! چۈنكى كىم نېمە ئۈچۈن يارىتىلغان بولسا، ئۇنىڭغا شۇ ئىش ئاسانلاشتۇرۇپ بېرىلىدۇ» دېگەنىدى.

شەرىئەتكە قارشى چىقىش مۇددىئاسى بىلەن: «تەقدىر يوقتۇر» دېگۈچىلەر ئۇلۇغ الله نىڭ ئىلىم ۋە قۇدرىتىنى يوققا چىقىرىپ، بەندىنى پېئىللىرىدا مۇستەقىل ۋە ئۆز پېئىللىرىنى ئۆزى يارىتىدىغان مەرتىۋىگە كۆتەرگەن ۋە الله بىلەن بىرگە باشقا بىر ياراتقۇچىنى قوبۇل قىلغان (يەنى الله قا شېرىك كەلتۈرگەن) بولىدۇ، ھەتتا ئەينى ۋاقىتتا بارلىق مەخلۇقاتلارنىڭ ياراتقۇچى ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويغان بولىدۇ[1].

تەقدىرنى قوبۇل قىلغان ھالدا ئۇنى شەرىئەتكە قارشى دەلىل كۆرسىتىپ، بۇ ئارقىلىق تەقدىرگە قارشى كۈرەش

[1] بۇ ئارقىلىق بەندىنىڭ ياخشى ۋە يامان بارلىق پېئىللارنى ياراتقانلىقىنى، الله نىڭ بۇنىڭدىن پاك ئىكەنلىكىنى؛ ئۇنىڭغا يامانلىق نىسبەت بېرىلمەيدىغانلىقىنى، چۈنكى ئەگەر زۇلۇم يارىتىدىغان بولسا، ئۇنىڭ زالىملاردىن بولۇپ قالىدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويغان مۇتەزىلەگە مەنسۇپ تەقدىرنى ئىنكار قىلغۇچى قەدەرىيە مەزھىبىگە ئىشارەت قىلماقتا. ئۇلۇغ الله ئۇلارنىڭ ئېيتقانلىرىدىن پاكتۇر.

**قىلغان، ئۇلۇغ اﷲ نىڭ بەندىگە ئاتا قىلغان ۋە بۇنىڭ بىلەن بىرگە ئۇنى مۇكەللەپ قىلغان (يەنى ئۇنىڭغا تەكلىپ قىلغان) قۇدرەت ۋە ئىختىيارلىقنى قوبۇل قىلمىغان. اﷲ نىڭ بەندىلىرىنى كۈچى يەتمەيدىغان ئىشلار بىلەن مۇكەللەپ قىلغانلىقىنى ئېيتقانلار ئۇلۇغ اﷲ قا زۇلۇم نىسبەت بەرگەن بولۇپ ھېسابلىنىدۇ[1]. بۇنداق چۈشەنچىگە ئىگە ئادەمنىڭ كاتتىبېشى لەنىتى ئىبلىستۇر. چۈنكى اﷲ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئىبلىس ئېيتتى: « سېنىڭ مېنى ئازدۇرغانلىقىڭدىن ئۇلار (يەنى ئادەم ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادىغا ۋەسۋەسە قىلىش) ئۈچۈن چوقۇم سېنىڭ توغرا يولۇڭ ئۈستىدە ئولتۇرىمەن.﴾[2]**

**ھەقىقىي مۇئمىن اﷲ نىڭ ياخشى ـ يامان بارلىق تەقدىرنىڭ ھەممىسىنىڭ ياراتقۇچىسى ئىكەنلىكىگە ئىمان ئېيتىدۇ، شەرىئەتنىڭ بۇيرۇق ۋە چەكلىمىلىرىگە بويۇن ئېگىدۇ. ئاشكارا ـ مەخپىي شەرىئەتنى ئۆزلىرىگە ھاكىم قىلىدۇ. ھىدايەت ۋە ئازغۇنلۇقنىڭ اﷲ نىڭ ئىلكىدە ئىكەنلىكىنى، اﷲ نىڭ ئۆز لۇتپى بىلەن بەزىلەرنى ھىدايەت قىلسا، يەنە ئۆز ئادالىتى بىلەن بەزىلەرنى ئازدۇرىدىغانلىقىغا ئىشىنىدۇ. ئۇ لۇتپىنى كىمگە بېرىدىغانلىقىنى، كىملەرگە**

---

[1] بۇ ئىپادە ئارقىلىق جەھم ئىبنى سەفۋانغا ئەگەشكەن جەبرىيە مەزھىبى كۆزدە تۇتۇلغان. بۇلارنىڭ قارىشىچە، ئىنسان ھېچقانداق ئىشقا قادىر ئەمەس. ئۇنىڭغا بىر ئىشنى قىلىش توغرۇلۇق ھېچقانداق سۈپەت بېرىشكىمۇ بولمايدۇ. ئۇ پېئىللىرىنى قىلىشقا مەجبۇر بولۇپ، ئۇ خۇددى بىر ۋاستىگە ئوخشايدۇ. ئۇنىڭ ھەر قانداق بىر قۇدرىتى ياكى ئىختىيارلىقى يوقتۇر. ئۇلۇغ **اﷲ** خۇددى باشقا جانسىزلارغا ئوخشاش پېئىللارنى ئۇلار ئارقىلىق يارىتىدۇ. پېئىللارنىڭ ئىنسانغا نىسبەت بېرىش خۇددى باشقا جانسىزلاردىكىگە ئوخشاش كۆچمە مەنىدە قوللىنىلغان. مەسىلەن، دەرەخ مېۋە بەردى، تاش ھەرىكەتلەندى، قۇياش چىقتى... دېگەندەك. لېكىن ئەمەلىيەتتە بۇ ئىشلارنى ئۇلار قىلمايدۇ. بۇلار يەنە مۇنداق دەيدۇ: مۇكاپات ۋە جازامۇ بارلىق پېئىللارغا ئوخشاش مەجبۇرىدۇر. ئىنسان پېئىللىرىنى قىلىش، ئورۇنداشقا مەجبۇر.

[2] سۈرە ئەئراف، 16 ـ ئايەت.

ئادالىتى بىلەن مۇئامىلە قىلىدىغانلىقىنى ئەڭ ياخشى بىلگۈچىدۇر. ﴿شۈبھىسىزكى، پەرۋەردىگارىڭ ئۆزىنىڭ يولىدىن ئازغان ئادەمنى ئوبدان بىلىدۇ، ھىدايەت تاپقان ئادەمنىمۇ ئوبدان بىلىدۇ.﴾[1]

بۇ ھەقتە چەكسىز ھېكمەتلىرى، كەسكىن ۋە قارشى تۇرغىلى بولمايدىغان دەلىللىرى بار. ساۋاب ۋە جازا تەقدىرنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە شەرىئەتكە ئۇيغۇن ھالدا ئەمەل قىلىش ياكى شەرىئەت ئەھكاملىرىنى تەرك ئېتىش بىلەن مۇناسىۋەتلىكتۇر. مۇئمىنلەر مۇسىبەتلىك ۋاقىتلىرىدا تەقدىر بىلەن تەسەللىي تاپىدۇ. خەيرلىك بىر ئىشنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا ئەمەلگە ئاشۇرغان ۋاقىتلىرىدا ھەق ئىگىلىرىنىڭ ھەقلىق ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىدۇ ۋە مۇنداق دەپ نىدا قىلىدۇ: ﴿«جىمى ھەمدۇ سانا بىزنى بۇ (نېمەتلەرنى ھاسىل قىلىشقا) يېتەكلىگەن اللّٰه قا بولسۇنكى، اللّٰه بىزنى يېتەكلىمىگەن بولسا، توغرا يول تاپمىغان بولاتتۇق، پەرۋەردىگارىمىزنىڭ پەيغەمبەرلىرى بىزگە ھەقنى ئېلىپ كەلدى.﴾[2] ئۇلار ھەرگىزمۇ گۇناھكار ئازغۇنلاردەك: ﴿مېنىڭ ئالاھىدە بىلىمىم بولغانلىقتىن، بۇ بايلىققا ئېرىشتىم﴾[3] دېمەيدۇ.

ئۇلار گۇناھ ئۆتكۈزۈپ قويغان ۋاقىتلىرىدا شەيتانغا ئوخشاش: ﴿پەرۋەردىگارىم! سەن مېنى گۇمراھ قىلغانلىقىڭ ئۈچۈن...﴾[4] دېمەيدۇ. بەلكى ئاتا ـ بوۋىلىرىغا ئوخشاش: ﴿پەرۋەردىگارىمىز! بىز ئۆزىمىزگە ئۆزىمىز زۇلۇم قىلدۇق،

[1] سۈرە نەجم، 30 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[2] سۈرە ئەئراف، 43 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[3] سۈرە قەسەس، 78 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[4] سۈرە ھىجر، 39 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

ئەگەر سەن بىزگە مەغپىرەت قىلمىساڭ، بىزگە رەھىم قىلمىساڭ، بىز چوقۇم زىيان تارتقۇچىلاردىن بولىمىز﴾[1] دەيدۇ.

ئۇلارغا بىرەر مۇسىبەت كەلگەن چاغدا، ئۇلار: ﴿بىز ئەلۋەتتە اللّٰه نىڭ ئىگىدارچىلىقىدىمىز (يەنى اللّٰه نىڭ بەندىلىرىمىز)، چوقۇم اللّٰه نىڭ دەرگاھىغا قايتىمىز﴾[2] دەيدۇ. ئۇلار سەپەر ياكى غازاتتا ئۆلتۈرۈلگەن قېرىنداشلىرى ئۇچۇن ھەرگىزمۇ كاپىرلاردەك: ﴿ئۇلار يېنىمىزدا بولغاندا ئۆلمەيتتى ۋە ئۆلتۈرۈلمەيتتى﴾[3] دېمەيدۇ. ﴿اللّٰه بۇنى ئۇلارنىڭ دىللىرىدا ھەسرەت قىلسۇن. اللّٰه تىرىلدۈرىدۇ ۋە ئۆلتۈرىدۇ (ئۇلارنىڭ غازاتقا چىقماسلىقى ئۇلارنى ئۆلۈمدىن قۇتۇلدۇرالمايدۇ). اللّٰه قىلمىشىڭلارنى كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر.﴾[4]

[1] سۈرە ئەئراف، 23 ــ ئايەت.
[2] سۈرە بەقەرە، 156 ــ ئايەت.
[3] سۈرە ئال ئىمران، 156 ــ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[4] سۈرە ئال ئىمران، 156 ــ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

# ئىماننىڭ شاخچىلىرى

**156 ــ سوئال:**

**ئىماننىڭ شاخچىلىرى قانچە؟**

الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿سىلەرنىڭ كۈن چىققان ۋە كۈن پاتقان تەرەپكە يۈز كەلتۈرۈشۈڭلارنىڭ ئۆزىلا ياخشى ئەمەلگە ياتمايدۇ. بەلكى اللە قا، ئاخىرەت كۈنىگە، پەرىشتىلەرگە، كىتابقا (يەنى الله نازىل قىلغان كىتابلارغا)، پەيغەمبەرلەرگە ئىمان كەلتۈرۈش، الله نى سۆيۈش يۈزىسىدىن خىش ــ ئەقرىبالارغا، يېتىملەرگە، مىسكىنلەرگە، ئىبنى سەبىللەرگە (يەنى پۇل ــ مېلىدىن ئالاقىسى ئۈزۈلۈپ قالغان مۇساپىرلارغا)، سائىللارغا ۋە قۇللارنىڭ ئازادلىققا ئېرىشىشىگە پۇل ــ مال ياردەم بېرىش، ناماز ئوقۇش، زاكات بېرىش، ئەھدىگە ۋاپا قىلىش، يوقسۇزلۇققا، كېسەللىككە ۋە (الله نىڭ يولىدا قىلىنغان) ئۇرۇشقا بەرداشلىق بېرىش ياخشى ئەمەلگە كىرىدۇ. ئەنە شۇلار (يەنى يۇقىرىقى سۈپەتلەرگە ئىگە كىشىلەر) (ئىماندا) راستچىل ئادەملەردۇر، ئەنە شۇلار تەقۋادار ئادەملەردۇر.﴾[1]

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «ئىمان 60 نەچچە (يەنە بىر رىۋايەتتە 70 نەچچە) شاخچىغا بۆلۈنىدۇ. ئۇنىڭ ئەڭ ئۈستۈنى ”لائىلاھە ئىللاللاھ“ دەپ ئىمان ئېيتىش، ئەڭ تۆۋىنى بولسا، يول ئۈستىدىن كىشىلەرنى

[1] سۈرە بەقەرە، 177 ــ ئايەت.

بىئارام قىلىدىغان نەرسىلەرنى ئېلىۋېتىش. ھايامۇ ئىماننىڭ جۈملىسىدىندۇر.» ①

**157 ــ سوئال:**

**ئالىم - ئۆلىمالار بۇ شاخچىلارنى قانداق بايان قىلغان؟**

بىر تۈركۈم ھەدىسشۇناس ئۆلىمالار بۇلارنى بىر ــ بىرلەپ ساناپ، بۇ ھەقتە ھەقىقەتەن گۈزەل ۋە پايدىلىق ئەسەرلەر يازدى. ئەمما ئىمان جەھەتتىن بۇلارنىڭ سانىنى بىلىش شەرت ئەمەس، بەلكى ھەممىسىگە بىردەك ئىمان ئېيتىش كۇپايىدۇر. بۇ شاخچىلار قۇرئان ۋە سۈننەتتە ئاساسىي جەھەتتىن بايان قىلىنغان. ئۇنىداق بولغانىكەن، بەندىلەرنىڭ ۋەزىپىسى بۇلارنىڭ بۇيرۇقلىرىغا بويسۇنۇش، چەكلىگەن ئىشلارغا يېقىنلاشماسلىق، ئۇلار خەۋەر قىلغان نەرسىلەرنى تەستىقلاشتىن ئىبارەت. ئەنە شۇنداق قىلغان كىشى ئىماننىڭ شاخچىلىرىنى تولۇقلىغان بولىدۇ. ئۆلىمالارنىڭ ساناپ ئۆتكەنلىرىنىڭ ھەممىسى توغرا ۋە ئىماننىڭ ئەمرلىرىدۇر. ئەمما پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ بۇ ھەدىس بىلەن بۇلارنى كۆزدە تۇتقانلىقىغا چىنپۈتۈش ئۈچۈن، بۇ ھەقتە كەلگەن ئوچۇق بىر رىۋايەتنىڭ بولۇشى لازىم.

**158 ــ سوئال:**

**ئۆلىمالارنىڭ ساناپ ئۆتكەنلىرىنى قىسقىچە خۇلاسىلەپ بېرىڭ.**

ھافىز (ئىبنى ھەجەر) ”فەتھۇل بارى“ ناملىق ئەسىرىدە ئىبنى ھىببانىنىڭ نەقىللىرىنى خۇلاسىلەپ مۇنداق دېگەن: بۇ

---

① بۇخارى، مۇسلىم ۋە ئەبۇداۋۇد رىۋايەت قىلغان.

شاخچىلار قەلب، تىل ۋە بەدەننىڭ ئەمەللىرىدىن شاخلىنىپ چىقىدۇ.

**قەلبنىڭ ئەمەللىرى ئېتىقاد ۋە نىيەتلەر بولۇپ، 24 كە بۆلۈنىدۇ:**

اللە قا ئىمان ئېيتىش: بۇنىڭ ئىچىگە اللە نىڭ زاتىغا، سۈپەتلىرىگە، ئۇنىڭ بىرلىكىگە، ھېچ شەيئىنىڭ اللە قا ئوخشىمايدىغانلىقىغا، اللە نىڭ ھەممىنى ئاڭلاپ ۋە كۆرۈپ تۇرىدىغانلىقىغا، ئۇندىن باشقا بارلىق مەخلۇقاتلارنىڭ كېيىن يارىتىلغانلىقىغا ئىمان ئېيتىش قاتارلىقلار كىرىدۇ.

مالائىكىلەرگە، كىتابلىرىغا، پەيغەمبەرلەرگە، قازايى قەدەرگە ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىمان ئېيتىش: بۇنىڭ ئىچىگە قەبرىدىكى سوئال - سوراق، ئۆلگەندىن كېيىن قايتا تىرىلىش، ئەمەل دەپتەرلىرىنىڭ بېرىلىشى (نۇشۇر)، ھېساب، مىزان، پىلسىرات، جەننەت، دوزاخقا ئىمان ئېيتىش، اللە نى سۆيۈش، اللە ئۈچۈن ياخشى كۆرۈش ۋە ئۆچ كۆرۈش، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنى ياخشى كۆرۈش ۋە ئۇنىڭ ئۇلۇغلۇقىغا ئىمان ئېيتىش قاتارلىقلار كىرىدۇ. بۇنىڭ ئىچىگە يەنە، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە دۇرۇت ۋە سالام ئېيتىش، ئۇنىڭ سۈننىتىگە ئەمەل قىلىشمۇ كىرىدۇ.

ئىخلاس: بۇنىڭ ئىچىگە رىيا ۋە مۇناپىقلىقنى تەرك ئېتىش، تۆۋبە قىلىش، اللە نىڭ ئازابىدىن قورقۇش، اللە نىڭ نېئمەت ۋە رەھمىتىنى تەلەپ قىلىش، ئۈمىد، شۈكۈر، ۋەدىگە ۋاپا قىلىش، سەۋر، قازا ۋە قەدەرگە رازىلىق بىلدۈرۈش، تەۋەككۇل، رەھمەت ۋە كەمتەرلىك قاتارلىقلار كىرىدۇ. كەمتەرلىكنىڭ ئىچىگە ياشانغانلارنى ھۆرمەتلەش، كىچىكلەرنى ئىززەتلەش، كىبىرلىقتىن قېچىش، ئۆزىنى ۋە

ئەمەللىرىنى كۆز ــ كۆز قىلىش، ھەسەتخورلۇق، ئۆچمەنلىك ۋە غەزەپلىنىشتىن ساقلىنىش قاتارلىقلار كىرىدۇ.

تىلنىڭ ئەمەللىرىگە كەلسەك، بۇ، تەۋھىدنى تىل بىلەن ئېيتىش، قۇرئان ئوقۇش، ئىلىم ئۆگىنىش ۋە ئۆگىتىش، دۇئا ۋە زىكىر قىلىش قاتارلىق يەتتە تۈرگە بۆلۈنىدۇ. دۇئا ۋە زىكىرنىڭ ئىچىگە ئىستىغپار ئېيتىش ۋە قۇرۇق گەپ ــ سۆزدىن ساقلىنىش كىرىدۇ.

بەدەننىڭ ئەمەللىرى 38 تۈرگە بۆلۈنىدۇ. بۇلارنىڭ بىر قىسمى ماددىي نەرسىلەرگە مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، 15 تۈرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ماددىي ۋە شەرئىي ھۆكۈمگە مۇناسىپ ھالدا پاكلىنىش: بۇنىڭ ئىچىگە نىجاسەتتىن پاك بولۇش، ئەۋرەتلىرىنى يېپىش، پەرز ۋە نەپلە نامازلارنى ئوقۇش، زاكات بېرىش، قۇل ئازاد قىلىش، سېخىيلىق قىلىش (مېھمانلارنى ھۆرمەتلەش ۋە ئۇلارغا تائام بېرىش)، پەرز ۋە نەپلە روزا تۇتۇش، ئېتىكاپتا ئولتۇرۇش، قەدرى كېچىسىنى ئىزدەش، ھەج قىلىش، ئۆمرە قىلىش، تاۋاپ قىلىش، دىنىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن قېچىش (يەنى مۇشرىكلارنىڭ يۇرتىدىن ھىجرەت قىلىش)، ۋەدىسىگە ۋاپا قىلىش، قەسەم ۋە كاففارەتلىرىنى ئادا قىلىش قاتارلىقلار كىرىدۇ.

بۇلارنىڭ يەنە بىر قىسمى شەخسكە مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، ئالتە تۈرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇلار: نىكاھلىنىش ئارقىلىق ئېپپەتنى قوغداش، بالا ــ چاقىلىرىنىڭ ھەقلىرىنى ئادا قىلىش، ئاتا ــ ئانىسىغا كۆيۈنۈش (ئۇلارغا يامان مۇئامىلە قىلىشتىن قېچىشمۇ بۇنىڭ ئىچىگە كىرىدۇ)، بالىلىرىنى ياخشى تەربىيىلەش، تۇغقانلار ئارا سىلە ــ رەھىم قىلىش، (قۇللار) خوجايىنىغا ئىتائەت قىلىش، (خوجايىنلار) قۇللىرىغا سىلىق مۇئامىلە قىلىش قاتارلىقلاردۇر.

يەنە بىر قىسمى ئومۇمغا مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، 17 تۈرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئۇلار: ئادالەت بىلەن يۇرت باشقۇرۇش، جامائەتتىن ئايرىلماسلىق ۋە ئەمىرلىككە بويسۇنۇش، شەرىئەت ھۆكمى بويىچە ئىتائەت قىلىشقا تېگىشلىك كىشىلەرگە ئىتائەت قىلىش، كىشىلەرنىڭ ئارىسىنى تۈزىتىپ قويۇش (بۇنىڭ ئىچىگە ئىسلام ئەمىرلىكىگە قارشى چىققان خاۋارىجلارغا ۋە قورallىق قاراقچىلارغا قارشى ئۇرۇش قىلىشمۇ كىرىدۇ)، ياخشىلىق يولىدا ھەمكارلىشىش (بۇنىڭ ئىچىگە ياخشىلىققا بۇيرۇپ، يامانلىقتىن چەكلەشمۇ كىرىدۇ)، جازا بەلگىلىمىلىرىنى ئىجرا قىلىش، جىھاد قىلىش، جىھادقا ھەر دائىم تەييار ھالەتتە تۇرۇش، ئامانەتكە خىيانەت قىلماسلىق (غەنىمەتنىڭ بەشتىن بىرىنىڭ خەلىپىلىك خەزىنىسىگە تاپشۇرۇلۇشىمۇ بۇنىڭ ئىچىگە كىرىدۇ)، موھتاجلارغا قەرز بېرىش، ئالغان قەرزنى تولۇق قايتۇرۇش، قوشنىلارنى ھۆرمەتلەش، باشقىلارغا سىلىق مۇئامىلە قىلىش (بۇنىڭ ئىچىگە ھالال يول بىلەن تىرىكچىلىك قىلىپ، ھەقلىق يەرلەرگە سەرپ قىلىش، پايدىسىز ئورۇنغا بۇزۇپ – چېچىش ۋە بەدخەجلىك قىلىشتىن ساقلىنىشمۇ كىرىدۇ)، سالامغا جاۋاب قايتۇرۇش، چۈشكۈرگۈچى ”ئەلھەمدۇلىللاھ“ دېسە، ئۇنىڭغا ”يەرھەمۇكەللاھ“ دېيىش، ئىنسانلارنى زىيان – زەخمەتتىن ساقلاپ قېلىش، بىھۇدە ئىشلاردىن يىراقلىشىش، ئۆتكەن – كەچكەنلەرنى بىئارام قىلىدىغان نەرسىلەرنى يولدىن ئېلىۋېتىش قاتارلىقلار. مانا بۇلار، ئاتمىش توققۇز تۈر بولۇپ، بۇلارنىڭ ئىچىدە بەزىلىرىنىڭ قوشۇمچە تۈرى (تىرناق ئىچىدە بېرىلگەن تۈرلەر) نىمۇ قوشۇپ سانىغاندا، 79 تۈرنى ساناپ ئۆتۈش مۇمكىن. توغرىسى، ئەڭ ياخشى بىلگۈچى الله تۇر.

# ئېھسان

**159 ــ سوئال:**

**ئېھساننىڭ قۇرئان ۋە ھەدىستىكى دەلىللىرى قايسىلار؟**

ئېھساننىڭ دەلىللىرى بەكمۇ كۆپ بولۇپ، بۇنىڭ بەزىلىرى مۇنۇلاردۇر: ﴿الله نىڭ يولىدا (پۇل ــ مال) سەرپ قىلىڭلار، ئۆزەڭلارنى ھالاكەتكە تاشلىماڭلار، ئېھسان قىلىڭلار، ئېھسان قىلغۇچىلارنى الله ھەقىقەتەن دوست تۇتىدۇ.﴾[1] ﴿الله ھەقىقەتەن تەقۋادارلىق قىلغۇچىلار ۋە ئېھسان (ياخشى ئىش) قىلغۇچىلار بىلەن بىللىدۇر.﴾[2] ﴿ئېھسان (ياخشى ئىش) قىلغۇچى بولغان ھالدا ئىخلاس بىلەن الله قا بويسۇنغان ئادەم مەھكەم تۇتقىغا ئېسىلغان بولىدۇ، ئىشلارنىڭ ئاقىۋىتى الله قا مەنسۇپتۇر.﴾[3] ﴿ياخشى ئىش (ئېھسان) قىلغانلار جەننەتكە ۋە الله نىڭ جامالىنى كۆرۈشكە نائىل بولىدۇ.﴾[4] ﴿ياخشى ئىش (ئېھسان) قىلغۇچى پەقەت ياخشى مۇكاپاتقا ئېرىشىدۇ.﴾[5]

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: « شۈبھىسىزكى، الله تائالا ھەرقانداق ئىشتا ئېھسانغا

---

[1] سۈرە بەقەرە، 195 ــ ئايەت.
[2] سۈرە نەھل، 128 ــ ئايەت.
[3] سۈرە لۇقمان، 22 ــ ئايەت.
[4] سۈرە يۇنۇس، 26 ــ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[5] سۈرە رەھمان، 60 ــ ئايەت.

بۇيرىغان.»[1] پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم يەنە مۇنداق دېگەن: «الله تائالاغا ئېھسانى بىلەن ئىبادەت قىلىپ ۋاپات بولغان ئادەم نېمىدېگەن بەختلىك؟ ئۆزىنىڭ خوجايىنىغا ھەمراھ بولغان كىشى نېمىدېگەن بەختلىك؟!»[2]

**160 ـ سوئال:**

**ئىبادەتتىكى ئېھساننىڭ ماھىيىتى نېمە؟**

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھەزرىتى جىبرىئىلنىڭ: ماڭا ئېھساننىڭ نېمىلىكىنى ئېيتىپ بەرگىن! ـ دېگەن سوئالىغا مۇنداق دەپ جاۋاب بەرگەن: «الله قا سەن ئۇنى كۆرۈپ تۇرغاندەك ئىخلاس بىلەن ئىبادەت قىلىشىڭدۇر. سەن ئۇنى كۆرمىسەڭمۇ، ئەمما ئۇ سېنى ھەمىشە كۆرۈپ تۇرىدۇ.»

شۇنداق قىلىپ، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېھساننىڭ بىر ـ بىرىدىن پەرقلىق ئىككى مەرتىۋىسىنى بايان قىلىپ بەرمەكتە. الله قا خۇددى ئۇنى كۆرۈپ تۇرغاندەك ئىبادەت قىلىش، بۇ ئىككىسىنىڭ ئەڭ ئۇستۈن مەرتىۋىسىدۇر.

بۇ، مۇشاھىدە (كۆرۈش) مەرتىۋىسى بولۇپ، بەندىنىڭ ئۇلۇغ الله نى يۈرىكى بىلەن كۆرۈپ تۇرۇشىنىڭ تەقەززاسىغا ئۇيغۇن ھالدا ئىبادەت قىلىشىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. مۇشۇ شەكىلدە ئىبادەت قىلغاندا، قەلب ئىمان بىلەن نۇرلىنىدۇ، زېھىن ئېرىپان دېڭىزىغا شۇڭغۇيدۇ. نەتىجىدە، غەيب (يەنى الله) خۇددى كۆز بىلەن كۆرۈنۈۋاتقاندەك بىر ھالغا كېلىدۇ. مانا بۇ، ئېھسان مەرتىۋىسىنىڭ ھەقىقىتىدۇر.

---

[1] مۇسلىم، ئەبۇداۋۇد، نەسائى، تىرمىزى، ئىبنى ماجە، دارىمى رىۋايەت قىلغان.
[2] ئىمام مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ئىككىنچىسى، مۇراقىبە (كۆزىتىش) مەرتىۋىسى بولۇپ، بۇ، بەندىنىڭ اللە نىڭ ئۆزىنى كۆرۈپ تۇرۇۋاتقانلىقىنى ۋە ئۆزىگە بەكمۇ يېقىن ئىكەنلىكىنى ئاڭقىرىپ تۇرۇشىنى بىلدۈرىدۇ. بەندە ئەمەللىرىدە مۇشۇ ئاڭغا ئىگە بولسا ۋە ئۇنىڭغا قارىتا ئەمەل قىلسا، ئۇ ئەمەلنى اللە تائالا ئۈچۈن ئىخلاس بىلەن قىلغان بولىدۇ. چۈنكى، قىلغان ئەمەللىرىدە مۇنداق ئاڭغا ئىگە بولۇشى، ئۇنى ئەمەل قىلىشتىكى مەقسىتىدە ئۇلۇغ اللە تىن باشقىسىغا يۈزلىنىشتىن توسىدۇ. بۇ ئىككى مەرتىۋە زېھنىنىڭ ئېرىپان دېڭىزىغا شۇڭغۇش دەرىجىسىدىكى پەرققە نىسبەتەن پەرقلىنىدۇ.

# ئىمانغا مۇناسىپ كەلمەيدىغان نەرسىلەر

**161 ـ سوئال:**

**ئىماننىڭ زىتى نېمە؟**

ئىماننىڭ زىتى كۇپۇرلۇق بولۇپ، كۇپۇرلۇقمۇ خۇددى ئىمانغا ئوخشاش بىر مۇنچە شاخچىلىرى بار يىلتىزدۇر. بۇندىن بۇرۇنقى بايانلىرىمىزدىن ئىماننىڭ ئېتائەت بىلەن بويسۇنۇشنى شەرت قىلىدىغان تەستىق ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ ئۆتتۇق.

كۇپۇرلۇقنىڭ ئاساسىمۇ كىبىرلىق ۋە بويۇنتاۋلىقنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان جاھىللىق ۋە رەت قىلىشتىن ئىبارەتتۇر. شۇنداق بولغاندا، بارلىق ئېتائەت ئىماننىڭ شاخچىلىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا قۇرئان ۋە ھەدىسلەردە بۇ ئېتائەتلەرنىڭ ھەممىسى ئىماننىڭ شاخچىلىرى دەپ سانالغان. بارلىق گۇناھ ـ مەسىيەتمۇ كۇپۇرلۇقنىڭ شاخچىلىرى بولۇپ، ئايەتلەردە ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسىگە كۇپۇرلۇق ئىسمى بېرىلگەن.

بۇ ھەقتە ئەتراپلىق ئويلىنىدىغان بولساق، كۇپۇرلۇقنىڭ ئىككى تۈرلۈك بولىدىغانلىقىنى بىلىۋالالايمىز. ئۇنىڭ بىرى، ئىماندىن پۈتۈنلەي چىقىرىۋېتىدىغان چوڭ كۇپۇرلۇق بولۇپ، بۇ، قەلبنىڭ سۆزىگە ۋە ئەمەلىيىتىگە ياكى ئۇلارنىڭ بىرىگە زىت كېلىدىغان ئېتىقادىي كۇپۇرلۇقتۇر.

يەنە بىرى، ئىمانغا تامامەن مۇناسىۋەتلىك بولمىغان، ئەمما شۇنىڭ بىلەن بىرلىكتە مۇتلەق ئىمانغىمۇ زىت كەلمەيدىغان كىچىك كۇپۇرلۇق بولۇپ، قەلبنىڭ سۆزىگىمۇ، ئەمەلىيىتىگىمۇ زىت كەلمەيدىغان ۋە ئۇنىداق قىلىشمۇ كەتمەيدىغان ئەمەلىي كۇپۇرلۇقتۇر.

**162 ـ سوئال: ئېتىقادىي كۇپۇرلۇقنىڭ ئىمانغا پۈتۈنلەي زىت كېلىدىغانلىقى ۋە بۇ كۇپۇرلۇقنىڭ ئىماننى يوققا چىقىرىدىغانلىقىغا دائىر خۇلاسىڭىزنى بايان قىلىڭ!**

ئالدىنقى مەزمۇنلاردا ئىماننىڭ سۆز ۋە ئەمەلدىن ئىبارەت ئىككەنلىكىنى ئېيتىپ ئۆتتۇق. يەنى ئىمان ـــ قەلب بىلەن تىلنىڭ سۆزى ۋە قەلب، تىل ۋە باشقا ئەزالارنىڭ ئەمەلىدۇر. قەلبنىڭ سۆزى تەستىق، تىلنىڭ سۆزى ئىسلام سۆزىنى ئېيتىش، قەلبنىڭ ئەمەلى نىيەت ۋە ئىخلاس، ئەزالارنىڭ ئەمەللىرى بولسا، بارلىق ئىبادەتلەرنى ئورۇنلاش.

بۇ تۆت ئامىلنىڭ ھەممىسى، يەنى قەلبنىڭ سۆزى ۋە ئەمەلى، تىلنىڭ سۆزى ۋە ئەزالارنىڭ ئەمەللىرى يوققا چىققان تەقدىردە، ئىمانمۇ پۈتۈنلەي يوققا چىققان بولىدۇ.

قەلبنىڭ تەستىقى يوققا چىقىدىغان بولسا، قالغانلىرى پايدىسىز بولۇپ قالىدۇ. چۈنكى قەلبنىڭ تەستىق قىلىشى ئىشىنىلىشى كېرەك بولغان ئامىللارغا ئىشىنىش ۋە بۇلارنىڭ پايدىلىق بولۇشى ئۈچۈن زۆرۈر شەرتتۇر.

شۇنداق ئېيتىشقا بولىدۇكى، بىر ئادەمنىڭ الله نىڭ ئىسىم ـ سۈپەتلىرى ياكى الله نىڭ رەسۇلىغا ئەۋەتىپ، كىتابلىرىدا نازىل قىلغان ھەرقانداق بىر نەرسىنى ئىنكار قىلىشى، بۇنىڭ مىسالى بولالايدۇ.

توغرىلىقىغا ئېتىقاد قىلىش بىلەن بىرگە، قەلبىنىڭ ئەمىلى بولمىسا، (ئەھلى سۈننەتنىڭ بىرلىككە كەلگەن كۆزقارىشىغا ئاساسەن ئېيتقاندا)، بۇنىڭ يوققا چىقىشى بىلەن بىللە بارلىق ئىمان يوققا چىقىدۇ ۋە قەلبىنىڭ ئەمەلى يوققا چىققان هامان، تەستىقلاش هېچقانداق پايدا بەرمەيدۇ.

قەلبىنىڭ ئەمىلى دېگىنىمىز، ياخشى كۆرۈش ۋە ئىتائەت قىلىشتۇر. ئىبلىس، پىرئەۋن، پىرئەۋننىڭ قەۋمى، يەھۇدىيلار، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيهى ۋەسەللەمنىڭ دەۋاسىدا راستچىل ئىكەنلىكىنى ئاشكارا ـ يوشۇرۇن ئېپادە قىلغان هالدا: «ئۇ يالغانچى ئەمەس، ئەمما بىز ئۇنىڭغا ئەگەشمەيمىز، ئۇنىڭغا ئىمان كەلتۈرمەيمىز» دەيدىغان ۋە ئۆز تەستىقلىرىدىن پايدىلانمايدىغان مۇشرىكلارنىڭ ئەھۋالى مانا مۇشۇنداقتۇر.

**163 ـ سوئال:**

**ئادەمنى دىندىن چىقىرىۋېتىدىغان چوڭ كۇپۇرلۇق قانچە تۈرلۈك بولىدۇ؟**

يۇقىرىدا بايان قىلىپ ئۆتكىنىمىزدەك، چوڭ كۇپۇرلۇقنى تۆت تۈرگە بۆلۈشكە بولىدۇ: 1 ـ نادانلىق ۋە ئىنكار قىلىش كۇپۇرلۇقى. 2 ـ (بىلگىنىنى) تېنىۋېلىش كۇپۇرلۇقى. 3 ـ سەركەشلىك ۋە تەكەببۇرلۇق قىلىش كۇپۇرلۇقى. 4 ـ مۇناپىقلىق كۇپۇرلۇقى[1].

**164 ـ سوئال:**

[1] مەرھۇم ئىبنۇل قەييۇم بۇنىڭغا يەنە شەك قىلىش كۇپۇرلۇقنى قوشۇپ، جەمئىي بەش تۈرگە ئايرىغان. بۇ، تەستىقلاش بىلەن ئىنكار قىلىش ئارىسىدا دەڭسەپ قېلىشتىن ئىبارەتتۇر.

**نــادانلىقتىن ئىنكــار قىلىــش ۋە يالغانغــا چىقىــرىش كۈپۈرلۈقىنىڭ ماھىيىتى نېمە؟**

بۇ، قۇرەيش كاپىرلىرىنىڭ كۆپىنچىسىدە ۋە ئۇلاردىن بۇرۇن ياشاپ ئۆتكەن، ﷲ تائالا تەرىپىدىن ئۇلار ھەققىدە تۆۋەندىكى ئايەتلەر نازىل بولغان ئۇممەتلەردە ئاشكارا ــ يوشۇرۇن ھالدا كۆرۈلگــەن كۈپــۈرلۈقتۇر: ﴿ئــۇلار كىتــابنى (يــەنى قۇرئــاننى) ئىنكــار قىلــدى. پەيغەمبەرلىرىمىزگــە بىــز نــازىل قىلغــان مۆجىزىلــەرنى ئىنكــار قىلــدى. ئــۇلار ئۇزاققــا قالمــاي (ئىنكــار قىلغــانلىقلىرىنىڭ ئــاقىۋىتىنى) بىلىــدۇ.﴾[1] ﴿نــادانلار بىلــەن تــەڭ بولمىغــن (يــەنى نادانلارنىڭ قىلغىنىنى قىلماي، ئۇلارغا مۇلايىــم بولغــن)﴾[2] ﴿ئــۇ كۈنــدە ھــەر ئۇممــەتنىڭ ئىچىدىــن بىزنىڭ ئايەتلىرىمىزنى ئىنكار قىلغانلاردىن بىر تــوپ ئــادەمنى (ھېســاب ئــېلىش ۋە جــازالاش ئۈچــۈن) يىغىمىــز، (ئــالدى ــ كەينى يىغىلغۇچە) ئــۇلار توختىتىــپ تۇرۇلــدۇ. ئــۇلار (ﷲ نىــڭ دەرگــاھىغا) كەلگــەن چــاغلىرىدا، ﷲ ئۇلارغــا: «ســىلەر تولــۇق بىلمــەي تــۇرۇپ مېنىــڭ ئايــەتلىرىمنى ئىنكــار قىلدىڭلارمۇ؟» دەيدۇ.﴾[3] ﴿ئۇنداق ئەمەس، ئۇلار قۇرئاننىڭ مەنىسىنى تولۇق چۈشــەنمەي ۋە ھەقىقىتىگــە تېخى ئــەقلى يەتمــەي تــۇرۇپ ئۇنــى ئىنكــار قىلىشــتى.﴾[4] ۋە باشــقا كۆپلىگــەن ئايەتلــەر بــۇ كۈپۈرلۈقنىڭ ماھىيىتىنى ئوچۇق بايان قىلىپ بەرمەكتە.

**165 ــ سوئال:**

**تېنىۋېلىش كۈپۈرلۈقىنىڭ ماھىيىتى نېمە؟**

---

[1] سۈرە مۇئمىن، 70 ــ ئايەت.
[2] سۈرە ئەئراف، 199 ــ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[3] سۈرە نەمل، 83 ــ ۋە 84 ــ ئايەتلەر.
[4] سۈرە يۇنۇس، 39 ــ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

بۇ، ھەقنى تولۇق ۋە مۇكەممەل رەۋىشتە بىلىپ تۇرۇپ، ئۇنى ئوچۇقتىن ئوچۇق يوشۇرۇش ۋە ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلماسلىق بىلەن ئوتتۇرىغا چىققان كۇپۇرلۇقتۇر. پىرئەۋن ۋە ئۇنىڭ قەۋمىنىڭ مۇسا ئەلەيھىسسالامنى، يەھۇدىيلارنىڭ مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنى ئىنكار قىلىشى مۇشۇ تۇرگە كىرىدۇ.

الله تائالا پىرئەۋن ۋە ئۇنىڭ قەۋمىنىڭ كۇپۇرلۇقلىقى ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئۇلار ئۇ ئايەتنى ئىچىدە ئېتىراپ قىلدى، لېكىن ئۇلار ئۇنى زۇلۇم ۋە تەكەببۇرلۇق قىلىش يۈزىسىدىن ئىنكار قىلدى. بۇزغۇنچىلارنىڭ ئاقىۋىتىنىڭ قانداق بولغانلىقىغا قارىغىن.﴾[1]

الله تائالا يەھۇدىيلار ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئۇلار بىلىدىغان (يەنى تەۋراتتا سۈپىتى بايان قىلىنغان) پەيغەمبەر كەلگەندە ئۇنى ئىنكار قىلدى.﴾[2]

يەنە بىر ئايەتتە مۇنداق دېيىلگەن: ﴿بىز كىتاب بەرگەنلەر (يەنى يەھۇدىيلار بىلەن ناسارالار) ئۇنى (يەنى پەيغەمبەرنى) ئۆز ئوغۇللىرىنى تونۇغاندەك تونۇيدۇ. ئۇلارنىڭ بىر پىرقىسى، شۈبھىسىزكى، ھەقىقەتنى بىلىپ تۇرۇپ يوشۇرىدۇ.﴾[3]

**166 ـ سوئال:**

**سەركەشلىك ۋە تەكەببۇرلۇق قىلىش كۇپۇرلۇقى دېگەن نېمە؟**

بۇ، ھەقنى ئىقرار قىلىش بىلەن بىرلىكتە، ھەقكە بويسۇنماسلىقتىن كېلىپ چىققان كۇپۇرلۇق بولۇپ، ئىبلىسنىڭ

---

[1] سۈرە نەمل، 14 ـ ئايەت.

[2] سۈرە بەقەرە، 89 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

[3] سۈرە بەقەرە، 146 ـ ئايەت.

كۆپۈرلۈكى بۇنىڭغا مىسال بولالايدۇ. چۈنكى اللە تائالا ئۇنىڭ ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئىبلىس (سەجدە قىلىشتىن) باش تارتتى، تەكەببۇرلۇق قىلدى، ئۇ كاپىرلاردىن بولۇپ كەتتى.﴾[1]

ئىبلىسنىڭ ئۇلۇغ اللە نىڭ سەجدە قىلىش ئەمرى بەرگەنلىكىنى ئىنكار قىلىشى ۋە قوبۇل قىلماسلىقى مۇمكىن ئەمەس. ئۇ ئۇلۇغ اللە نىڭ ئەمرىگە ئېتىراز بىلدۈردى ۋە بۇ ئەمرنى بەرگۈچىنىڭ ھېكمەت ۋە ئادالىتىگە تىل تەگكۈزۈپ مۇنداق دېدى: ﴿سەن لايدىن ياراتقانغا سەجدە قىلامدىمەن؟﴾[2] ئۇ يەنە مۇنداق دېگەندى: ﴿قارا لايدىن ياساپ شەكىلگە كىرگۈزۈپ (چەكسە جىرىڭلايدىغان) قۇرۇق لايدىن يارىتىلغان ئىنسان مېنىڭ سەجدە قىلىشىمغا لايىق ئەمەس.﴾[3] ﴿مەن ئۇنىڭدىن ئارتۇق. مېنى ئوتتىن، ئۇنى لايدىن ياراتتىڭ.﴾[4]

**167 ـ سوئال:**

**مۇناپىقلىق كۆپۈرلۈكى دېگەن نېمە؟**

بۇ، باشقىلارنىڭ ئالدىدا رىياكارلىق بىلەن ئۆزىنى ئەمرلەرگە ئىتائەت قىلىۋاتقاندەك كۆرسىتىش، ئەمەلىيەتتە چىن قەلبتىن تەستىقلىماسلىق ۋە قىلىشقا تېگىشلىك ئەمەللەرنى ئادا قىلماسلىق بىلەن ئوتتۇرىغا چىقىدىغان كۆپۈرلۈك بولۇپ، اللە تائالا مۇنداق دەپ تەسۋىرلىگەن ئىبنى سەلۇل ۋە ئۇنىڭ تەرەپدارلىرىنىڭ كۆپۈرلۈكى شۇنىڭغا مىسال بولالايدۇ: ﴿كىشىلەر ئارىسىدا اللە قا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىشەندۇق دېگۈچىلەر بار، ھەقىقەتتە ئۇلار ئىشەنمەيدۇ (يەنى

[1] سۈرە بەقەرە، 34 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[2] سۈرە ئىسرا، 61 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[3] سۈرە ھىجر، 33 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[4] سۈرە ئەئراف، 12 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

ئاغزىدا ئىشەندۇق دېگىنى بىلەن، كۆڭلىدە ئىشەنمەيدۇ). ئۇلار اﷲ نى ۋە مۇئمىنلەرنى ئالدىماقچى بولىدۇ. ھەقىقەتتە ئۇلار تۇيماستىن ئۆزلىرىنىلا ئالدايدۇ. ئۇلارنىڭ دىللىرىدا كېسەل (يەنى مۇناپىقلىق ۋە شەكلىنىش) بار. اﷲ ئۇلارنىڭ كېسىلىنى كۈچەيتىۋەتتى؛ يالغان سۆزلىگەنلىكلىرى (يەنى يالغاندىن ئىمانىنى دەۋا قىلغانلىقلىرى ۋە اﷲ نىڭ ئايەتلىرىنى مەسخىرە قىلغانلىقلىرى) ئۈچۈن، ئۇلار قاتتىق ئازابقا دۇچار بولىدۇ... اﷲ ھەقىقەتەن ھەر نەرسىگە قادىردۇر.﴾[1] ۋە بۇلاردىن سىرت ناھايىتى كۆپ ئايەتتە تىلغا ئېلىنغان.

## 168 ـ سوئال:

**كىشىنى دىندىن چىقارمايدىغان ئەمەلىي كۇپۇرلۇقنىڭ ماھىيىتى نېمە؟**

بۇ، شەرىئەت ئىگىسى (اﷲ تائالا ۋە اﷲ نىڭ پەيغەمبىرى) بىرەر گۇناھ ھەققىدە كۇپۇرلۇق ئاتالغۇسىنى قوللانغان، ئەمما شۇ گۇناھنى ئۆتكۈزگۈچى ئۈچۈن ئىمان ئاتالغۇسى ئېلىپ تاشلانمايدىغان ئىشنى كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن: «مەندىن كېيىن، بىر ـ بىرىڭلارنىڭ بويىنىنى چاپىدىغان كاپىرلىققا قايتىپ قالماڭلار.»[2] پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم يەنە مۇنداق دېگەن: «مۇسۇلماننى سۆكۈش پاسىقلىق، ئۇلارغا قارشى ئۇرۇش قىلىش كاپىرلىقتۇر.»[3]

[1] سۈرە بەقەرە، 8 ـ، 9 ـ، 10 ـ ئايەتلەر ۋە 20 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[2] بىرلىككە كەلگەن ھەدىس.
[3] بىرلىككە كەلگەن ھەدىس.

بۇ يەردە، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇسۇلمانلارنىڭ بىر ـ بىرىگە قارشى ئۇرۇش قىلىشىنى كاپىرلىق دەپ ئىپادىلىگەن ۋە بۇ ئىشنى قىلغۇچىلارنى كاپىر دەپ ئاتىغان. يەنە بىر تەرەپتىن، الله تائالا: ﴿ئەگەر مۇئمىنلەردىن ئىككى گۇرۇھ ئۇرۇشۇپ قالسا، ئۇلارنىڭ ئارىسىنى تۈزەپ قويۇڭلار... مۇئمىنلەر ھەقىقەتەن (دىندا) قېرىنداشلاردۇر، (ئۇرۇشۇپ قالسا) قېرىنداشلىرىڭلارنىڭ ئارىسىنى تۈزەڭلار﴾[1] دېگەن ئايەتتە بۇ كىشىلەرنىڭ ئىمان ساھىبى ۋە دىنىي قېرىنداش ئىكەنلىكىنى بىلدۈردى ۋە يۇقىرىقى ئىشلارنىڭ ئۇلاردىن سادىر بولمايدىغانلىقىنى ئېيتمىدى.

الله تائالا قىساس ھەققىدىكى ئايەتتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿قاتىل ئۇچۇن (دىنىي) قېرىندىشى تەرىپىدىن بىر نەرسە كەچۈرۈم قىلىنسا (يەنى ئۆلتۈرۈلگۈچىنىڭ ئىگىسى قاتىلدىن دىيەت ئېلىشقا رازى بولۇپ قىساس ئېلىشتىن ۋاز كەچسە، ئۇ، جىنايەتچىدىن دىيەتنى) چىرايلىقچە تەلەپ قىلىشى لازىم، (جىنايەتچىمۇ دىيەتنى) ياخشىلىقچە (يەنى كېچىكتۈرمەستىن، كېمەيتىۋەتمەستىن تولۇق) بېرىشى لازىم.﴾[2] الله تائالا بۇ ئايەتتە قاتىل ئۇچۇن ئىسلامىي قېرىنداشلىقى سۈپىتىنى قوللانغان بولۇپ، بۇ سۈپەتنىڭ ئۇنىڭدا تېپىلمايدىغانلىقىنى بايان قىلمىغاندى.

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «زىنا قىلغان، ئوغۇرلۇق قىلغان، ھاراق ئىچكەن كىشى شۇ ئىشلارنى مۇئمىن پېتى قىلمايدۇ. ئۇندىن كېيىن تەۋبە ئۇنىڭ

[1] سۈرە ھۇجۇرات، 9 ـ ۋە 10 ـ ئايەتلەرنىڭ بىر قىسمى.
[2] سۈرە بەقەرە، 178 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

ئالدىدا ئۇچۇق كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ.» يەنە بىر رىۋايەتتە: «بىر ئادەم مۇئمىن پېتى قاتىللىق قىلمايدۇ» دېگەن سۆز قوشۇپ قويۇلغان. يەنە بىر رىۋايەتتە: «باشقىلارنىڭ قىممەتلىك ئەشياسىنى تارتىۋېلىپ، ئۆزىنىڭ قىلىۋالمايدۇ» دېيىلگەن.[1]

بۇخارى ۋە مۇسلىمدا ئەبۇزەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: «پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: ”لائىلاھە ئىللاللاھ“ دېگەن ۋە مۇشۇ پېتى ۋاپات بولغانلاردىن جەننەتكە كىرمەيدىغانلار بولمايدۇ، ـ دېدى. مەن: زىنا ياكى ئوغرىلىق قىلغانلارمۇ شۇنداقمۇ؟ ـ دەپ سورىدىم. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: شۇنداق، زىنا ياكى ئوغۇرلۇق قىلغان بولسىمۇ. شۇنداق بولىدۇ، ـ دېدى. مەن سوئالىمنى ئۈچ قېتىم تەكرارلىدىم (ئۇمۇ جاۋابىنى ئۈچ قېتىم تەكرارلىدى) ۋە تۆتىنچى قېتىمدا: ئەبۇزەرنىڭ بۇرنى توپىغا مىلەنسىمۇ شۇنداق، ـ دەپ جاۋاب بەردى.»[2]

مانا بۇ، زىنا ئۆتكۈزگەن، ئوغرىلىق قىلغان، ھاراق ئىچكەن، ئادەم ئۆلتۈرگەن كىشى ھەققىدىكى، ئۇنىڭ تەۋھىدكە ئىگە بولۇش بىلەن بىرگە، ”ئىمان“ ئاتالغۇسىنىڭ مۇتلەق ھالدا ئۇ كىشىدىن ئايرىلىپ كەتمەيدىغانلىقىنىڭ دەلىلىدۇر. چۈنكى، ئەگەر بۇنى كۆزدە تۇتمىغان بولسا ئىدى، ھېچقاچان ”لائىلاھە ئىللاللاھ“ دېگەن ئەقىدە بىلەن ئۆلگەن ئادەمنىڭ يۇقىرىقى گۇناھلارنى ئۆتكۈزگەن بولسىمۇ، جەننەتكە كىرىدىغانلىقىدىن خەۋەر بەرمىگەن بولاتتى. چۈنكى جەننەتكە پەقەت مۇئمىنلەرلا كىرەلەيدۇ.

[1] بىرلىككە كەلگەن ھەدىس.
[2] بۇخارى، مۇسلىم ۋە تىرمىزى رىۋايەت قىلغان.

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بۇ سۆزى ئارقىلىق پەقەت ئىماننىڭ تاماملانمايدىغانلىقىنى كۆزدە تۇتقاندى ۋە (ئىماننىڭ) كامىل دەرىجىسىگە يەتكىلى بولمايدىغانلىقىنى بىلدۈرگەندى. بەندىنىڭ بۇ گۇناھلارغا بېرىلىپ كاپىر بولۇپ كېتىشى، ئۇنىڭ شۇ گۇناھلارنى ھالال دەپ قارىغانلىقىدىن كېلىپ چىقىدۇ. بۇ بولسا، بۇ بولسا، بۇلارنىڭ ھارام ئىكەنلىكى ھەققىدە قۇرئان ۋە پەيغەمبەرنى ئىنكار قىلىشنى شەرت قىلىدۇ. ھەتتا بۇ گۇناھلارغا بېرىلمىسىمۇ، بۇلارنىڭ ھالال ئىكەنلىكىگە ئىشىنىش بىلەن كاپىر بولىدۇ.

الله توغرىسىنى ئەڭ ياخشى بىلگۈچىدۇر.

**169 ـ سوئال:**

**بۇتقا سەجدە قىلىش، الله نىڭ كىتابىنى كەمسىتىش، الله نىڭ پەيغەمبىرىنى سۆكۈش، دىننى مەسخىرە قىلىش ۋە بۇنىڭغا ئوخشاش ئىشلار سىرتقى كۆرۈنۈشى ئېتىبارى بىلەن ئەمەلىي كۇپۇرلۇقلاردۇر. ئۇنداقتا، كىچىك كۇپۇرلۇقلار ئەمەلگە نىسبەت بېرىلگەن تۇرۇپ، يۇقىرىقى ئىشلار نېمە ئۇچۇن دىندىن چىقىپ كېتىشكە سەۋەب بولىدۇ؟**

شۇنى بىلىشىمىز كېرەككى، يۇقىرىقىدەك ئىشلارنىڭ ئەمەلىي كۇپۇرلۇق بولۇپ قېلىشىدىكى سەۋەب، ئۇلارنىڭ ئىنسانلارغا بەدەن ئەزالىرىنىڭ ئەمەلى بىلەن مەيدانغا كەلگەن بولۇپ كۆرۈنگەنلىكى ئۈچۈندۇر. ئەمما بۇلار قەلبنىڭ نىيىتىنى، ئىخلاسىنى، مۇھەببىتىنى ۋە الله نىڭ ئەمرلىرىگە ئىتائەت قىلىشنى ۋە باشقا بارلىق ئەمەللىرىنى يوققا چىقارمىغۇچە مەيدانغا كەلمەيدۇ. بۇ ئەمەللەرنىڭ مەيدانغا كېلىشى بىلەن تەڭ يۇقىرىقىلاردىن ھېچقانداق ئىز ـ دېرەك

قالمايدۇ. شۇڭا، گەرچە بۇلار ئەمەلى بولۇپ كۆرۈنسىمۇ، ئېتىقادىي كۇپۇرلۇقنىمۇ مۇتلەق شەرت قىلىدۇ.

بۇلار يا دىندىن چىققان مۇناپىق تەرىپىدىن ياكى ھەققە بويۇن ئېگىشنى پەقەتلا خالىمايدىغان نادانلار تەرىپىدىن مەيدانغا كەلتۈرۈلىدۇ. مۇناپىقلار تەبۇك غازىتىدا: ﴿ئۇلار ھەقىقەتەن كۇفرى سۆزىنى ئېيتتى، ئىسلام دىنىغا كىرگەنلىكىنى ئاشكارىلىغاندىن كېيىن كاپىر بولدى، ئۇلار ئىشقا ئاشمايدىغان ئىشنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا ئۇرۇندى (يەنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ئۆلتۈرۈشنى قەستلىدى)﴾[1] ئۇلاردىن نېمە ئۈچۈن شۇنداق قىلغانلىقى سورالغاندا، ئۇلار: ﴿بىز (راستىن ئەمەس) پەقەت ئىچ پۇشۇقى قىلىپ ئوينىشىپ دەپ قويدۇق﴾[2] دەپ جاۋاب بېرىشىدۇ. الله تائالامۇ ئۇلاردىن مۇنداق دەپ سورىدى: ﴿ئېيتقىنكى، «سىلەر الله نىڭ دىنىنى، الله نىڭ ئايەتلىرىنى (يەنى كىتابىنى) ۋە الله نىڭ پەيغەمبىرىنى مەسخىرە قىلدىڭلارمۇ؟ سىلەر (يالغان قەسەم ئىچىپ) ئۆزرە ئېيتماڭلار، سىلەر ئىمان ئېيتقاندىن كېيىن، (پەيغەمبەرنى مەسخىرە قىلىش بىلەن) كاپىر بولدۇڭلار...﴾[3]

ئۇنىڭ ئۈستىگە، بىز كىچىك كۇپۇرلۇقنى پەقەت ئەمەلگىلا نىسبەت بەرمىدۇق. ئەكسىچە، بۇ سۆزلىرىمىز ئارقىلىق ئۆزىگە ئېتىقادنى شەرت قىلمىغان، دىلنىڭ سۆزى ۋە ئەمىلىگە زىت كەلمىگەن ئەمەللەرنى كۆزدە تۇتتۇق.

**170 ــ سوئال:**

---

[1] سۈرە تەۋبە، 74 ــ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[2] سۈرە تەۋبە، 65 ــ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[3] سۈرە تەۋبە، 65 ــ ۋە 66 ــ ئايەتلەر.

**زۇلۇم، پاسىقلىق ۋە مۇناپىقلىق قاتارلىقلارنىڭ ھەر بىرى قانچە تۈرگە بۆلۈنىدۇ؟**

بۇلار چوڭ ۋە كىچىك دەپ ئىككى تۈرگە (يەنى دەرىجىگە) بۆلۈنىدۇ.

**171 ـ سوئال:**

**چوڭ ۋە كىچىك زۇلۇملارنىڭ مىساللىرى قايسىلار؟**

الله تائالانىڭ مۇنۇ ئايەتلىرىدە تىلغا ئېلىپ ئۆتۈلگەنلەر چوڭ ـ كىچىك زۇلۇملارنىڭ مىسالى بولالايدۇ: ﴿الله نى قويۇپ ساڭا پايدا ـ زىيان يەتكۈزەلمەيدىغان نەرسىلەرگە ئىبادەت قىلمىغىن، ئەگەر ئۇلارغا ئىبادەت قىلساڭ، چوقۇم (ئۆزەڭگە) زۇلۇم سالغۇچىلاردىن بولىسەن.﴾[1] ﴿شېرىك ھەقىقەتەن زور گۇناھتۇر.﴾[2] ﴿كىمكى الله قا شېرىك كەلتۈرىدىكەن (يەنى الله تىن غەيرىيگە ئىلاھ دەپ ئېتىقاد قىلىدىكەن)، الله ئۇنىڭغا جەننەتنى ھارام قىلىدۇ، ئۇنىڭ جايى دوزاخ بولىدۇ، زالىملارغا ھېچبىر مەدەتكار (يەنى الله نىڭ ئازابىدىن قۇتۇلدۇرغۇچى) بولمايدۇ.﴾[3]

﴿پەرۋەردىگارىڭلاردىن قورقۇڭلار، (ئۇلارنىڭ ئىددىتى توشمىغىچە) ئۇلارنى ئۆيلىرىدىن چىقىرىۋەتمەڭلار، ئۇلارمۇ (ئۆيىدىن) چىقمىسۇن... ئەنە شۇ الله نىڭ قانۇنىدۇر، كىمكى الله نىڭ قانۇنىدىن ھالقىپ كېتىدىكەن، ئۇ ئۆزىگە زۇلۇق قىلغان بولىدۇ.﴾[4] ﴿زۇلۇم قىلىش مەقسىتىدە زىيان يەتكۈزۈپ ئۇلارنى تۇتۇۋالماڭلار. كىمكى شۇنداق قىلىدىكەن (يەنى

[1] سۈرە يۇنۇس، 106 ـ ئايەت.
[2] سۈرە لوقمان، 13 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[3] سۈرە مائىدە، 72 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[4] سۈرە تالاق، 1 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

كىمكى چىرايلىقچە ئۆي تۇتۇش نىيىتى بىلەن ئەمەس، بەلكى ئىددىتىنى ئۇزارتىپ زۇلۇم قىلىش نىيىتىدە خوتۇنى بىلەن يارىشىدىكەن)، ئۆزىگە ئۆزى زۇلۇم قىلغان بولىدۇ.﴾[1]

**172 ــ سوئال:**

**چوڭ ــ كىچىك پاسىقلىقنىڭ مىساللىرى قايسىلار؟**

الله تائالانىڭ مۇنۇ ئايەتلىرى چوڭ پاسىقلىقنىڭ مىسالىدۇر: ﴿شۈبھىسىزكى، مۇناپىقلار پاسىقلاردۇر.﴾[2] ﴿ئىبلىستىن باشقا ھەممىسى سەجدە قىلدى، ئىبلىس جىنلاردىن ئىدى. شۇڭا ئۇ پەرۋەردىگارىنىڭ ئەمرىدىن چىقتى (يەنى پاسىقلىق قىلدى)﴾[3] ﴿ئۇنى (ئاھالىسى بەچچىۋازلىق، قاراقچىلىق قاتارلىق) يامان قىلىقلارنى قىلىدىغان شەھەردىن قۇتقۇزدۇق، ھەقىقەتەن ئۇلار يامان پاسىق قەۋم ئىدى.﴾[4]

ئۇنىڭدىن تۆۋەن دەرىجىدىكى پاسىقلىققا كەلسەك، الله تائالانىڭ ئىپپەتلىك ئاياللارنى زىنا بىلەن قارىلىغانلار ھەققىدە ئېيتقان شۇ سۆزلىرى مىسال بولالايدۇ: ﴿ئۇلارنىڭ گۇۋاھلىقىنى (ئۇلار يالغانچىلىق ۋە تۆھمەت چاپلاش مەيدانىدا چىڭ تۇرىدىغانلا بولسا) ھەرگىز قوبۇل قىلماڭلار، ئۇلار پاسىقلاردۇر (يەنى ئۇلار بوھتان چاپلاشتىن ئىبارەت چوڭ گۇناھنى ئىشلىگەنلىكلىرى ئۈچۈن، الله نىڭ ئەمرىدىن

[1] سۈرە بەقەرە، 231 ــ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[2] سۈرە تەۋبە، 67 ــ ئايەت.
[3] سۈرە كەھف، 50 ــ ئايەت.
[4] سۈرە ئەنبىيا، 74 ــ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[4] سۈرە نۇر، 4 ــ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[4] سۈرە ھۇجۇرات، 6 ــ ئايەت.

چىققۇچىلاردۇر)﴾[1] ﴿ئى مۇئمىنلەر! ئەگەر سىلەرگە بىر پاسىق ئادەم بىرەر خەۋەر ئېلىپ كەلسە، (ئىشىنىڭ ھەقىقىتىنى) بىلمەستىن بىرەر قەۋمنى رەنجىتىپ قويۇپ، قىلمىشىڭلارغا پۇشايمان قىلىپ قالماسلىقىڭلار ئۈچۈن، (ئۇ خەۋەرنى) ئېنىقلاپ كۆرۈڭلار.﴾[2]

رىۋايەتلەرگە ئاساسلانغاندا، بۇ ئايەت ۋەلىد ئىبنى ئۇقبە ھەققىدە نازىل بولغان.

**173 ــ سوئال:**

**چوڭ ــ كىچىك مۇناپىقلىقنىڭ مىساللىرى قايسىلار؟**

الله تائالانىڭ مۇنۇ ئايەتلىرى چوڭ مۇناپىقلىققا مىسال بولالايدۇ: ﴿شۈبھىسىزكى، مۇناپىقلار الله نى ئالدىماقچى بولۇشىدۇ، الله ئۇلارنىڭ ئالدامچىلىقىغا يارىشا جازا بېرىدۇ.﴾[3] ۋە داۋامىدىكى ئايەتلەر.

الله تائالانىڭ مۇنۇ ئايەتلىرىمۇ بۇنىڭغا مىسال بولالايدۇ: ﴿مۇناپىقلار سېنىڭ ئالدىڭغا كەلگەن چاغدا: «گۇۋاھلىق بېرىمىزكى، سەن ھەقىقەتەن الله نىڭ پەيغەمبىرىدۇرسەن» دەيدۇ، سېنىڭ ھەقىقەتەن الله نىڭ پەيغەمبىرى ئىكەنلىكىڭنى الله بىلىدۇ، الله گۇۋاھلىق بېرىدۇكى، مۇناپىقلار چوقۇم يالغانچىلاردۇر.﴾[4]

ئۇنىڭدىن تۆۋەن دەرىجىدە تۇرىدىغان مۇناپىقلىقنىڭ مىسالىغا كەلسەك، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى

---

[3] سۈرە نىسا، 142 ــ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[4] سۈرە مۇنافىقۇن، 1 ــ ئايەت.

ۋەسەللەمنىڭ شۇ سۆزلىرىدە تىلغا ئېلىنغانلار بۇ تۈرگە كىرىدۇ: «مۇناپىقنىڭ ئەمىلى ئۈچتۇر. ئۇلار يالغان ئېيتىدۇ، ۋەدىسىدە تۇرمايدۇ، ئامانەتكە خىيانەت قىلىدۇ.»[1]

«تۆت خىل خىسلەت بار بولۇپ، كىمدە شۇ خىسلەتلەر بولسا، ئۇ مۇناپىقتۇر...»[2]

[1] بۇخارى، مۇسلىم ۋە تىرمىزى رىۋايەت قىلغان.
[2] بۇخارى، مۇسلىم ۋە ئەبۇداۋۇد رىۋايەت قىلغان.

# سېھىر ۋە سېھىرگەر

**174 ـ سوئال:**

**سېھىر ۋە سېھىرگەرنىڭ ھۆكمى نېمە؟**

سېھىر راستىنلا بار بولغان ۋە كەۋنى تەقدىرگە توغرا كېلىش بىلەن بىرگە تەسىرىمۇ بولغان بىر ئىشتۇر. الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئۇلار بۇ ئىككىسىدىن ئەر ـ خوتۇننى بىر ـ بىرىدىن ئايرىۋېتىدىغان نەرسىلەرنى (يەنى سېھىرگەرلىكنى) ئۆگىنەتتى. ئۇلار (سېھىر ئارقىلىق) الله نىڭ رۇخسىتىسىز ھېچ كىشىگە زىيان يەتكۈزەلمەيتتى.﴾[1]

سېھىرنىڭ تەسىرگە ئىگە ئىكەنلىكى سەھىھ ھەدىسلەردىمۇ قەيت قىلىنغان. سېھىرگەرگە كەلسەك، ئەگەر ئۇ قىلغان سېھىرنىڭ تۈرى بەقەرە سۈرىسىدە ئوچۇق بايان قىلىنغانغا ئوخشاش شەيتانلاردىن ئېلىنغان سېھىر بولسا، ئۇ سېھىرگەر كاپىر بولىدۇ. چۈنكى الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿(بۇ ئىككى پەرىشتە) بىز كىشىلەرنى سىنايمىز، كاپىر بولمىغىن، دېمىگىچە ھېچ كىشىگە سېھىر ئۆگەتمەيتتى... ھالبۇكى، ئۇلار ئۆزلىرىگە زىيىنى بار، پايدىسى يوق نەرسىنى ئۆگىنەتتى. يەھۇدىيلار (تەۋراتنى تاشلاپ) سېھىرنى سېتىۋالغۇچىغا ئاخىرەتتە (الله نىڭ رەھمىتىدىن ۋە

[1] سۈرە بەقەرە، 102 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

جەننەتتىن) ھېچ نېسىۋە يوق ئىكەنلىكىنى ئوبدان بىلەتتى...﴾[1] ۋە باشقا ئايەتلەر بۇنى ئىسپاتلىماقتا.

**175 ــ سوئال:**

**سېھىرگەرنىڭ جازاسى نېمە؟**

ئىمام تىرمىزى جۇندۇب رەزىيەللاھۇئەنھۇدىن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلدۇ: «سېھىرگەرنىڭ جازاسى قىلىچ بىلەن چېپىشتۇر.» ئىمام تىرمىزى مۇنداق دېگەن: «پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ساھابىلىرى ۋە باشقا ئەھلى ئۆلىمالارنىڭ قارىشىچە، مۇشۇنداق ھۆكۈم چىقىرىش لازىم.» مالىك ئىبنى ئەنەسمۇ شۇنداق دەپ قارايدۇ. ئىمام شافىئى (الله تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) مۇنداق دېگەندى: «سېھىرگەر كاپىرلىققا يېتىدىغان دەرىجىدە سېھىر قىلسا ئۆلتۈرۈلىدۇ. ئەگەر قىلغان ئىشى كاپىرلىققا بېرىپ تاقاشمىسا، ئۇ ئۆلتۈرۈلىدۇ دەپ قارالمايدۇ.» سېھىرگەرنىڭ ئۆلتۈرۈلىدىغانلىقى ھەزرىتى ئۆمەر، ئۇنىڭ ئوغلى ئابدۇللاھ، قىزى ھەفسە (رەزىيەللاھۇ ئەنھا)، ئوسمان ئىبنى ئەففان، جۇندۇب ئىبنى ئابدۇللاھ، جۇندۇب ئىبنى كەئب، قەيس ئىبنى سابىت، ئۆمەر ئىبنى ئابدۇلئەزىز، ئەھمەد، ئەبۇ ھەنىفە ۋە باشقىلار تەرىپىدىن ئىسپاتلانغان ھۆكۈمدۇر (الله ھەممىسىگە رەھمەت قىلسۇن!).

**176 ــ سوئال:**

**نۇشرا (يەنى سېھىرنى يېشىش) ۋە ئۇنىڭ ھۆكمى نېمە؟**

[1] سۈرە بەقەرە، 102 ــ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

نۇشرا ـــ سېھىرلەنگەن ئادەمنىكى سېھىرنى يېشىش دېمەكتۇر. ئەگەر بۇ ئۇ سېھىرغا ئوخشاش سېھىر يولى بىلەن ئېلىپ بېرىلسا، بۇمۇ شەيتاننىڭ ئىشى بولۇپ قالىدۇ. ئەگەر شەرىئەت يولىغا قويىغان دەم سېلىش دۇئاسى ۋە پاناھلىق تىلەش دۇئاسى بىلەن بولسا، بۇنىڭدا ھېچقانداق شەك يوق.

**177 ـ سوئال:**

**شەرىئەت يولىغا قويىغان دەم سېلىش دۇئالىرى دېگەن نېمە؟**

دەم سېلىش دۇئالىرى ـــ قۇرئان ۋە ھەدىستىن ئەسلى شەكلى بىلەن ئېلىنغان ئەرەبچە دۇئالار بولۇپ، دەم سالغان ۋە سالدۇرغان كىشىنىڭ دەمنىڭ پەقەت اللہ نىڭ ئىزنى بىلەن تەسىر كۆرسىتەلەيدىغانلىقىغا ئىشىنىشى شەرت. جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە دەم سالغان،[1] پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەممۇ ئۆزىنىڭ بىر مۇنچىلىغان ساھابىلىرىگە دەم سالغاندىن سىرت، ئۇلارنىڭ دەم سېلىشىنى قوللىغان، ھەتتا ئۇلارنى شۇنداق قىلىشقا بۇيرىغان ۋە دەم سالغانلىقى ئۈچۈن ھەق تەلەپ قىلسا بولىدىغانلىقىنى ئېيتقان. بۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك بارلىق رىۋايەتلەر بۇخارى، مۇسلىم ۋە باشقا ھەدىس كىتابلىرىدا بايان قىلىنماقتا.

**178 ـ سوئال:**

**شەرىئەتتە چەكلەنگەن دەم سېلىش دۇئالىرى قايسىلار؟**

بۇلار قۇرئان ۋە ھەدىستە بولمىغان ۋە ئەرەب تىلى بىلەن ئوقۇلمىغان دۇئالاردۇر. بۇ خىل دەم سېلىش شەيتاننىڭ ئىشى بولۇپ، بۇ، شەيتاننى ئىشقا سېلىش ۋە ئۇنى خۇش قىلىدىغان

[1] بۇ ھەقتىكى ھەدىسنى مۇسلىم ۋە ئىبنى ماجە رىۋايەت قىلغان.

نەرسىلەر بىلەن ئۇنىڭغا يېقىنلاشقانلىق بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. نۇرغۇنلىغان دەججال، ساختىپەز، داخان، رەممىي، خۇراپاتچىلارنىڭ ئىشلىرى مانا مۇشۇنىڭ جۈملىسىدىن بولۇپ، ئۇلارنىڭ بەزىلىرى ھەيكەل ۋە تىلسىم كىتابلىرىغا قارايدۇ. ”شەمسۇل مائارىف“، ”شۇمۇسۇل ئەنۋار“ ۋە باشقا كىتابلار دىن دۈشمەنلىرى تەرىپىدىن خۇددى ئىسلام دىنىغا ئائىت كىتابلاردەك كۆرسىتىلىپ كەلگەن. ھالبۇكى، بۇ كىتابلارنىڭ دىن بىلەن ھېچقانداق ئالاقىسى يوق، ئىسلام ئىلىملىرى بىلەنمۇ ھېچقانداق مۇناسىۋىتى يوق. بىز ”شەرھۇل سۇللەم“ ۋە باشقا كىتابلىرىمىزدا بۇ ھەقتە توختىلىپ ئۆتكەنىدۇق.

## تۇمار، كۆز مونچاق ۋە باشقىلار

**179 ـ سوئال:**

**تىلتۇمار، زەنجىر، يىپ، كۆز مونچاق، چەمبىرەك ۋە باشقا نەرسىلەرنى ئېسىۋېلىشنىڭ ھۆكمى نېمە؟**

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «كىم بىر نەرسە ئېسىۋالسا، ئەھۋالى ئۇنىڭغا ھاۋالە قىلىنىدۇ.»[1] پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىر قېتىملىق سەپىرىدە بىر ئادەمنى تۆگىلەرنىڭ بويىنىغا

[1] تىرمىزى رىۋايەت قىلغان.

ئېسىلغان يىپ، مونچاق ياكى شۇنىڭغا ئوخشاش نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى ئېلىۋېتىشكە بۇيرىغان.[1]

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم يەنە مۇنداق دېگەن: «شۈبھىسىزكى، (شەرىئەت چەكلىگەن شەكىلدە) دەم سېلىش، تۇمار ئېسىش ۋە ئاياللارنىڭ (ئەرلىرىنى ئۆزىگە باغلاش ئۈچۈن) تۇگۇن چىگىشى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى شېرىكتۇر.»[2]

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم يەنە مۇنداق دېگەن: «كىمكى تۇمار ئېسىۋالسا، الله ئۇنى مەقسىتىگە يەتكۈزمىسۇن! كىمكى كۆز مونچاق ئېسىۋالسا، الله ئۇ كىشىگە خاتىرجەملىك بېغىشلىمىسۇن!»[3] يەنە بىر رىۋايەتتە: «كىمكى تۇمار ئېسىۋالسا، الله قا شېرىك كەلتۈرگەن بولىدۇ» دېيىلگەن.

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم قولىغا سېرىق بىلەزۈك سېلىۋالغان بىر كىشىدىن: «بۇ نېمە؟» دەپ سورىدى. ئۇ ئادەم: «رېماتىزىم كېلىسىم بار ئىدى، شۇڭا سېلىۋالدىم» دېدى. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «ئۇنى تاشلىۋەت، چۈنكى ئۇ سېنى زەئىپلەشتۈرۈشتىن باشقا ئىشقا يارىمايدۇ. شۈبھىسىزكى، سەن ئۇنى قولۇڭغا تاقىغان ھالەتتە ئۆلۈپ كەتسەڭ، ھەرگىز نىجاتلىق تاپالمايسەن» دېدى.[4]

---

[1] بۇخارى، مۇسلىم ۋە ئەبۇداۋۇد رىۋايەت قىلغان.
[2] ئەبۇداۋۇد ۋە ئىبنى ماجە رىۋايەت قىلغان.
[3] ھەكىم رىۋايەت قىلغان.
[4] ئىبنى ماجە ۋە ھەكىم رىۋايەت قىلغان.

ھۇزەيفە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمۇ بىر ئادەمنىڭ قولىدىكى يىپنى تارتىپ ئۈزۈۋەتكەندىن كېيىن، الله تائالانىڭ: ﴿ئۇلارنىڭ تولىسى الله قا شېرىك كەلتۈرۈپ تۇرۇپ ئىشىنىدۇ (يەنى الله نى ياراتقۇچى، رىزىق بەرگۈچى دەپ ئىقرار قىلىش بىلەن بىللە، بۇتلارغىمۇ چوقۇنىدۇ)﴾[1] دېگەن ئايىتىنى ئوقۇغان.

سەئىد ئىبنى جۇبەير مۇنداق دەيدۇ: بىرىنىڭ ئۈستىدىكى تۇمارنى ئېلىۋېتىش بىر قۇل ئازاد قىلغانغا باراۋەردۇر.

بۇنىڭغا ئوخشاش ئىپادىلەر سەھىھ ھەدىسلەرنىڭ ھۆكۈملىرىدىندۇر.

**180 ـ سوئال:**

**ئايەت يېزىلغان تۇمارنى ئېسىشنىڭ ھۆكمى نېمە؟**

بەزى سەلەف ئالىملىرى بۇنىڭ جائىز ئىكەنلىكى رىۋايەت قىلماقتا. ئەمما ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇكەيم، ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمر، ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد ۋە ئۇنىڭ كۆز قارىشىنى قوبۇل قىلىدىغان نۇرغۇنلىغان كىشى بۇنىڭ جائىز ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلمايدۇ. قوبۇل قىلىشقا تېگىشلىكىمۇ شۇدۇر (يەنى جائىز ئەمەس). چۈنكى بىر نەرسىلەرنى ئېسىشقا دائىر ھېچقانداق ھۆكۈم ياكى پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن رىۋايەت قىلىنغان ھەدىسمۇ يوق. قۇرئاننىڭ ئىھانەتكە قارشى قوغدىلىشىمۇ بۇنىڭ چەكلەنگەنلىكىنى شەرت قىلىدۇ. چۈنكى تۇمار ئېسىۋالغۇچىلارنىڭ كۆپىنچىسى تۇمارنى تاھارەتسىز ھالدا ئېسىپ يۈرىدۇ. ئۇندىن باشقا، مۇشۇ تەرىقىدە ئاستا ـ ئاستا باشقا نەرسىلەرنى ئېسىشقا

[1] سۈرە يۇسۇف، 106 ـ ئايەت.

يۈزلەنمەسلىك، باتىل ئېتىقادلارغا بېرىلمەسلىك، دىلنىڭ (بولۇپمۇ بۇ زامانلاردا) اللّٰه تىن باشقىسىغا تەلپۈنمەسلىكى ئۈچۈن، بۇنداق ئىشلارنى چەكلەش لازىم.

# كاھىنلىق

## 181 ـ سوئال:

**كاھىنلارنىڭ ھۆكمى نېمە؟**

كاھىنلار گۇمراھلار بولۇپ، بۇلار اللہ تائالانىڭ مۇنۇ ئايىتىدە ئېيتىلغىنىدەك، شەيتانلارنىڭ دوستلىرىدۇر: ﴿شۈبھىسىزكى، شەيتانلار ئۆز دوستلىرىنى (يەنى مۇشرىكلارنى) سىلەر بىلەن دەتالاش قىلىشقا ۋەسۋەسە قىلىدۇ، ئەگەر ئۇلارغا ئىتائەت قىلساڭلار، سىلەر چوقۇم مۇشرىك بولۇپ قالىسىلەر.﴾[1] شەيتانلار كاھىنلارنىڭ يېنىغا چۈشىدۇ ۋە ئاسماندىن ئوغرىلىقچە ئاڭلىۋالغان بىرەر ئېغىز سۆزنى ئۇلارغا تەلقىن قىلىدۇ. كاھىنلار بۇ بىر ئېغىز سۆزگە يۈز ئېغىز يالغاننى قېتىپ، ئىنسانلارغا تارقىتىدۇ. اللہ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿(ئى مۇھەممەد! مەككە كۇففارلىرىغا ئېيتقىنكى) سىلەرگە مەن شەيتانلارنىڭ كىمگە چۈشىدىغانلىقىنى ئېيتىپ بېرەيمۇ؟ ئۇلار ھەربىر ئىغۋا توقۇغۇچى، گۇناھكارلارغا چۈشىدۇ. ئۇلار (پەرىشتىلەرنىڭ سۆزلىرىنى ئوغرىلىقچە) ئاڭلايدۇ، ئۇلار (يەنى شەيتانلار) نىڭ تولىسى يالغانچىلاردۇر.﴾[2]

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەممۇ بۇ ھەقتىكى ھەدىسلەردە مۇنداق دېگەن: «شەيتانلار بىر ـ بىرىنىڭ ئۈستىگە دەسسەپ تۇرغان ھالدا ئاسماندىكى سۆزنى ئاڭلايدۇ.

---

[1] سۈرە ئەنئام، 121 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

[2] سۈرە شۇئەرا، 221 ـ دىن 223 ـ ئايەتكىچە.

ئاندىن ئەڭ ئۈستىدىكى شەيتان ئاڭلىغان سۆزنى ئاستىدىكى شەيتانغا، ئۇمۇ ئۆزىنىڭ ئاستىدىكىسىگە يەتكۈزىدۇ. تاكى بۇ سۆز سېھرىگەر ياكى كاھىنغىچە يەتكۈزۈلىدۇ. بەزىدە شىھاب دەپ ئاتالغان نۇرلۇق يۇلتۇز ئۇ سۆز سېھرىگەر ياكى كاھىنغا يېتىشتىن بۇرۇن كۆيدۈرىۋېتىدۇ. بەزىدە ئۇنىڭغا يېتىشەلمەي قالىدۇ. شۇنىڭ بىلەن، ئۇ سۆز ئۇنىڭ (سېھرىگەر ياكى كاھىن) غا يەتكۈزۈلىدۇ. سېھرىگەر ياكى كاھىن بۇ ھەق سۆزگە مىڭ يالغاننى قېتىپ، خەلققە تارقىتىۋېتىدۇ.» بۇ ھەدىسنىڭ تولۇق تېكىستى سەھىھۇلبۇخارىدا بايان قىلىنغان. قۇمغا سىزىپ ياكى شېغىل تاشلارنى تىزىپ پال سېلىشمۇ بۇنىڭ ئىچىگە كىرىدۇ.

## 182 ــ سوئال:

## كاھىننى تەستىقلاشنىڭ ھۆكمى نېمە؟

ﷲ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ﷲ تىن بۆلەك ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكىلەر غەيبنى بىلمەيدۇ. ئۇلار (يەنى خالايىق) قاچان تىرىلدۈرۈلىدىغانلىقىنى بىلمەيدۇ.﴾[1] ﴿غەيبنىڭ خەزىنىلىرى ﷲ نىڭ دەرگاھىدىدۇر، ئۇنى پەقەتلا ﷲ بىلىدۇ.﴾[2] ﴿ياكى ئۇلارنىڭ يېنىدا غەيب (يەنى غەيبنى ئۆز ئىچىگە ئالغان لەۋھۇلمەھپۇز) بار بولۇپ، ئۇلار (ئېيتىدىغانلىرىنى شۇنىڭغا) يازامدۇ؟﴾[3] ﴿ئۇنىڭ دەرگاھىدا ئىلمىي غەيب بولۇپ، ئۇ (غەيبنى) بىلەمدۇ؟﴾[4] ﴿(سىلەرگە

---

[1] سۈرە نەمل، 65 ــ ئايەت.
[2] سۈرە ئەنئام، 59 ــ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[3] سۈرە قەلەم، 47 ــ ئايەت.
[4] سۈرە نەجم، 35 ــ ئايەت.

نىمىنىڭ پايدىلىق ئىكەنلىكىنى) الله بىلىدۇ، سىلەر بىلمەيسىلەر، (شۇنىڭ ئۈچۈن) الله بۇيرىغانغا ئالدىراڭلار.﴾[1]

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەممۇ بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن: «كىمكى مۇنەججىمگە ياكى ئۆزىنىڭ غەيب ئىلمىنى بىلىدىغانلىقىنى ئېيتقۇچى كاھىنىنىڭ ئالدىغا بېرىپ، ئۇنىڭ سۆزلىرىنى تەستىقلىسا، ئۇ مۇھەممەد (سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم) كە ئەۋەتىلگەن نەرسىگە (يەنى ئىسلامغا) كاپىر بولغان بولىدۇ.»[2]

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم يەنە مۇنداق دېگەن: «كىمكى مۇنەججىم ياكى كاھىنىنىڭ ئالدىغا بېرىپ، ئۇنىڭدىن بىرەر ئىش ھەققىدە سوئال سورىسا ۋە ئۇنىڭ ئېيتقانلىرىنى ماقۇل كۆرسە، ئۇنىڭ قىرىق كۈنلۈك نامىزى قوبۇل بولمايدۇ.»[3]

[1] سۈرە بەقەرە، 216 ــ ئايەت.
[2] ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى ماجە ۋە دارىمى رىۋايەت قىلغان.
[3] مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

# مۇنەججىملىك

**183 ـ سوئال:**

**مۇنەججىملىك (يۇلتۇزلارغا قاراپ كېلەچەكتىن خەۋەر بېرىش) نىڭ هۆكمى نېمە؟**

الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿قۇرۇقلۇق ۋە دېڭىزنىڭ قاراڭغۇلۇقلىرىدا (يەنى كېچىلىك يول يۈرگىنىڭلاردا) يول تېپىشىڭلار ئۈچۈن الله سىلەرگە يۇلتۇزلارنى يارىتىپ بەردى.﴾[1] ﴿(بىزگە بارلىق ئاسمانلاردىن) ئەڭ يېقىن ئاسماننى چىراقلار (يەنى يورۇق يۇلتۇزلار) بىلەن بېزىدۇق ۋە ئۇلارنى (پەرىشتىلەرنىڭ سۆزلىرىنى ئوغرىلىقچە تىڭشاشقا ئۇرۇنغان) شەيتانلارنى ئاتىدىغان نەرسە قىلدۇق (يەنى شەيتانلار يۇلتۇزلاردىن چىققان شولا بىلەن ئېتىلىدۇ).﴾[2] ﴿يۇلتۇزلارمۇ الله نىڭ ئەمرى بىلەن بويسۇندۇرۇلغاندۇر.﴾[3]

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەممۇ مۇنداق دېگەن: «كىمكى يۇلتۇزلاردىن بىر شاخچە ئالسا (يەنى يۇلتۇزغا قاراپ، ياخشى ـ يامان ئىشلار ھەققىدە پەرەز ياكى ھۆكۈم چىقارسا)، ئۇ سېھىردىنمۇ بىر شاخچە ئالغان بولىدۇ. قانچىلىك ئالسا، شۇنچىلىك بولىدۇ.»[4]

---

[1] سۈرە ئەنئام، 97 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[2] سۈرە مۇلك، 5 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[3] سۈرە نەھل، 12 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[4] ئەبۇداۋۇد ۋە ئىبنى ماجە رىۋايەت قىلغان.

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم يەنە مۇنداق دېگەن: «مەن ئۈممىتىمنىڭ يۇلتۇزلارنى تەستىقلاپ، تەقدىرنى ئىنكار قىلىشىدىن ۋە زالىم ھۆكۈمرانلارنىڭ ھەقسىزلىقلىرىدىن ئەندىشە قىلىمەن.»[1]

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئەبجەد يېزىپ، يۇلتۇزلارغا قارايدىغان كىشىلەر ھەققىدە مۇنداق دېگەنىدى: «مەن بۇ ئىش بىلەن شۇغۇللانغۇچىلارنى اللّٰه نىڭ نەزىرىدە ھېچقانداق قەدىر ـ قىممىتى يوق كىشىلەر دەپ قارايمەن.»

قەتادە رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دېگەنىدى: «اللّٰه يۇلتۇزلارنى ئۈچ تۈرلۈك سەۋەب بىلەن ياراتقان. بىرىنچىسى، ئاسماننى بېزەش. ئىككىنچىسى، ئۇلار بىلەن (پەرىشتىلەرنىڭ سۆزلىرىنى ئوغرىلىقچە تىڭشاشقا ئۇرۇنغان) شەيتانلارنى ئېتىش. ئۈچىنچىسى، كېچىسى يول يۈرگەنلەرگە بەلگە قىلىپ بېرىش. كىمكى، بۇ يۇلتۇزلاردىن باشقا نەرسىلەرنى ئېلىشقا ئۇرۇنىدىكەن، ئۇلاردىن ئېلىشقا تېگىشلىك نەرسىنى يوقىتىپ، ئۇلاردىن ئۆزىگە تېگىشلىك نېسىۋىسىدىن قۇرۇق قالغان ۋە ھەرقانداق قىلىپ بىلگىلى بولمايدىغان بىر نەرسىنى بىلىشكە ئۇرۇنغان بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.»

184 ـ سوئال:

يۇلتۇزلارنىڭ چىقىش ۋە پېتىش ۋاقىتلىرى بىلەن يامغۇر تىلەشنىڭ ھۆكمى نېمە؟

---

[1] بۇ ھەدىس مۇسنەدتە رىۋايەت قىلىنغان.

اللە تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿(سىلەر اللە نىڭ رىزىق بەرگەنلىكىگە) شۈكۈر قىلىشىڭلارنىڭ ئورنىغا، (رىزىق بەرگۈچىنى) ئىنكار قىلامسىلەر؟﴾[1]

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەممۇ بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەنىدى: «جاھىلىيەتتىن قالغان تۆت تۈرلۈك ئىش ئۈممىتىمنىڭ ئارىسىدا داۋاملىق ساقلىنىپ قالىدۇ، ئۈممىتىممۇ ئۇ ئىشلارنى تەرك ئەتمەيدۇ: ئەمەل ـ مەنسەپ بىلەن ماختىنىش، نەسەبلەرگە تىل تەككۈزۈش، يۇلتۇزلارنىڭ چىقىش ۋە پېتىش ۋاقىتلىرىدا يامغۇر تىلەش ۋە ئۆلۈكلەرنىڭ ئارقىسىدىن ھازا تۇتۇش.»[2]

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم يەنە مۇنداق دېگەنىدى: «اللە تائالا مۇنداق دەيدۇ: كېچىنى بەندىلىرىمنىڭ بەزىلىرى مۇئمىن، بەزىلىرى كاپىر ھالەتتە ئۆتكۈزدى. اللە نىڭ لۇتپى ۋە مەرھەمىتى بىلەن بىزگە يامغۇر ياغدۇرۇلدى دېگەن كىشى مۇسۇلمان بولۇپ، ئۇ يۇلتۇزلارنى ئىنكار قىلىدۇ. بىزگە شۇ، شۇ يۇلتۇزنىڭ چىقىشى ياكى پېتىشى سەۋەبى بىلەن يامغۇر ياغدۇرۇلدى دېگەنلەر بولسا، مېنى ئىنكار قىلغان ۋە يۇلتۇزلارغا چوقۇنىدىغان كاپىرلاردۇر.»[3]

---

[1] سۈرە ۋاقىئە، 82 ـ ئايەت.
[2] بۇخارى، مۇسلىم ۋە تىرمىزى رىۋايەت قىلغان.
[3] بۇخارى، مۇسلىم ۋە ئەبۇداۋۇد رىۋايەت قىلغان.

# شۇم پال ئېلىش ۋە كۆز تېگىش

**185 ــ سوئال:**

**شۇم پال ئېلىشنىڭ هۆكمى نېمە؟ ئۇ نېمە بىلەن يوقىلىدۇ؟**

**اللہ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئۇلارغا يەتكەن ياخشىلىق بىلەن يامانلىق (مۇسانىڭ شۇملۇقىدىن ئەمەس) اللہ نىڭ تەقدىرىدۇر.﴾[1]**

**پەيغەمبەر سەللاللاهۇ ئەلەيهى ۋەسەللەممۇ مۇنداق دېگەن: «كېسەلنىڭ ئۆزلىكىدىن يۇقۇشى، نەرسە ــ كېرەكلەرنىڭ شۇملۇقى، ئىنتىقامى ئېلىنمىغان ئۆلتۈرۈلگۈچىنىڭ روھىنىڭ ئالۋاستىغا ئايلىنىشى بىلەن سەپەر (ئېيىنىڭ پالاكىتى) قاتارلىقلار يوق ئىشلاردۇر.»[2]**

**پەيغەمبەر سەللەللاهۇ ئەلەيهى ۋەسەللەم يەنە مۇنداق دېگەنىدى: «شۇم پال ئېلىش شېرىكتۇر، شۇم پال ئېلىش شېرىكتۇر.»[3]**

**ئىبنى مەسئۇد مۇنداق دەيدۇ: «بۇ بىزدىن بولمايدۇ، پەقەت (مۇستەسنا هالەتتە) اللہ ئۇنى تەۋەككۇل ئارقىلىق يوق قىلىدۇ.»**

---

[1] سۈرە ئەئراف، 131 ــ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[2] بۇخارى، مۇسلىم، ئەبۇداۋۇد ۋە ئىبنى ماجە رىۋايەت قىلغان.
[3] ئەبۇداۋۇد، تىرمىزى، ئىبنى ماجە رىۋايەت قىلغان.

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەندى: «شۇم پال ئېلىش — (شۇ ھېسسىيات سەۋەبى بىلەن) بىر ئىشنى داۋاملاشتۇرۇش ياكى ئۇنىڭدىن ۋاز كېچىشنى بىلدۈرىدۇ.»

ئىمام ئەھمەد ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمردىن رىۋايەت قىلىنغان ھەدىستە پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «شۇملۇق ھېس قىلغانلىقى ئۈچۈن ئۆزىنىڭ ھاجىتىدىن چىقىشتىن ۋاز كەچكەن ئادەم شېرىك كەلتۈرگەن بولىدۇ.» ساھابىلەر: بۇنىڭ كەففارىتى نېمە؟ ـ دەپ سورىغاندا، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇلارغا: «بۇنىڭ كەففارىتى: پەرۋەردىگارىم! سېنىڭ ياخشىلىقىڭدىن باشقا ياخشىلىق يوقتۇر، سېنىڭ تەقدىرىڭدىن باشقا تەقدىر يوقتۇر، سەندىن باشقا ھېچبىر ئىلاھ يوقتۇر، ـ دېيىشتۇر» دەپ جاۋاب بەرگەن.

يەنە بىر ھەدىستە سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىز مۇنداق دېگەندى: «ئەڭ توغرىسى بۇلارغا (يەنى مۇشۇنداق ھېس ـ تۇيغۇلارغا) ياخشى تەرەپتىن تەبىر بېرىش كېرەك. شۇنداق قىلغاندا، بىر مۇسۇلمان (ئۆزى قىلماقچى بولغان ئىشتىن) يېنىۋالمايدۇ. سىلەردىن بىرىڭلار كۆڭلۈڭلارغا ياقمايدىغان بىر نەرسە كۆرگەن ھامان: پەرۋەردىگارىم! ياخشىلىقلارنى سەندىن باشقا ھېچكىم بېرەلمەيدۇ، يامانلىقلارنى سەندىن باشقا ھېچكىم ياندۇرالمايدۇ، سېنىڭ ياردىمىڭسىز ھېچكىم بىر ئىشنى ۋۇجۇدقا چىقىرالمايدۇ، ھېچقانداق ئىشقا كۈچى يەتمەيدۇ، ـ دېسۇن!»[1]

**186 ـ سوئال:**

---

[1] ئەبۇداۋۇد رىۋايەت قىلغان.

**كۆز تېگىشنىڭ ھۆكمى نېمە؟**

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دەيدۇ: «كۆز تېگىش ھەقتۇر.»[1]

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىر قىزنىڭ يۈزى ۋە بەدىنىدىكى ئۆزگىرىشنى كۆرۈپ: «بۇ قىزغا دۇئا ئوقۇپ، دەم سېلىڭلار. چۈنكى قىزغا كۆز تېگىپتۇ» دېگەندى.[2]

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دېگەندى: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ماڭا (ياكى باشقا بىرىگە) كۆز تەگكەنلىكى ئۈچۈن دەم سېلىشنى بۇيرىدى.

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم يەنە مۇنداق دېگەندى: «كۆز تېگىش ياكى يىلان ـ چايانغا ئوخشاش نەرسىلەر چېقىۋالغاندىن باشقا ئىشلارغا دەم سېلىشقا بولمايدۇ.»[3]

مانا بۇلارنىڭ ھەممىسى سەھىھۇلبۇخارى ۋە سەھىھۇل مۇسلىمدا رىۋايەت قىلىنغان بولۇپ، بۇندىن باشقا يەنە نۇرغۇن ھەدىسلەر رىۋايەت قىلىنغان.

كۆز تېگىشمۇ الله تائالانىڭ ئىزنىسىز تەسىر قىلمايدۇ. كۆپلىگەن سەلەف ئالىملار (الله ئۇلاردىن رازى بولسۇن!) الله تائالانىڭ: ﴿كاپىرلار قۇرئاننى ئاڭلىغان چاغلىرىدا (ساڭا بولغان دۈشمەنلىكىنىڭ قاتتىقلىقىدىن يامان) كۆزلىرى بىلەن

[1] بۇخارى، مۇسلىم، ئەبۇداۋۇد ۋە تىرمىزى رىۋايەت قىلغان.
[2] بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.
[3] بۇخارى، مۇسلىم ۋە ئىبنى ماجە رىۋايەت قىلغان.

سىېنى يىقىتىۋېتىشكە تاس قالىدۇ﴾[1] دېگەن ئايىتىنى كۆز تېگىشكە باغلاپ تەپسىر قىلغان.

[1] سۈرە قەلەم، 51 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

# گۇناھ، تەۋبە ۋە دۇنياۋى جازالار

**187 ــ سوئال:**

**مەئسىيەت (گۇناھ) قانچە تۈرلۈك بولىدۇ؟**

گۇناھ ئىككى تۈرگە بۆلۈنىدۇ. بىرىنچىسى، كىچىك گۇناھ بولۇپ، يامان ئىش ــ ھەرىكەتلەرنى كۆرسىتىدۇ. ئىككىنچىسى، چوڭ گۇناھ بولۇپ، ئىنسانىنى ھالاكەتكە يۈزلەندۈرىدىغان ئىش ــ ھەرىكەتلەرنى كۆرسىتىدۇ.

**188 ــ سوئال:**

**كىچىك گۇناھلارنىڭ كەففارىتى نىمە؟**

اللہ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئەگەر سىلەر مەنئى قىلىنغان چوڭ گۇناھلاردىن ساقلانساڭلار، (كەرىمىمىزگە ئېلىپ) كىچىك گۇناھلىرىڭلارنى يوققا چىقىرىمىز ۋە سىلەرنى ئېسىل ماكانغا (يەنى جەننەتكە) كىرگۈزىمىز.﴾[1] ﴿شۈبھىسىزكى، ياخشى ئىشلار ئارقىلىق يامان ئىشلار يۇيۇلىدۇ.﴾[2]

بۇ ئارقىلىق، اللہ تائالا كىچىك گۇناھلارنىڭ چوڭ گۇناھلارنى قىلىشتىن ساقلىنىش ۋە ياخشى ئىشلارنى قىلىش ئارقىلىق كەچۈرۈلىدىغانلىقىنى بىلدۈرمەكتە. دەرۋەقە، ھەدىس شېرىپتىمۇ شۇنداق دېيىلمەكتە: «سەن بىرەر يامانلىق قىلىپ

[1] سۈرە نىسا، 31 ــ ئايەت.
[2] سۈرە ھۇد، 114 ــ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

قويساڭ، ئارقىدىنلا بىر ياخشىلىق قىلغىن. شۇنداق قىلساڭ، يامانلىقىڭ يۇيۇلىدۇ.»①

سەھىھ ھەدىسلەردە، جاپالىق شارائىتلاردىمۇ كامىل تاھارەت ئېلىپ، ئۇششاق قەدەملەر بىلەن مەسجىدكە مېڭىش، بەش ۋاقىت نامازنى ۋە جۈمە نامىزىنى قالدۇرماي ئوقۇش، ھەر رامىزان ئېيىدا روزا تۇتۇش، رامىزان ئېيىنى ئىبادەت (بولۇپمۇ تەراۋىھ نامىزى) بىلەن ئۆتكۈزۈش، قەدرى كېچىسىنى دۇئا ـ تىلاۋەت بىلەن ئۆتكۈزۈش، ئاشۇرا كۈنى روزا تۇتۇش ۋە باشقا ئىبادەتلەرنىڭ چوڭ ـ كىچىك گۇناھلارغا كەففارەت بولىدىغانلىقى قەيت قىلىنغان.

بۇ ھەدىسلەرنىڭ بەزىلىرىدە چوڭ گۇناھلاردىن ساقلىنىشمۇ تىلغا ئېلىنغان بولۇپ، بۇ (يەنى چوڭ گۇناھلار) تىلغا ئېلىنمىغان ھەدىسلەرمۇ ئۇلارغا قارىتا تەپسىر قىلىنىدۇ. شۇڭا، قىلىنغان ياخشىلىقلار ۋە باشقا يوللار ئارقىلىق كىچىك گۇناھلارنىڭ يۇيۇلۇشى ئۈچۈن، چوڭ گۇناھلاردىن ساقلىنىش لازىم.

**189 ـ سوئال:**

**چوڭ گۇناھلار قايسىلار؟**

ساھابىلەر، تابىئىنلەر ۋە باشقىلار چوڭ گۇناھ ھەققىدە ھەرخىل كۆز قاراشقا ئىگە. بەزىلەرنىڭ قارىشىچە، جازا بېرىلىدىغان ئىشلارنىڭ ھەممىسى چوڭ گۇناھ ھېسابلىنىدۇ. يەنە بەزىلىرىنىڭ قارىشىچە، لەنەت، غەزەپ ـ نەپرەت، دوزاخ ئوتى ياكى جازا دېگەندەك ئىشلارغا سەۋەب بولىدىغان گۇناھلارنىڭ ھەممىسىنى كۆرسىتىدۇ. يەنە بەزىلىرىنىڭ

① تىرمىزى رىۋايەت قىلغان.

قارىشچە، گۇناھ ئىشلىگۈچىنىڭ دىنىنى مۇھىم دەپ قاراش، دىنغا ئەھمىيەت بېرىش، اللّٰه تىن قورقۇش ۋە ھايا قىلىش تۇيغۇسىنىڭ كەمچىللىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان گۇناھلار چوڭ گۇناھ ھېسابلىنىدۇ.

سەھىھ ھەدىسلەردە ناھايىتى كۆپ گۇناھنىڭ (دەرىجە ئايرىماي) چوڭ گۇناھ قاتارىدا سانالغانلىقى قەيت قىلىنماقتا. اللّٰه قا شېرىك كەلتۈرۈش، سېھىر ئىشلىتىش، ئۇندىن باشقا، (اللّٰه تائالا ھارام قىلغان) بىگۇناھ ئادەم ئۆلتۈرۈش، جەڭ مەيدانىدىن قېچىش، ئۆسۈم يېيىش، يېتىمنىڭ ھەققىنى يەۋېلىش، يالغان گۇۋاھلىق بېرىش (ھەقىقىي ئەھۋالنى بىلمەي تۇرۇپ، مۇئمىن ئەر ياكى ئىپپەتلىك ئاياللارغا زىنا تۆھمىتى چاپلاشمۇ بۇنىڭ ئىچىدە)، ھاراق ئىچىش، ئاتا ـ ئانىغا ئىتائەتسىزلىك قىلىش ۋە باشقىلار چوڭ گۇناھنىڭ جۈملىسىدىندۇر.

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: «چوڭ گۇناھ يەتتىگە قارىغاندا، يەتمىشكە يېقىندۇر.» چوڭ گۇناھ ھەققىدە ئىزدەنگەن ئادەم بۇ گۇناھلارنىڭ يەتمىشتىنمۇ كۆپ ئىكەنلىكىنى بىلەلەيدۇ. بولۇپمۇ، لەنەت، غەزەپ، ئازاب ۋە باشقا تەھدىتلىك سۆزلەرنىڭ ئوبيېكتى بولغان، قۇرئان ۋە ھەدىستە ئېغىر تەھدىت بىلەن تەسۋىرلەنگەن گۇناھلارنى ساناپ چىقىدىغان بولساق، بۇ گۇناھلارنىڭ بەكمۇ كۆپ ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ يېتىمىز.

**190 ـ سوئال:**

**كىچىك ـ چوڭ بارلىق گۇناھلارنىڭ كەففارىتى نېمە؟**

بارلىق گۇناھ سەممىي تەۋبە بىلەن كەچۈرۈلىدۇ. اللّٰه تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئى مۇئمىنلەر! اللّٰه قا

سەمىمي تەۋبە قىلغۇچىلار، ئۇمىدكى، پەرۋەردىگارىڭلار سىلەرنىڭ گۇناھىڭلارنى يوققا چىقىرىدۇ، سىلەرنى ئاستىدىن ئۆستەڭلار ئېقىپ تۇرىدىغان جەننەتلەرگە كىرگۈزىدۇ.﴾[1]

الله تائالانىڭ: ﴿ئۇمىدكى...﴾ دەپ، ئۆزى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىشنى تىلغا ئېلىپ ئۆتۈشى، ئۇ ئىشنىڭ چوقۇم ئەمەلگە ئاشىدىغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ.

الله تائالا باشقا ئايەتلەردە يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿پەقەت (ئۇلارنىڭ ئىچىدىن) (بۇ دۇنيادىكى چېغىدا) تەۋبە قىلغان، ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلارلا بۇ ھالدا قالمايدۇ، الله ئۇلارنىڭ گۇناھلىرىنى ياخشىلىققا ئالماشتۇرىدۇ.﴾[2] ﴿تەقۋادارلار يامان بىر گۇناھ قىلىپ قالسا ياكى ئۆزلىرىگە زۇلۇق قىلسا الله نى ياد ئېتىدۇ، گۇناھلىرى ئۈچۈن مەغپىرەت تەلەپ قىلىدۇ. گۇناھنى كەچۈرىدىغان الله تىن باشقا كىم بار؟ ئۇلار قىلمىشلىرىنى بىلىپ تۇرۇپ داۋاملاشتۇرمايدۇ. ئۇلارنىڭ (يەنى يۇقىرىقى خىسلەتلەرگە ئىگە كىشىلەرنىڭ) مۇكاپاتى پەرۋەردىگارى تەرىپىدىن بولغان مەغپىرەت ۋە ئاستىدىن ئۆستەڭلار ئېقىپ تۇرىدىغان جەننەتلەردۇر.﴾[3]

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەندى: «تەۋبە بۇرۇنقى گۇناھلارنىڭ ھەممىسىنى يۇيۇۋېتىدۇ.» «الله نىڭ بەندىسىنىڭ تەۋبىسىدىن كېيىنكى خۇشاللىقى، بەكمۇ خەتەرلىك بىر يەردە چۆشكۈن قىلىپ، ئۇخلاپ قالغان، ئويغانغان ۋاقتىتا ئۇلىغى بىلەن يېمەك —

[1] سۈرە تەھرىم، 8 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[2] سۈرە فۇرقان، 70 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[3] سۈرە ئال ئىمران، 135 ـ ۋە 136 ـ ئايەتلەر.

ئىچمىكىنىڭ يوقلۇقىنى بايقىغان، كۈن قاتتىق قىزىپ كەتكەندە ياكى اللە نىڭ ئەمرى ئەمەلگە ئاشقاندا، بۇرۇنقى ئورنىغا قايتىپ بارغان ۋە يەنە ئۇيقۇغا كەتكەن، ئويغانغان ۋاقتىدا ئۇلىغىنىڭ قايتىپ كەلگەنلىكىنى كۆرگەن كىشىنىڭ خۇشاللىقىدىنمۇ ئېشىپ چۈشىدۇ.»[1]

**191 ـ سوئال:**

**سەممىي تەۋبە دېگەن نېمە؟**

سەممىي تەۋبە ـــ گۇناھتىن ۋاز كېچىش، گۇناھ ئۆتكۈزۈپ قويغىنىغا پۇشايمان قىلىش ۋە ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە ئۇ گۇناھقا قايتا بېرىلمەسلىك شەرتى بىلەن قىلىنغان تەۋبىنى كۆرسىتىدۇ. ئەگەر ئۆتكۈزگەن گۇناھى ئارقىلىق بىر مۇسۇلمانغا ھەقسىزلىك قىلغان بولسا، تەۋبە قىلغاندىن كېيىن ئۇ مۇسۇلماننىڭ رازىلىقىنى ئالىدۇ. چۈنكى، ئەگەر بۇگۈن ئۇ مۇسۇلماننىڭ رازىلىقىنى ئالمىسا، قىيامەت كۈنى ئۇنىڭ ھەققى تەلەپ قىلىنىدۇ ۋە گۇناھكاردىن چوقۇم قىساس ئېلىنىدۇ. يەنى ھەقسىزلىك ھېچقاچان نەزەردىن ساقىت قىلىنمايدۇ. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «ھەركىم ئۆز قېرىندىشىغا زۇلۇم ئارقىلىق ھەقسىزلىك قىلغان بولسا، دىنار ۋە دەرھەم يوق كۈن كېلىشتىن بۇرۇن ئۇنىڭ رازىلىقىنى ئېلىۋالسۇن. چۈنكى ئۇ كۈنى، ئەگەر زۇلۇم قىلغۇچىنىڭ ياخشىلىقى بولسا، ئۇ ياخشىلىقى قېرىندىشىغا ئېلىپ بېرىلىدۇ. ئەگەر ئۇنىڭ ياخشىلىقى بولمىسا، زۇلۇمغا ئۇچرىغۇچى قېرىندىشىنىڭ يامانلىقى ئۇنىڭ ئۈستىگە يۈكلىنىدۇ.»[2]

---

[1] بۇخارى، مۇسلىم، تىرمىزى، ئىبنى ماجە ۋە دارىمى رىۋايەت قىلغان.
[2] بۇخارى رىۋايەت قىلغان.

**192 ــ سوئال:**

**ئىنسان ئۇچۇن تەۋبە قاچان ئاخىرلىشىدۇ؟**

الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿الله قوبۇل قىلىشنى ۋەدە قىلغان تەۋبە يامانلىقنى نادانلىقتىن قىلىپ سېلىپ، ئاندىن ئۇزۇنغا قالماي (يەنى ئۆلۈم كېلىشتىن بۇرۇن) تەۋبە قىلغانلارنىڭ تەۋبىسىدۇر؛ الله ئەنە شۇلارنىڭ تەۋبىسىنى قوبۇل قىلىدۇ. الله ھەممىنى بىلىپ تۇرغۇچىدۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر.﴾[1]

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ساھابىلىرى گۇناھ ئۆتكۈزۈش ئارقىلىق الله تائالاغا ئاسىي بولۇشنىڭ نادانلىقتىن ئىبارەت ئىكەنلىكىدە بىرلىككە كەلگەن. بۇ گۇناھ مەيلى قەستەن بولسۇن ياكى باشقا بىر تۈرلۈك بولسۇن، ھەممىسى ئوخشاش. ئۇندىن باشقا، ئۆلۈمدىن بۇرۇن ئۆتكۈزۈلگەن ھەر بىر ئىشنىڭ "ئالدىراقسانلىق" بىلەن بولىدىغانلىقىنمۇ قوبۇل قىلغاندى. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەممۇ بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەندى: «شۈبھىسىزكى، الله بەندىسىنىڭ تەۋبىسىنى جېنى (يەنى بەندىسىنىڭ) ھەلقۇمىغا يەتكەنگە قەدەر قوبۇل قىلىدۇ.»[2]

بۇ ھەقتە بەكمۇ كۆپ ھەدىس رىۋايەت قىلىنغان. ئەمما بەندە ئۆلۈم پەرىشتىسىنى كۆرگەن ۋە روھ ئۇنىڭ كۆكسىنى سىقىپ، جان ھەلقۇمىغا قەدەر كەلگەن بولسا، ئۇ چاغدا

---

[1] سۈرە نىسا، 17 ــ ئايەت.

[2] تىرمىزى، ئىبنى ماجە ۋە ھەكىم رىۋايەت قىلغان.

قىلىنغان تەۋبە قوبۇل قىلىنمايدۇ ۋە ئۇ مەڭگۈلۈك ئازابقا دۇچار بولىدۇ. ﴿ھالبۇكى، (بۇ) قاچىدىغان ۋاقىت ئەمەس.﴾[1]

**193 ــ سوئال:**

**دۇنيا ئۇچۇن تەۋبە قاچان ئاخىرلىشىدۇ؟**

الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿پەرۋەردىگارىڭنىڭ بەزى ئالامەتلىرى كەلگەن كۈندە ئىلگىرى ئىمان ئېيتمىغانلارنىڭ ياكى ئىمان ئېيتىپ ياخشى ئىش قىلمىغانلارنىڭ ئېيتقان ئىمانى پايدىسىز بولىدۇ.﴾[2]

سەھىھۇلبۇخارىدىكى ھەدىستە پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى قەيت قىلىنغان: «قۇياش غەربتىن چىقمىغۇچە قىيامەت قايىم بولمايدۇ. قۇياشنىڭ غەربتىن چىققانلىقىنى كۆرۈپ كىشىلەرنىڭ ھەممىسى ئىمان ئېيتىشىدۇ، لېكىن بۇ چاغدا ئېيتقان ئىماننىڭ ھېچكىمگە پايدىسى بولمايدۇ.» ئاندىن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: ﴿... كۈندە ئېيتقان ئىمانى پايدىسىز بولىدۇ﴾ دېگەن ئايەتنى ئوقۇدى.

مەيلى ئاساسلىق ھەدىس كىتابىدا بولسۇن ياكى باشقا ھەدىس كىتابلىرىدا بولسۇن، بۇ ھەقتە پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن ناھايىتى كۆپ ھەدىس رىۋايەت قىلىنغان.

سەفۋان ئىبنى ئەسسال مۇنداق دېگەن: مەن الله نىڭ پەيغەمبىرى سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغانىدىم: «شۈبھىسى ھەقىقەتكى، الله تائالا

---

[1] سۈرە ساد، 3 ــ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[2] سۈرە ئەنئام، 158 ــ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

تەۋبە ئۇچۇن (غەرب تەرەپتە) كەڭلىكى يەتمىش يىللىق مۇساپىگە تەڭ دەرۋازا ئاچتى. قۇياش غەربتىن چىقمىغۇچە، ئۇ دەرۋازا يېپىلمايدۇ.» تىرمىزى، نەسەئى ۋە ئىبنى ماجە قاتارلىقلار بۇ ھەدىسنىڭ سەھىھ ھەدىس ئىكەنلىكىنى تەكىتلىگەن ئاساستا. ناھايىتى ئۇزۇن ھەدىسنىڭ بىر قىسمى سۆپىتىدە بايان قىلغان.

**194 ـ سوئال:**

**داۋاملىق چوڭ گۇناھ ئىشلەپ ئۆلۈپ كەتكەن مۇۋەھھىد (الله نى بار ۋە بىر دەپ بىلگۈچى) نىڭ ھۆكمى نېمە؟**

الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿بۇ كۈندە بەندىلەرنىڭ (ياخشى ـ يامان ئەمەللىرىنىڭ) ئۆلچىنىدىغانلىقى ھەقتۇر. ياخشى ئەمەللىرى ئېغىر چىققانلار نىجات تاپقۇچىلاردۇر. ياخشى ئەمەللىرى يېنىك چىققانلار بىزنىڭ ئايەتلىرىمىزنى ئىنكار قىلغانلىقلىرى تۈپەيلىدىن ئۆزلىرىگە زىيان سالغۇچىلاردۇر.﴾[1] ﴿ئۇ كۈندە (يەنى قىيامەت كۈندە) ھەر ئادەمنىڭ قىلغان ياخشى ئىشلىرى، يامان ئىشلىرى ئۆزىنىڭ ئالدىدا ئايان بولىدۇ. (ئۇلار يامان ئىشلىرىنى كۆرمەسلىكنى)، ئۆزى بىلەن يامان ئىشلىرىنىڭ ئارىسىدا (مەشرىق بىلەن مەغرىبنىڭ ئارىسىدەك) ئۇزۇن مۇساپە بولۇشىنى ئارزۇ قىلىدۇ.﴾[2]

﴿ھەر ئادەم ئۆزى بىلەن بولۇپ كېتىدىغان، ھەر ئادەمگە قىلغان ئەمەلىنىڭ مۇكاپاتى تولۇق بېرىلىدىغان، ئۇلارغا زۇلۇم قىلىنمايدىغان كۈننى (يەنى قىيامەت كۈننى)

[1] سۈرە ئەئراف، 8 ـ ۋە 9 ـ ئايەتلەر.
[2] سۈرە ئال ئىمران، 30 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

ئەسلىگىن!﴾[1] ﴿سىلەر شۇنداق بىر كۈندىن (يەنى قىيامەت كۈنىدىن) قورقۇڭلاركى، ئۇ كۈندە سىلەر الله نىڭ دەرگاھىغا قايتۇرۇلىسىلەر، ئاندىن ھەر كىشى قىلغان (ياخشى ــ يامان) ئەمەلىنىڭ نەتىجىسىنى تولۇق كۆرىدۇ، ئۇلارغا زۇلۇم قىلىنمايدۇ (يەنى ياخشى ئەمەلى كېمەيتىلىپ، يامان ئەمەلى كۆپەيتىلمەيدۇ)﴾[2] ﴿بۇ كۈندە كىشىلەر قىلغان ئەمەللىرىنىڭ نەتىجىسىنى كۆرۈش (يەنى نەتىجىسىگە ئېرىشىش) ئۈچۈن توپ ــ توپ بولۇپ تارىلىپ كېتىدۇ. كىمكى زەررىچىلىك ياخشى ئىش قىلىدىكەن، ئۇنىڭ مۇكاپاتىنى كۆرىدۇ. كىمكى زەررىچىلىك يامان ئىش قىلىدىكەن، ئۇنىڭ جازاسىنى تارتىدۇ.﴾[3]

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «بىر ئادەم ئىنچىكە ھېسابقا تارتىلسا، ئۇ ئازابقا دۇچار بولىدۇ دېمەكتۇر» دېدى. ھەزرىتى ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا: ﴿نامە ــ ئەمالى ئوڭ تەرەپتىن بېرىلگەن ئادەمدىن ئاسان ھېساب ئېلىنىدۇ﴾ دېيىلمىدىمۇ؟ - دەپ سورىدى. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «ئۇ ئەمەللىرىنىڭ ئايان قىلىنىشىغا قارىتىلغان، ئەمما ئىنچىكە ھېسابقا تارتىلغان ئادەم ئازابقا دۇچار بولىدۇ» دەپ جاۋاب بەردى.

ئالدىنقى قىسىملاردا مەھشەر، ھېساب مەيدانى، تارازا ــ مىزان، ئەمەل دەپتەرلىرىنىڭ تارقىتىلىشى، ئەمەللىرىنىڭ ئايان بولۇشى ۋە ھېسابقا مۇناسىۋەتلىك نۇرغۇنلىغان ئايەت ۋە ھەدىسلەرنى كەلتۈردۇق. پىلسىرات، شاپائەت ۋە بۇلاردىن باشقا ئىنسانلارنىڭ دۇنيادىكى چاغلىرىدا پەرۋەردىگارىغا

---

[1] سۈرە نەھل، 111 ــ ئايەت.
[2] سۈرە بەقەرە، 281 ــ ئايەت.
[3] سۈرە زەلزەلە، 6 ــ دىن 8 ــ ئايەتكىچە.

ئىتائەت قىلغان ياكى قىلمىغان پەرقلىرىگە ئاساسەن، ئاخىرەتتىكى ئەھۋاللىرى ۋە مەرتىۋىلىرىنىڭ پەرقلىق بولىدىغانلىقى، بەزىلەر ياخشى ئىشلارنى كۆپ قىلىدىغان، بەزىلىرى ئوتتۇرا هال بولىدىغان ۋە بەزىلىرىنىڭ ئۆز نەپسىگە زۇلۇم قىلىدىغانلىقى قاتارلىقلار ھەققىدە كەلگەن ئايەتلەرنىمۇ بايان قىلىپ ئۆتتۇق.

قۇرئان كەرىم ۋە ھەدىسلەردە بايان قىلىنغان، سەلەف سالىھلار بىلەن ساھابىلار ۋە ئۇلارغا ئەگەشكەن تەپسىر، ھەدىس ۋە سۈننەت ئىماملىرىدىن تەشكىل تاپقان بىرىنچى نەسىل ئىسلام ئۆلىمالىرى بىردەك قوبۇل قىلغان ھۆكۈم تۆۋەندىكىدىن ئىبارەتتۇر: تەۋھىد ئەھلى بولۇپ، ئىسيانكار (گۇناھكار) بولغان كىشىلەر ئۈچ تۈرگە ئايرىلىدۇ. بىرىنچىسى، ياخشىلىقلىرى يامانلىقلىرىنى بېسىپ چۈشىدىغانلار بولۇپ، بۇلار جەننەتكە كىرىدۇ. دوزاخ ئوتى ئۇلارغا ئەسلا يېقىنلاشمايدۇ.

ئىككىنچىسى، ياخشىلىقلىرى بىلەن يامانلىقلىرى تەڭلىشىپ قېلىپ، گۇناھلىرى تۈپەيلىدىن جەننەتكە كىرەلمىگەن، ئەمما ياخشىلىقلىرى ئۇلارنى دوزاخدىن يىراق تۇتىدىغان كىشىلەر بولۇپ، مانا بۇلار، الله تائالا خالىغان مۇددەتكىچە جەننەت بىلەن دوزاخ ئارىسىدا تۇرغۇزۇلىدىغان ‹ئەئرافلار› دۇر. كېيىنچە بۇلارنىڭ جەننەتكە كىرىشى ئۈچۈن رۇخسەت قىلىنىدۇ. الله تائالا جەننەت ئەھلىنىڭ جەننەتكە، دوزاخ ئەھلىنىڭ دوزاخقا كىرىپ، بىر ـ بىرىنى چاقىرىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئۇلارنىڭ ئارىسىدا بىر توسما بولىدۇ. توسمىنىڭ ئۈستىدە (ئەئرافتا) ئەھلى جەننەت ۋە ئەھلى دوزاخنى ئۇلارنىڭ سىماسىدىن تونۇيدىغان ئادەملەر (يەنى ئەھلى ئەئراف) بولىدۇ، ئۇلار

ئەھلى جەننەتكە: «سىلەرگە ئامانلىق تىلەيمىز» دەپ توۋلايدۇ. ئۇلار جەننەتكە كىرمىگەن، (ئەمما) كىرىش ئۈمىدىدە تۇرغانلاردۇر. ئۇلارنىڭ كۆزلىرى ئەھلى دوزاخ تەرەپكە بۇرالغاندا: «ئى پەرۋەردىگارىمىز! بىزنى زالىم قەۋم بىلەن بىللە قىلمىغىن» دەيدۇ. ئەئرافتىكىلەر (يەنى ياخشىلىقلىرى بىلەن يامانلىقلىرى تەڭ بولۇپ قالغان، جەننەتتىمۇ ئەمەس، دوزاختىمۇ ئەمەس كىشىلەر) سىماسىدىن تونۇيدىغان (دوزىخى) ئادەملەرگە: «توپلىغان پۇل ـ ماللىرىڭلار ۋە تەكەببۇرلۇقۇڭلار سىلەرگە نېمىگە ئەسقاتتى؟» دەپ توۋلايدۇ. (ئەئرافتىكى دوزىخىلارغا مۆئمىنلەرنىڭ پېقىرلىرىنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ) سىلەر اللّٰه نىڭ رەھمىتىگە ئېرىشەلمەيدۇ، دەپ قەسەم قىلغان كىشىلەر مۇشۇلارمۇ؟ (مانا بۇلارغا) جەننەتكە كىرىڭلار، سىلەرگە (كەلگۈسىدىن) غەم قىلىش، (كەتكەنگە) قايغۇرۇش يوقتۇر (دېيىلدى دەيدۇ).﴾[1]

ئۇچىنچىسى، اللّٰه نىڭ دەرگاھىغا چوڭ گۇناھلار ۋە ھاياسىزلىقلاردا چىڭ تۇرغان ھالدا بېرىش بىلەن بىرلىكتە، تەۋھىد ۋە ئىمان ساھىبى بولغان، ئەمما يامانلىقلىرى ياخشىلىقلىرىنى بېسىپ كېتىدىغان كىشىلەر بولۇپ، بۇلار ئۆتكۈزگەن گۇناھىغا قارىتا دوزاختا قالىدۇ. دوزاخ ئوتى بەزىلىرىنىڭ تاپىنىغا، بەزىلىرىنىڭ پاچاقلىرىغا، يەنە بەزىلىرىنىڭ تىزلىرىغىچە يېتىپ بارىدۇ. ھەتتا ئۇلارنىڭ ئارىسىدا دوزاخ ئوتى (سەجدە ئىزلىرى بولغان يەرلىرىدىن باشقا) ھەممە يېرىگىچە تۇتىشىدىغان ئادەملەرمۇ بار.

ئۇلۇغ اللّٰه نىڭ ئىزنى بىلەن پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم، ئاندىن باشقا پەيغەمبەرلەر،

---

[1] سۈرە ئەئراف، 46 ـ دىن 49 ـ ئايەتكىچە.

ئــــەۋلىيالار، پەرىشـــــتىلەر ۋە باشـــــقىلارنىڭ شاپائىتىگـــــە ئېرىشىدىغانلار مانا مۇشۇ كىشىلەردۇر. اللە تائالا بۇلارغا بىر چەك قويىدۇ ۋە شاپائىتى بىلەن ئۇلارنى دوزاختىن چىقىرىدۇ. ئـــاندىن يەنـــە بىـــر چـــەك قويـــۇپ، ئـــۇ دائىـــرە ئىچىگـــە كىرىدىغـــانلارغىمۇ شاپـــائەت قىلىـــدۇ. شـــۇنداق قىلىـــپ، بـــۇ چـــەكنىڭ دائىرىســـى داۋاملىـــق تـــۇردە كېڭىـــيىپ بـــارىدۇ. ئاخىرىدا، قەلبىدە بىر دىنار چاغلىق ياخشىلىق بولغانلارنىڭ ھەممىسى دوزاختىن چىقىرىلىدۇ، ئۇنـدىن كېيىن، يېرىم دىنار چاغلىق ياخشىلىق بولغانلار، ئاندىن بىر بۇغداي دانچىسى، ئەڭ ئاخىرىدا قەلبىدە زەررە چاغلىق ياخشىلىق بولغانلارنىڭ ھەممىســـــى دوزاختـــــىن چىقىرىلغانغـــــا قـــــەدەر شاپـــــائەت داۋاملىشـــــــدۇ. ئـــــاخىرىدا شاپـــــائەت قىلغۇچىـــــلار: « پەرۋەردىگـــارىمىز! دوزاختـــا ياخشـــىلىق نـــامىدا ھېچكىمـــنى قويمىدۇق » دەيدۇ.

ئەمـــەلى نىمـــە بولۇشـــىدىن قەتئىينـــەزەر، تـــەۋھىد ئېتىقـــادى بىلـــەن ۋاپـــات بولغـــان ھېچكىـــم دوزاخ ئوتـــىدا مەڭگـــۇ قالمايدۇ. ئەمما ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئىمانى تېخىمۇ كۈچلۈك، گۇناھلىرى تېخىمۇ يەڭگىل بولغانلىرى ھەم دوزاخ ئوتىنىڭ ئازابىغا كۆپ ئۇچرىمـــايدۇ ھـــەم دوزاختـــا ئـــۇزۇن مـــۇددەت تۇرمـــايدۇ. گـــۇناھى ئېغىـــر، ئىمـــانى زەئىـــپ كىشـــىلەر بولســـا، ھـــەم ئېغىـــر ئازابقـــا دۇچـار بولىـدۇ ھـەم دوزاختـا تېخىمۇ ئـۇزۇن مـۇددەت تۇرىـدۇ. بـۇ ھەقتـــە رىۋايـــەت قىلىنغـــان ھەدىســـلەر بـــەكمۇ كـــۆپ بولـــۇپ، پـــەيغەمبەر ســـەللەللاھۇ ئەلـــەيھى ۋەســـەللەمنىڭ تـــۆۋەنكى ھەدىســـمۇ شـــۇنىڭغا دالالـــەت قىلماقتـــا: « ھـــەر كىـــم لا ئىلاھـــە ئىللالله (بىر اللە تىن باشقا ھەق ئىلاھ يوقتۇر) دېسە، مەلۇم بىر كۈنى ئۇنىڭ ئۇچۇن مەنپەئەتى يېتىدۇ. ئەمما ئۇنىڭدىن

بۇرۇن ئىلگىرىكى قىلمىشلىرىنىڭ تېگىشلىك جازاسىمۇ ئۇنىڭغا يېتىدۇ.»

مانا بۇ نۇقتا، ئەقىللەر ئېزىپ، پۇتلار تېيىپ كەتكەن ۋە نۇرغۇنلىغان ئىختىلاپلارغا سەۋەب بولغان نۇقتا بولۇپ، الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿الله ئۆز ئىرادىسى بويىچە مۇئمىنلەرنى ئۇلار (يەنى گۇمراھلار) ئىختىلاپ قىلىشقان ھەقىقەتكە ھىدايەت قىلدى. الله خالىغان كىشىنى توغرا يولغا باشلايدۇ.﴾[1].

**195 ــ سوئال:**

**كىشىگە بېرىلگەن جازا ئۇنىڭ گۇناھىغا كەففارەت بولۇپ ھېسابلىنامدۇ؟**

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىر توپ ساھابىنىڭ ئارىسىدا تۇرۇپ مۇنداق دېگەندى: «ماڭا, الله قا شېرىك كەلتۈرمەسلىك، ئوغرىلىق قىلماسلىق، زىنا ئۆتكۈزمەسلىك، باللىرىنى ئۆلتۈرمەسلىك، قول ۋە پۇتلىرىڭلار ئارىسىدا باشقىلارغا بوھتان چاپلىماسلىق، بىلىپ تۇرۇپ ئىتائەتسىزلىك قىلماسلىق شەرتى بىلەن بەيئەت قىلىڭلار. شۇنداق قىلغانلارنىڭ ئەجرىنى بېرىش الله تائالاغا ئائىتتۇر. كىمكى بۇلاردىن قايسىبىرىنى قىلىپ قويۇپ، دۇنيا ھاياتىدا جازاغا تارتىلسا، بۇ جازا ئۇنىڭ ئۇچۇن كەففارەت بولىدۇ. كىمكى بۇ گۇناھلاردىن بىرىنى ئۆتكۈزسە ۋە الله تائالا ئۇنىڭ ئەيىبىنى ياپقان بولسا، ئۇنى الله تائالا ئۆزى بىر تەرەپ قىلىدۇ. يەنى خالىسا ئۇنى كەچۈرىۋېتىدۇ، خالىسا جازاغا تارتىدۇ.»[2] بۇ يەردە پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم

---

[1] سۈرە بەقەرە، 213 ــ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

[2] بۇخارى، مۇسلىم، نەسائى، تىرمىزى ۋە دارىمى رىۋايەت قىلغان.

شىرىكتىن باشقا گۇناھلارنى كۆزدە تۇتماقتا. ئۇبادە مۇنداق دېگەندى: «بىزمۇ بۇ شەرتلەرگە ئاساسەن ئۇنىڭغا بەيئەت قىلدۇق».

**196 ـ سوئال:**

**يۇقىرىقى ھەدىستىكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «ئۇنى اللہ تائالا ئۆزى بىر تەرەپ قىلىدۇ. يەنى خالىسا ئۇنى كەچۈرىۋېتىدۇ، خالىسا جازاغا تارتىدۇ» دېگەن سۆزلىرى بىلەن ئۇنىڭدىن بۇرۇن ئېيتىپ ئۆتۈلگەن: «يامانلىقلىرى ياخشىلىقلىرىنى بېسىپ چۈشكەن بىر ئادەم دوزاخقا كىرىدۇ» دېگەن ھۆكمىنى قانداق بىرلەشتۈرۈپ چۈشىنىش كېرەك؟**

بۇ ئىككىسىنىڭ ئارىسىدا ھېچقانداق زىتلىق يوق. چۈنكى ئۇلۇغ اللہ بىرىنى كەچۈرۈۋېتىشنى خالىسا، ئۇنى پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئېيتىپ ئۆتكىنىدەك ناھايىتى يەڭگىل ھېسابقا تارتىدۇ. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللام بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەندى: «سىلەردىن بىرى ئەزىز ۋە ئۇلۇغ پەرۋەردىگارىغا شۇقەدەر يېقىنلىشىدۇكى، نىھايەت پەرۋەردىگارى يېپىنچىسىنى ئۇنىڭ ئۈستىگە قويىدۇ ۋە: سەن مۇنداق، مۇنداق ئىشلارنى قىلدىڭ، ـ دەيدۇ. بەندە: شۇنداق، ـ دەيدۇ. ئۇلۇغ اللہ: مۇنداق، مۇنداق ئىشلارنى قىلدىڭ، ـ دەيدۇ. بەندە: شۇنداق، ـ دەيدۇ. ئەنە شۇ شەكىلدە قىلىنغان ئىشلارنىڭ ھەممىسى بەندىنىڭ ئۆزىگە ئىقرار قىلدۇرىدۇ. ئاندىن مۇنداق دەيدۇ: دۇنيادىكى ۋاقتىڭدا ئەيىبىڭنى ياپقانىدىم. بۈگۈنمۇ سېنىڭ بۇ گۇناھلىرىڭنى كەچۈرۈۋېتىمەن.»

گۇناھلىرى تۇپەيلىدىن دوزاخقا كىرىدىغانلارغا كەلسەك، ئۇلار ناھايىتى ئىنچىكە ھېسابقا تارتىلىدۇ. پەيغەمبەر

سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «ئىنچىكە ھېسابقا تارتىلىدىغانلار دوزاخقا كىرىدىغانلاردۇر» دېگەندى.

# سىراتەل مۇستەقىم (توغرا يول)

**197 ـ سوئال:**

**ئۇلۇغ الله نىڭ بىزنى ئۇنىڭغا ئەگىشىشكە بۇيرۇپ، ئۇنىڭدىن باشقىغا ئەگىشىشتىن چەكلىگەن ”سىراتەل مۇستەقىم“ (توغرا يول) نىڭ ماھىيىتى نېمە؟**

ئۇ، ئۇلۇغ الله نىڭ پەيغەمبەرلىرى ئارقىلىق ئەۋەتكەن ۋە كىتابلىرىدا بىلدۈرگەن ئىسلام دىنىدۇر. الله ئۇنىڭدىن باشقىسىنى قوبۇل قىلمايدۇ. پەقەت شۇ يولغا ئەگەشكەنلەر (قىيامەتتە) نىجاتلىققا ئېرىشىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا يولغا ماڭغانلار قايمۇقىدۇ ۋە تارقىلىپ كېتىدۇ.

الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿بۇ مېنىڭ توغرا يولۇمدۇر، شۇ يولدا مېڭىڭلار، ناتوغرا يولدا ماڭماڭلار، ئۇلار سىلەرنى الله نىڭ يولىدىن ئايرىۋېتىدۇ.﴾[1]

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىر سىزىق سىزىپ، ئاندىن مۇنداق دېدى: «مانا بۇ الله نىڭ توغرا يولىدۇر.» ئاندىن ئوڭ ۋە سول تەرەپلىرىگە بىر مۇنچە سىزىقلارنى سىزىپ مۇنداق دېدى: «بۇ يوللارنىڭ ھەر بىرىدە كىشىلەرنى شۇ يوللارغا ئۈندەيدىغان شەيتانلار بار.» ئاندىن الله تائالانىڭ: ﴿بۇ مېنىڭ توغرا يولۇمدۇر، شۇ يولدا

---

[1] سۈرە ئەنئام، 153 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

مېڭىشىڭلار، ناتوغرا يوللاردا ماڭماڭلار، ئۇلار سىلەرنى اللە نىڭ يولىدىن ئايرىۋېتىدۇ.﴾[1] دېگەن ئايىتىنى ئوقۇدى.

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم يەنە مۇنداق دېگەنىدى: «اللە تائالا توغرا يولنى مىسال كۆرسىتىپ بەردى. بۇ يولنىڭ ھەر ئىككى تەرىپىدە قوۋۇقلىرى ئوچۇق سېپىل بار. قوۋۇقلارنىڭ ئۈستىگە پەردە تارتىلغان بولۇپ، يولنىڭ دەرۋازىسىدا مۇنداق دەپ چاقىرىدىغان بىر دەۋەتچى بولىدۇ: ئەي ئىنسانلار! ھەممىڭلار بىرلىكتە توغرا يولغا كىرىڭلار، بىر ـ بىرىڭلاردىن ئايرىلىپ كەتمەڭلار. يولنىڭ ئۈستىدىمۇ بىر دەۋەتچى بار بولۇپ، ئەگەر بىرەر كىشى ئۇ قوۋۇقلاردىن بىرىنى ئېچىشقا تەمشەلسىلا، ئۇنىڭغا مۇنداق دەيدۇ: سېنىڭ ھالىڭغا ۋاي! ئۇ قوۋۇقنى ئاچما! ئەگەر ئۇنى ئاچساڭ، ئۇ يەردىن كىرىپ كېتىسەن. مانا بۇ (مىسالدىكى) توغرا يول ئىسلامدۇر. ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى سېپىللار اللە نىڭ چەك ـ چېگرىلىرى، قوۋۇقلار اللە ھارام قىلغان ئىشلار، يولنىڭ باش تەرىپىدىكى دەۋەتچى اللە نىڭ كىتابى، يول ئۈستىدىكى دەۋەتچى بولسا، ھەر مۇسۇلماننىڭ قەلبىدىكى (اللە نىڭ) نەسىھەتچىسىدۇر.»

**198 ـ سوئال:**

**قانداق قىلغاندا بۇ توغرا يولدا ماڭغىلى ۋە ئۇ يولدىن يىراقلىشىپ كېتىشتىن ساقلانغىلى بولىدۇ؟**

بۇ پەقەت كىتاب ۋە ھەدىسكە چىڭ ئېسىلغاندا، ئۇلار كۆرسەتكەن يولدا مېڭىپ، چەكلىگەن ئىشلاردىن نېرى تۇرغاندىلا ئەمەلگە ئاشىدۇ. شۇنداق قىلغاندىلا، اللە قا

[1] سۈرە ئەنئام، 153 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

ھەقىقىي مەنىدە ئىمان ئېيتقان ۋە الله نىڭ پەيغەمبىرىنىڭ يولىدىن ماڭغان بولىدۇ. ﴿كىملەركى الله قا ۋە پەيغەمبىرىگە ئىتائەت قىلىدىكەن، ئۇلار (ئاخىرەتتە) الله نىڭ نېئمىتىگە ئېرىشكەن پەيغەمبەرلەر، سىددىقلار (يەنى يۇقىرى دەرىجىلىك پەيغەمبەرلەر ۋە شېھىتلەر)، شېھىتلەر ۋە ياخشىلار بىلەن بىللە بولىدۇ، ئۇلار نېمىدېگەن ياخشى ھەمراھلار؟!﴾[1]

بۇ ئايەتتە تەسۋىرلەنگەن: ﴿الله نىڭ نېئمىتىگە ئېرىشكەنلەر﴾ الله تائالانىڭ فاتىھە سۈرىسىدە «توغرا يول» غا نىسبەت بەرگەن شۇ كىشىلەردۇر: ﴿بىزنى توغرا يولغا باشلىغىن. غەزىپىڭگە يولۇققانلارنىڭ يولىغا ئەمەس، سەن ئىنئام قىلغانلارنىڭ يولىغا (باشلىغىن)﴾[2].

بەندە ئۇچۇن ئۇنىڭ توغرا يولغا باشلىنىشى ۋە تۈيۈق يوللاردىن يىراقلاشتۇرۇلۇشىدىنمۇ كاتتا نېئمەت يوقتۇر. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەممۇ ئۈممىتىنى شۇ سۆزلىرىدە تەسۋىرلەنگەن يول ئۈستىدە قويۇپ، بۇ ئالەم بىلەن خوشلاشقانىدى: «مەن سىلەرنى يوپيورۇق بىر يولغا باشلاپ قويدۇم. ئۇنىڭ كېچىسى كۈندۈزگە ئوخشايدۇ. مەندىن كېيىن بۇ يولدىن پەقەت ھالاك بولغان كىشىلا يىراقلىشىدۇ.»[3]

[1] سۈرە نىسا، 69 ــ ئايەت.
[2] سۈرە فاتىھە 6 ــ ۋە 7 ــ ئايەتلەر.
[3] ئىبنى ماجە، تىرمىزى ۋە ئەبۇداۋۇد رىۋايەت قىلغان.

# بىدئەت، ئۇنىڭ تۈرلىرى ۋە ھۆكمى

**199 ــ سوئال:**

**سۈننەتنىڭ زىتى نېمە؟**

سۈننەتنىڭ زىتى كېيىنچە ئوتتۇرىغا چىقىرىلغان بىدئەتتۇر. بىدئەت ـــ ﷲ تەرىپىدىن چەكلەنگەن شەرىئەتتۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «كىمكى بىزنىڭ ئىشىمىزدا يوق نەرسىنى پەيدا قىلسا، ئۇ چوقۇم رەت قىلىنىدۇ»[1] دېگەن سۆزىمۇ شۇنىڭغا قارىتىلغان. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم يەنە مۇنداق دېگەندى: «مېنىڭ سۈننىتىمگە ۋە مەندىن كېيىن ھىدايەتكە ئېرىشكەن خەلىپىلەرنىڭ سۈننىتىگە مەھكەم ئېسىلىڭلار. بۇ سۈننەتنى چىڭ تۇتۇڭلار ۋە ئۇنى ئېغىز چىشىڭلار بىلەن قامىۋېلىڭلار. كېيىن پەيدا بولغان ئىشلاردىن ھەزەر ئەيلەڭلار، چۈنكى كېيىن پەيدا بولغان ھەر بىر ئىش بىر ئازغۇنلۇقتۇر...»[2]

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم شۇ ھەدىسى ئارقىلىق بىدئەتلەرنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەندى: «ئۇممىتىم 73 پىرقىگە بۆلۈنۈپ كېتىدۇ. ئۇلارنىڭ بىرىدىن باشقىسى دوزاختا چۈشىدۇ.» ۋە مۇنۇ سۆزلىرى ئارقىلىق بۇ ھەدىسنى تولۇقلىماقتا: «ئۇ

[1] بۇخارى، مۇسلىم، ئەبۇداۋۇد، ئىبنى ماجە رىۋايەت قىلغان.
[2] ئەبۇداۋۇد، تىرمىزى، ئىبنى ماجە، دارىمى رىۋايەت قىلغان.

پىرقىدىكىلەر مەن ۋە ساھابىلىرىم بىلەن بىر يولدا ماڭغۇچىلاردۇر.»

الله تائالا تۆۋەندىكى ئايىتى ئارقىلىق ئۇنىڭ بىدئەت ئەھلىدىن يىراقلاشتۇرۇلغانلىقىنى بىلدۈرمەكتە: ﴿دىندا بۆلگۈنچىلىك قىلىپ تۈرلۈك پىرقىلارغا ئايرىلغانلاردىن سەن ئادا ـ جۇداسەن؛ ئۇلارنىڭ ئىشى پەقەت الله قىلا خاستۇر (يەنى اللەنىڭ باشقۇرۇشىدىدۇر)، كېيىن (يەنى ئاخىرەتتە) الله ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرىنى ئۆزىگە ئېيتىپ بېرىدۇ.﴾[1]

**200 ـ سوئال:**

**بىدئەت دىنغا دەخلى ـ تەرۇز قىلىش ئېتىبارى بىلەن قانچە قىسىمغا بۆلۈنىدۇ؟**

بىدئەت ـــ كۇپىرلىققا ئېلىپ بارىدىغان بىدئەت ۋە ئۇنىڭدىن تۆۋەن دەرىجىلىك بىدئەتتىن ئىبارەت ئىككى قىسىمغا بۆلۈنىدۇ.

**201 ـ سوئال:**

**كۇپىرلىققا ئېلىپ بارىدىغان بىدئەتلەر قايسىلار؟**

بۇلار بەكمۇ كۆپ بولۇپ، ئومۇمىي قائىدىسى مۇنداق بولىدۇ: كىمكى شەرىئەت قانۇنى ئىكەنلىكى مۇتەۋاتىر يوللار ئارقىلىق بەلگىلەنگەن، كۆپچىلىك بىرلىككە كەلگەن ۋە دىندىن ئىكەنلىكى ئېنىق بولغان بىر ئىشنى ئىنكار قىلسا كاپىر بولغان بولىدۇ. چۈنكى بۇ ئىنكار ـــ قۇرئاننى، الله نىڭ ئەلچىسى ئارقىلىق چۈشۈرگەنلىرىنى ئىنكار قىلغان بىلەن باراۋەردۇر. جەھمىيە پىرقىسىنىڭ ئۇلۇغ الله نىڭ سۈپەتلىرىنى

[1] سۈرە ئەنئام، 159 ـ ئايەت.

ئىنكار قىلىشى، قۇرئان پاكى اللە نىڭ سۈپەتلىرىدىن بىرنى مەخلۇق دەپ قاراش، ئۇلۇغ اللە نىڭ ھەزرىتى ئىبراھىمنى دوست تۇتقانلىقىنى، مۇسا ئەلەيھىسسالام بىلەن بىۋاستە سۆزلەشكەنلىكىنى ئىنكار قىلىش ۋە باشقىلىرى بۇنىڭغا كىرىدۇ.

ئۇلۇغ اللە نىڭ ئىلمىنى، پەيغەمبەرلىرىنى، قازا ۋە قەدەرلىرىنى ئىنكار قىلىدىغان قەدىرىيە پىرقىسىنىڭ بىدئەتلىرى، ئۇلۇغ اللە نى مەخلۇقاتلىرىغا ئوخشىتىدىغان مۇجەسسىمە پىرقىسىنىڭ بىدئەتى ۋە باشقا ئازغۇن پىرقىلەرنىڭ قاراشلىرىمۇ بۇنىڭ ئىچىگە كىرىدۇ.

بۇلاردىن بەزىلىرىنىڭ ئاساسلىق مەقسىتىنىڭ دىنىنىڭ ئۇلىنى يىقىتىش ۋە دىن مەنسۇپلىرىنىڭ كاللىسىدا شۈبھە پەيدا قىلىش ئىكەنلىكى ھەممىگە ئايان. شۇڭا بۇلارنىڭ كاپىر ئىكەنلىكى ئېنىق. ھەتتا بۇلار دىن بىلەن ھېچقانداق مۇناسىۋىتى بولمىغان ئەشەددىي دۈشمەنلىرىدۇر.

بەزىلىرى باشقىلارغا ئالدىنىپ كېتىپ، تۈپۈك يولدا قايمۇقۇپ يۈرگەنلەر بولۇپ، ئالدى بىلەن ئۇلارغا قارشى دەلىل ئوتتۇرىغا قويۇپ، رەددىيە بەرگەندىن كېيىن، ئاندىن ئۇلارنىڭ ئۈستىدىن ھۆكۈم چىقىرىش كېرەك.

**202 ـ سوئال:**

## كاپىرلىققا ئېلىپ بارمايدىغان بىدئەتلەر قايسىلار؟

بۇ ـــ قۇرئاننى پاكى اللە نىڭ ئەلچىلىرى ئارقىلىق ئەۋەتكەنلىرىدىن بىرەرىنى ئىنكار قىلىش دەرىجىسىگە بېرىپ يەتمىگەن ۋە ئالدىنقى تۈرگە كىرمەيدىغان بىدئەتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. مەسىلەن، ساھابىلەرنىڭ بەزىلەتلىرى

قاتارىدا سانالمىغان ۋە رەت قىلىنغان، ئەمما ھەرقانداق بىر سەۋەب بىلەن كۈپرىلىق قىلمىغانلىقى ۋە بۇ بىدئەت سەۋەبى بىلەن بەيئەتنىڭ شەرتى بولغان ئىتائەتتىن باش تارتمىغان مەرۋانىلەر پىرقىسىنىڭ بىدئىتى[1] ئەنە شۇ تۈرگە كىرىدۇ.

بەزى نامازلارنى ئاخىرقى ۋاقتىغىچە كېچىكتۈرۈش، ھېيت نامازلىرىدىن بۇرۇن خۇتبە ئوقۇش، جۇمە ۋە باشقا نامازلارنىڭ خۇتبىلىرىنى ئولتۇرغان ھالدا ئوقۇش، مۆتىۋەر ساھابىلەرگە تىل تەگكۈزۈش، شەرئەتتە مۇشۇنداق بەلگىلەنگەن دېگەن ئېتىقادتا ئەمەس، بەلكى بۇرمىلاش، نەپسانىي ئارزۇ ۋە دۇنياۋىي مەقسەدلەر بىلەن قىلىنغان ئىشلارمۇ شۇنىڭ ئىچىگە كىرىدۇ.

**203 ــ سوئال:**

**بىدئەت يۈز بېرىش ئېتىبارى بىلەن قانچە قىسىمغا بۆلۈنىدۇ؟**

ئىبادەتتىكى بىدئەت ۋە مۇئامىلىدىكى بىدئەت دەپ ئىككى قىسىمغا بۆلۈنىدۇ.

**204 ــ سوئال:**

**ئىبادەتتىكى بىدئەت قانچە قىسىمغا بۆلۈنىدۇ؟**

ئىبادەتتىكى بىدئەت ئىككى قىسىمغا بۆلۈنىدۇ. بىرىنچىسى، اللە رۇخسەت قىلمىغان يول ۋە شەكىللەر بىلەن ئىبادەت قىلىش. مەسىلەن، نادان سوپىلارنىڭ ئۇسسۇل،

[1] مەرۋانىلەر ــ مەرۋان ئىبنى ئەل ھەكەمنىڭ ئەگەشكۈچىلىرى بولۇپ، مەرۋان مۇئاۋىيە تەرىپىدىن مەدىنىگە ۋالى قىلىپ تەيىنلەنگەندى. ئۇنىڭ ئەگەشكۈچىلىرى نامازلارنى ۋاقتىدا ئوقۇماي، ئاخىرقى ۋاقتىغىچە كېچىكتۈرۈپ ئوقۇش، ھېيت نامازلىرىدىن بۇرۇن خۇتبە ئوقۇش، مۆتىۋەر ساھابىلەرگە تىل تەگكۈزۈش قاتارلىق بەزىبىر بىدئەتلەرنى كەلتۈرۈپ چىقارغان.

چاۋاك، ناخشا، ھەرخىل چالغۇ ئەسۋابلىرى ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش نەرسىلەر بىلەن ئىبادەت قىلغىنىدەك. ئۇلار بۇ ئىشلىرى ئارقىلىق ئۇلۇغ اللہ نىڭ شۇ سۆزلىرىدە تەسۋىرلەنگەن كىشىلەرگە ئوخشايدۇ: ﴿ئۇلارنىڭ مەسجىدى ھەرامنىڭ يېنىدىكى ئىبادىتى ئىسقىرتماق، چاۋاك چالماقتىنلا ئىبارەت بولدى.﴾[①]

ئىككىنچىسى بولسا، ئەسلىدە شەرىئەتتە يولغا قويۇلغان، ئەمما توغرا كەلمەيدىغان يەردىمۇ اللہ قا شۇ پېتى ئىبادەت قىلىشتۇر. مەسىلەن، ئىبادەتتە باشنى ئوچۇق قويۇش مەسىلىسى بۇنىڭ مىسالى بولالايدۇ. ئېھرامغا كىرگەندە باشنى ئوچۇق قويۇش ئىسلامدا بەلگىلەنگەن بولسىمۇ، ئېھرامنىڭ سىرتىدىكى كىشىنىڭ ناماز، روزا ياكى باشقا ئىبادەتلىرىدە: «مۇشۇنداق قىلسام ئىبادەت ھېسابلىنىدۇ» دەپ باشنى ئوچۇق قويۇشى بىدئەت تەھرىمە ھېسابلىنىدۇ (ئەمما ئۇنداق نىيەت قىلماي، ئىبادەتتە باشنى ئوچۇق قويسا، بۇ بىدئەت ھېسابلانمايدۇ ــ ت). بەلگىلەنگەن باشقا ئىبادەتلەرنى بەلگىلەنگەن زامان ۋە ماكاننىڭ سىرتىدا قىلىشمۇ بۇ تۈر بىدئەتنىڭ ئىچىگە كىرىدۇ. مەسىلەن، چەكلەنگەن ۋاقىتلاردا نەفلە ناماز ئوقۇش، ھېيت ــ بايرام ۋە گۇمانلىق كۈنلەردە روزا تۇتۇش[②] ۋە باشقىلار.

**205 ــ سوئال:**

**ئىبادەت بىلەن بىللە قىلىنغان بىدئەت قانچە تۈرلۈك بولىدۇ؟**

---

[①] سۈرە ئەنفال، 35 ــ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

[②] گۇمانلىق كۈنلەر ــ مەسىلەن، رامىزاننىڭ كىرگەن ياكى كىرمىگەنلىكىنى بىلەلمىگەن كۈنلەردە روزا تۇتۇشقا ئوخشاش ئىشلارنى كۆرسىتىدۇ.

ئىككى تۈرلۈك بولىدۇ. بىرىنچىسى، ئىبادەتنى پۈتۈنلەي ئىناۋەتسىز قىلىدىغان بىدئەت بولۇپ، بامدات نامىزىغا ئۈچىنچى، نامازشامغا تۆتىنچى، باشقا تۆت رەكئەتلىك نامازلاردا بەشىنچى رەكئەتنى قەستەن قوشۇپ ئوقۇش، ياكى رەكئەت سانىنى قەستەن كېمەيتىۋېتىش بۇنىڭ مىسالىدۇر.

ئىككىنچىسى بولسا، بىدئەت بۆلۈمىنىڭلا باتىل بولۇشى، ئەمما ئۇنىڭ بىلەن قىلىنغان ئەمەلنىڭ دۇرۇست بولۇشى. مەسىلەن، بىر كىشىنىڭ تاھارەت ئالغاندا بىر ئەزاسىنى ئۈچ قېتىمدىن ئارتۇق يۇيۇشى بۇنىڭغا مىسال بولالايدۇ. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنداق تاھارەتنىڭ باتىل ئىكەنلىكىنى بىلدۈرمىگەن، ئەكسىچە: «كىم تېخىمۇ كۆپ قىلسا، ئۇ يامان ئىش قىلغان، ھەددىدىن ئاشقان ۋە زۇلۇم قىلغان بولۇپ ھېسابلىنىدۇ» دېگەنىدى.[1] ۋە شۇنىڭغا ئوخشىغان باشقا بىدئەتلەر...

**206 ـ سوئال:**

**مۇئامىلىدىكى بىدئەت دېگەن نېمە؟**

مۇئامىلىدىكى بىدئەت دېگىنىمىز ـــ الله نىڭ كىتابىدا ۋە الله نىڭ پەيغەمبىرىنىڭ سۈننىتىدە بولمىغان نەرسىلەرنى شەرت قوشۇشتۇر. مەسىلەن، بىر قۇلنىڭ ئىگىدارچىلىق ھوقۇقىنى ئۇ قۇلنى ئازاد قىلغۇچىدىن باشقا بىرىگە ئۆتۈنۈپ بېرىشنى شەرت قىلىش مۇشۇنىڭغا كىرىدۇ. بەرىرە ۋەقەسى ئەنە شۇنداق ئىدى. چۈنكى ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا بەرىرەنى ئازاد قىلىۋەتمەكچى بولغاندا، بەرىرەنىڭ ئىگىلىرى ئۇنىڭ ئىگىدارچىلىق ھوقۇقىنىڭ ئۆزلىرىدە قېلىشىنى شەرت قىلىپ

---

[1] نەسائى، ئەبۇداۋۇد ۋە ئىبنى ماجە رىۋايەت قىلغان.

**تۇرۇۋالغان. بۇنى ئاڭلىغان پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم خۇتبە ئوقۇش ئۈچۈن ئورنىدىن تۇرۇپ، ئاۋۋال الله تائالاغا ھەمدۇ سانا ئوقۇغاندىن كېيىن مۇنداق دېگەندى: «بەزى كىشىلەرگە نېمە بولدىكىن، ئۇلار الله نىڭ كىتابىدا بولمىغان ئىشلارنى شەرت قىلىدىغان بولۇۋالدى. الله نىڭ كىتابىدا بولمىغان بىر شەرت ـــ مەيلى ئۇ نېمە بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، يۈز شەرت بولسىمۇ ـــ باتىلدۇر. الله نىڭ ھۆكمى تېخىمۇ ھەقلىق، الله نىڭ شەرتى تېخىمۇ مۇستەھكەمدۇر. ئاراڭلاردىكى بەزى كىشىلەرگە نېمە بولدىكىن، ئۇلاردىن بىرى قوپۇپ: ئەي پالانچى! سەن قۇلنى ئازاد قىلغىن، ئەمما ئۇنىڭ ئىگىدارچىلىقى مەندە بولسۇن، ـ دەيدۇ. ئىگىدارچىلىق پەقەت قۇلنى ئازاد قىلغۇچىنىڭلا ھەققىدۇر.»[①]**

**قايسىبىر ھارام ئىشنى ھالال قىلغان ياكى ھالال ئىشنى ھارام قىلغان ھەرقانداق شەرت مۇشۇنىڭغا كىرىدۇ.[②]**

① بۇخارى، مۇسلىم، ئەبۇداۋۇد، تىرمىزى، نەسائى رىۋايەت قىلغان.

② بىر كىشىگە قەرز بېرىپ، بەرگەن مىقداردىن تېخىمۇ كۆپىنى قايتۇرۇۋېلىشنى شەرت قىلىش ـــ ھارامنى ھالال قىلغانلىق بولىدۇ. بىر كىشىگە ئۇنىڭ مۇناسىۋەت قىلماسلىقى شەرتى بىلەن جارىيە سېتىش ـ ھالالنى ھارام قىلغانلىق بولىدۇ.

# ساھابىلەر ۋە ئەھلى بەيت

**207 ــ سوئال:**

**الله نىڭ پەيغەمبىرى سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ساھابىلىرى ۋە ئەھلى بەيتى ھەققىدە رىئايە قىلىنىشقا تېگىشلىك ئىشلار قايسىلار؟**

بىزنىڭ قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلىرىمىز: دىلىمىز ۋە تىلىمىزنىڭ ئۇلارنى يامانلىق بىلەن خاتىرىلىشىدىن ھەزەر ئەيلىشىمىز، ئۇلارنىڭ پەزىلەتلىرىنى قانات يايدۇرۇش، ئۇلارنىڭ يامانلىق تەرەپلىرىدىن (ئەگەر بولسا) ياكى ئۇلارنىڭ ئارىسىدا چىققان ئۇقۇشماسلىقلاردىن يىراقلىشىش، ئۇلارنىڭ پەزىلەتلىرىنى الله تائالانىڭ تەۋرات، ئىنجىل ۋە قۇرئان كەرىمدە، ئاساسلىق ھەدىس كىتابلىرى ۋە باشقىلىرىدا، مەشھۇر ھەدىس كىتابلىرىدىكى سەھىھ ھەدىسلەردە تەسۋىرلىگىنىدەك تەسۋىرلەش قاتارلىقلاردۇر.

الله تائالا مۇنداق دەيدۇ:

﴿مۇھەممەد الله نىڭ رەسۇلىدۇر، ئۇنىڭ بىلەن بىرگە بولغان مۇئمىنلەر كۇففارلارغا قاتتىقتۇر، ئۆز ئارا كۆيۈمچاندۇر، ئۇلارنى رۇكۇ قىلغان، سەجدە قىلغان ھالدا كۆرىسەن. ئۇلار الله نىڭ پەزلىنى ۋە رازىلىقىنى تىلەيدۇ، ئۇلارنىڭ يۈزلىرىدە سەجدىنىڭ ئەسىرىدىن نىشانلار بار، ئەنە شۇ ئۇلارنىڭ تەۋراتتىكى سۈپىتىدۇر، ئۇلارنىڭ ئىنجىلدىكى سۈپىتى بولسا (ئۇلار) شاخ چىقارغان، كۆچلىنىپ چوڭايغان، ئاندىن ئۆز غولى بىلەن ئۆرە تۇرغان، بولۇقلۇقى ۋە كۆركەم

كۆرۈنۈشى بىلەن، دېھقانلارنى مەمنۇن قىلغان بىر زىرائەتكە ئوخشايدۇ، (مۇئمىنلەرنى مۇنداق زىرائەتكە ئوخشىتىش) كۇففارلارنى خاپا قىلىش ئۈچۈندۇر. اللّٰه ئۇلارنىڭ ئىچىدىن ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلارغا مەغپىرەت ۋە كاتتا ئەجىر ۋەدە قىلدى.﴾[1]

اللّٰه تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ:

﴿ئىمان ئېيتقانلار، (مەدىنىگە) ھىجرەت قىلغانلار، اللّٰه نىڭ يولىدا جىھاد قىلغانلار، (يۇرتىدا مۇھاجىرلارغا) جاي بەرگەنلەر ۋە ياردەم كۆرسەتكەنلەر (يەنى ئەنسارلار) ــ ئەنە شۇلار ھەقىقىي مۇئمىنلەردۇر. ئۇلار (نىڭ گۇناھى) مەغپىرەت قىلىنىدۇ، ئۇلار (جەننەتتە) ئېسىل رىزىققا ئىگە بولىدۇ.﴾[2]

﴿ھەممىدىن ئىلگىرى ئىمان ئېيتقان مۇھاجىرلار ۋە ئەنسارلاردىن، ياخشىلىق قىلىش بىلەن ئۇلارغا ئەگەشكەنلەر (يەنى تابىئىنلار ۋە قىيامەتكىچە ئۇلارنىڭ يولىدا ماڭغانلار) دىن اللّٰه رازى بولدى، ئۇلارمۇ اللّٰه تىن مەمنۇن بولدى، اللّٰه ئۇلارغا ئاستىدىن ئۆستەڭلار ئېقىپ تۇرىدىغان جەننەتلەرنى تەييارلىدى، ئۇلار جەننەتتە مەڭگۈ قالىدۇ. بۇ چوڭ بەختتۇر.﴾[3]

﴿(گۇناھلىرىدىن) تەۋبە قىلغۇچىلار، (ئىخلاس بىلەن) ئىبادەت قىلغۇچىلار، (اللّٰه قا) ھەمدۇسانا ئېيتقۇچىلار، روزا تۇتقۇچىلار، رۇكۇ قىلغۇچىلار، سەجدە قىلغۇچىلار، ياخشى ئىشلارغا دەۋەت قىلىپ، يامان ئىشلاردىن توسقۇچىلار، اللّٰه نىڭ بەلگىلىمىلىرىگە رىئايە قىلغۇچىلار (يەنى اللّٰه نىڭ بېكىتكەن

[1] سۈرە فەتىھ، 29 ــ ئايەت.
[2] سۈرە ئەنفال، 74 ــ ئايەت.
[3] سۈرە تەۋبە، 100 ــ ئايەت.

پەرزلىرىنى ئادا قىلىپ، نەھيى قىلغان ئىشلىرىدىن يانغۇچىلار ھەم ئەھلى جەننەتتۇر)؛ مۆئمىنلەرگە (جەننەت بىلەن) خۇش خەۋەر بەرگىن!﴾[1]

﴿(ئۇ غەنىمەتنىڭ بىر قىسمى) دىيارىدىن ھەيدەپ چىقىرىلغان، مال ـ مۈلكىدىن ئايرىلغان پېقىر مۇھاجىرلارغا خاستۇر، ئۇلار الله نىڭ پەزلىنى ۋە رازىلىقىنى تىلەيدۇ، الله قا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ياردەم بېرىدۇ، ئەنە شۇلار (ئىماندا) سادىق ئادەملەردۇر. ئۇلاردىن (يەنى مۇھاجىرلاردىن) مەدىنىدە يەرلىك بولغان، ئىمانى كۈچلۈك بولغانلار (يەنى ئەنسارلار) يېنىغا ھىجرەت قىلىپ كەلگەنلەرنى (يەنى مۇھاجىرلارنى) دوست تۇتىدۇ، ئۇلارغا بېرىلگەن نەرسىلەر ئۈچۈن ئىچى تارلىق قىلمايدۇ، ئۇلار موھتاج تۇرۇقلۇق (مۇھاجىرلارنىڭ مەنپەئەتىنى) ئۆزلىرىنىڭ (مەنپەئەتى) دىن ئەلا بىلىدۇ، ئۆز نەپسىنىڭ بېخىللىقىدىن ساقلانغانلار مەقسەتكە ئېرىشكۈچىلەردۇر.﴾[2]

بىز شۇنى بىلىمىز ۋە ئىشىنىمىزكى، الله تائالا بەدرى ئەھلىدىن رازى بولغان بولۇپ، ئۇلارغا مۇنداق دېگەندى: «خالىغىنىڭلارنى قىلىڭلار، مەن سىلەرگە مەغپىرەت ئاتا قىلدىم.»[3] بەدرى غازىتىغا قاتناشقانلارنىڭ سانى **310** نەچچە كىشى ئىدى.

بىز يەنە شۇنى بىلىمىز ۋە شۇنىڭغا ئىشىنىمىزكى، دەرەخ ئاستىدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بەيئەت قىلغانلارنىڭ ھېچبىرى دوزاخقا كىرمەيدۇ. چۈنكى الله تائالا ئۇلاردىن رازى

[1] سۈرە تەۋبە، 117 ـ ئايەت.
[2] سۈرە ھەشر، 8 ـ ۋە 9 ـ ئايەتلەر.
[3] مۇسلىم، ئەبۇداۋۇد ۋە تىرمىزى رىۋايەت قىلغان.

بولغان، ئۇلارمۇ الله تائالادىن مەمنۇن بولغاندى. بۇلارنىڭ سانى **1400** كىشى ئەتراپىدا ئىدى، يەنە بىر رىۋايەتتە **1500** كىشى ئىكەنلىكى بايان قىلىنغان. الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿الله مۇئمىنلەردىن ھەقىقەتەن رازى بولدى، (ئى مۇھەممەد!) ئۇز ۋاقتىدا ئۇلار (ھۇدەيبىيەدە) دەرەخ (سايىسى) ئاستىدا ساڭا بەيئەت قىلدى. الله ئۇلارنىڭ دىلىدىكىنى (يەنى راستلىق بىلەن ۋاپانى) بىلدى، الله ئۇلارغا (ئۇلار بەيئەت قىلىۋاتقاندا) تەمكىنلىك چۈشۈرۈپ بەردى ۋە ئۇلارنى يېقىن غەلىبە (يەنى خەيبەرنىڭ پەتھى قىلىنىشى) بىلەن ۋە ئۇلار ئالىدىغان نۇرغۇن غەنىمەتلەر بىلەن مۇكاپاتلىدى. الله غالىبتۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر.﴾[1]

بىز ئۇلارنىڭ بارلىق ئۇممەتلەرنىڭ ئەڭ پەزىلەتلىكى ئىكەنلىكىگىمۇ گۇۋاھلىق بېرىمىز. ئۇلاردىن كېيىن كەلگەنلەر ئۇھۇد تېغىدەك ئالتۇننى الله يولىدا سەرپ قىلسىمۇ، ئۇلار سەرپ قىلغان بىر ياكى يېرىم مۇد (بىر مۇد ـــ تەخمىنەن **504** گرامغا تەڭ) قا تەڭ بولالمايدۇ.

شۇنىڭ بىلەن بىرگە، بىز ئۇلارنىڭ پاك (پەقەتلا گۇناھ ئۆتكۈزمىگەن) ئىكەنلىكىگە ئىشەنمەيمىز. بەلكى دەل ئەكسىچە، ئۇلار خاتالىق ئۆتكۈزگەن بولۇشىمۇ مۇمكىن. ئەمما ئۇلار ئىجتىھادلىق كىشىلەردۇر. ئۇلارنىڭ توغرا يولنى تاپقانلىرى ئىككى ئەجىرگە ئېرىشىدۇ، خاتالىق ئۆتكۈزگىنى بولسا، ئىجتىھادى تۈپەيلىدىن بىر ئەجىرگە ئېرىشىدۇ، خاتالىقىمۇ مەغپىرەت قىلىنىدۇ. ئاساسەن ئۇلارنىڭ پەزىلەتلىرى، سالىھ ئەمەللىرى ۋە نۇرغۇن ياخشى تەرەپلىرى ئۇلارنىڭ يامانلىقلىرىنى (ئەگەر ئۇلاردىن يامانلىق سادىر

[1] سۈرە فەتىھ، 18 ـ ۋە 19 ـ ئايەتلەر.

بولغان بولسا ) يېپىپ كېتەلەيدۇ. دېڭىزغا چۈشكەن ئازغىنە نىجاسەت تۈپەيلىدىن پۈتۈن دېڭىز بۇلغىنىپ كېتەمدۇ؟ الله ئۇلاردىن رازى بولسۇن ھەم ئۇلارنى مەمنۇن قىلسۇن!

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئاياللىرى ۋە ئۇلۇغ الله گۇناھلاردىن تازىلاپ، ئەڭ پاك ھالەتكە كەلتۈرگەن كىشىلەر (سۈرە ئەھزابنىڭ 59 ـ ئايىتىگە قاراڭ) ھەققىدىمۇ شۇنداق دەپ ئېيتىمىز. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ساھابىلىرى ۋە ئەھلى بەيتى ھەققىدە تىلى ياكى دىلى ئارقىلىق گوستاھلىق قىلغۇچىلاردىن يىراقمىز. ئۇلارنى ياخشى كۆرگەنلىكىمىزگە، ئۇلارنى ئۆزىمىزگە ۋەلى قىلغانلىقىمىزغا ۋە ئۇلارنى كۆچىمىزنىڭ يېتىشىچە قوغدىغانلىقىمىزغا الله تائالانى گۇۋاھچى قىلىمىز. چۈنكى الله نىڭ پەيغەمبىرى سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىزگە: «ساھابىلىرىمغا تىل تەگكۈزمەڭلار»، «ساھابىلىرىم ھەققىدە الله تىن قورقۇڭلار، الله تىن!...»[1] دەپ ۋەسىيەت قىلغان. بىر ھەدىستە پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «مەن سىلەرگە ئىككى چوڭ ئامانەت قويدۇم. بۇنىڭ بىرى الله نىڭ كىتابىدۇر. الله نىڭ كىتابىنىڭ ئەمرلىرىنى ئورۇنلاڭلار ۋە ئۇنىڭغا مەھكەم ئېسىلىڭلار. ئىككىنچىسى، ئەھلى بەيتىمدۇر. مەن ئەھلى بەيتىم ھەققىدە سىلەرگە الله نى ئەسلىتىپ ئۆتىمەن.»[2]

## 208 ـ سوئال:

**ئۇمۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، ساھابىلەرنىڭ ئەڭ پەزىلەتلىكلىرى كىملەردۇر؟**

---

[1] تىرمىزى رىۋايەت قىلغان.

[2] مۇسلىم ۋە دارىمى رىۋايەت قىلغان.

ساھابىلەرنىڭ ئەڭ پەزىلەتلىكلىرى مۇھاجىرلارنىڭ چوڭلىرى (ئەس سابىقۇن، ئەل ئەۋۋەلۇن[1]) دۇر. ئۇندىن كېيىن ئەنسارلار، ئاندىن بەدرى غازىتىغا قاتناشقانلار، ئاندىن ئۇھۇد غازىتىغا، ئۇندىن كېيىن رىزۋان بەيئىتىگە قاتناشقانلار، ئاندىن ئۇلاردىن كېيىن كەلگەنلەر، ئاندىن: ﴿سىلەردىن (مەككە) پەتھى قىلىنىشتىن ئىلگىرى پۇل ـ مال سەرپ قىلغانلار ۋە (الله نىڭ پەيغەمبىرى بىلەن بىرلىكتە تۇرۇپ دۈشمەنلەر بىلەن) ئۇرۇش قىلغانلار (مەككە پەتھى قىلىنغاندىن كېيىن پۇل ـ مال) نەپىقە قىلغانلار ۋە ئۇرۇشقانلار (بىر ـ بىرى) بىلەن باراۋەر ئەمەس، ئەنە شۇلارنىڭ دەرىجىسى (مەككە پەتھى قىلىنغاندىن) كېيىن نەپىقە قىلغان ۋە ئۇرۇشقانلارنىڭ (دەرىجىسىدىن) چوڭدۇر، (ئۇلارنىڭ) ھەر بىرىگە الله جەننەتنى ۋەدە قىلدى.﴾[2]

## 209 ـ سوئال:

**تەپسىلىي قىلىپ ئېيتقاندا، ساھابىلەرنىڭ ئەڭ پەزىلەتلىكلىرى قايسىلار؟**

ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر (رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما) مۇنداق دېگەن: «بىز پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ زامانىدا ھېچكىمنى ھەزرىتى ئەبۇبەكرىگە تەڭ قىلمايتتۇق. ئۇندىن كېيىن ئۆمەر، ئاندىن ئوسمان كېلەتتى. قالغانلىرىغا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ساھابىلىرى ئارىسىدا پەزىلەت ئايرىمچىلىقى قىلماي، ھەممىگە تەڭ قارايتتۇق.»[3]

---

[1] ئەس سابىقۇن ۋە ئەل ئەۋۋەلۇن ـــ ئەڭ بۇرۇن ئىمان ئېيتقانلار ۋە ئەڭ بۇرۇن ھىجرەت قىلغانلارنى كۆرسىتىدۇ.

[2] سۈرە ھەدىد، 10 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

[3] بۇخارى رىۋايەت قىلغان.

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھەزرىتى ئەبۇبەكرىگە غاردا مۇنداق دېگەنىدى: «ئۈچىنچىسى الله بولغان ئىككى كىشى ھەققىدىكى قانداق قارايسەن؟»[1] پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم يەنە مۇنداق دېگەنىدى: «ئەگەر مەن ئۈممەتلىرىمدىن بىرىنى دوست تۇتماقچى بولغان بولسام، شۈبھىسىزكى ئەبۇبەكرىنى (دوست) تۇتقان بولاتتىم. ئەمما ئۇ مېنىڭ قېرىندىشىم ۋە ھەمراھىمدۇر.»[2] «الله مېنى سىلەرگە پەيغەمبەر سۈپىتىدە ئەۋەتتى، سىلەر: يالغان ئېيتتىڭ، - دېدىڭلار. ئەمما ئەبۇبەكرى: توغرا ئېيتتىڭ، - دېدى. ئۇ ھەممىشە جېنى ۋە مېلى بىلەن مېنى قوغدىدى. سىلەر ھەمراھىمنى ماڭا قويۇپ قويامسىلەر؟» دەپ ئىككى قېتىم تەكرارلىدى.[3]

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم يەنە مۇنداق دېدى: «ئەي ئىبنى خەتتاب (ئۆمەر)! جېنىم ئىلكىدە بولغان الله قا قەسەم قىلىمەنكى، ئەگەر شەيتان سەن بىلەن بىر يولدا ئۇچرىشىپ قالسا، ئۇ (شەيتان) دەرھال باشقا يولغا ئۆتۈپ كېتىدۇ.»[4] پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم يەنە مۇنداق دېدى: «سىلەردىن بۇرۇنقىلارنىڭ ئارىسىدا ئىلھام بېرىلگەن كىشىلەر بار ئىدى. ئەگەر مېنىڭ ئۈممىتىمنىڭ ئارىسىدىمۇ شۇنداق بىرى بار دېسەك، شۈبھىسىزكى، ئۇ ئۆمەردۇر.»[5]

[1] بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.
[2] بۇخارى، مۇسلىم، تىرمىزى، ئىبنى ماجە رىۋايەت قىلغان.
[3] بۇخارى رىۋايەت قىلغان.
[4] بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.
[5] بۇخارى، مۇسلىم ۋە تىرمىزى رىۋايەت قىلغان.

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بۆرە بىلەن كالىنىڭ سۆھبىتى ھەققىدىكى ھەدىسىدە مۇنداق دېگەندى: «بۇنىڭغا مەن ئىشەنگەندەك، ئەبۇبەكرى بىلەن ئۆمەرمۇ ئىشىنىدۇ.»[1] ھالبۇكى، ھەر ئىككىسى ئۇ يەردە يوق ئىدى.

رىزۋان بەيئىتى ۋاقتىدا ھەزرىتى ئوسمان مەككىدە ئىدى. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئوڭ قولىنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ: «بۇ ئوسماننىڭ قولىدۇر» دېدى. ئاندىن ئوڭ قولىنى سول قولىنىڭ ئۈستىگە قويۇپ: «مانا بۇ (بەيئەت) ئوسمان ئۈچۈندۇر» دېدى.[2] پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «كىم رۇمە قۇدۇقىنى ئاچسا، ئۇنىڭغا جەننەت بېرىلىدۇ» دېگەندى، بۇ قۇدۇقنى ھەزرىتى ئوسمان ئاچتى.[3] پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم يەنە: «تەبۇك غازىتىغا ئاتلانغۇچىلارنى قورال ـ ياراق بىلەن تەمىنلىگەن كىشىگە جەننەت بېرىلىدۇ» دېۋىدى، ھەزرىتى ئوسمان دەرھال غازىيلارنى قورال ـ ياراق بىلەن تەمىنلىدى.[4] پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنىڭ ھەققىدە يەنە مۇنداق دېگەندى: «پەرىشتىلەرمۇ ئۇيىلىدىغان ئادەمدىن مەن ئۇيالمىسام بولامدۇ؟»[5]

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا: «سەن مەندىن، مەن سەندىن مەن» دېگەندى.[6] يەنە ئۇنىڭ الله نىڭ ۋە الله نىڭ رەسۇلىنى ياخشى

[1] بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.
[2] بۇخارى ۋە تىرمىزى رىۋايەت قىلغان.
[3] بۇخارى رىۋايەت قىلغان.
[4] بۇخارى رىۋايەت قىلغان.
[5] بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.
[6] بۇخارى ۋە تىرمىزى رىۋايەت قىلغان.

كۆرىدىغانلىقىنى، اللّٰه نىڭ ۋە اللّٰه نىڭ رەسۇلىنىڭمۇ ئۇنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ مۇنداق دېگەنىدى: «مەن كىمنىڭ خوجىسى بولسام، ئەلىمۇ شۇنىڭ خوجىسىدۇر.»[①]

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم يەنە مۇنداق دېگەنىدى: «مۇسا ئۈچۈن ھارۇننىڭ ئورنى قانداق بولسا، مەن ئۈچۈن سېنىڭ ئورنۇڭنىڭ شۇنداق بولۇشى سېنى مەمنۇن قىلمامدۇ؟ شۇنىسى مۇھەققەقكى، مەندىن كېيىن پەيغەمبەر كەلمەيدۇ.»[②]

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم يەنە مۇنداق دېگەن: «ئون كىشى جەننەتتىدۇر. يەنى پەيغەمبەر جەننەتتىدۇر، ئەبۇبەكرى، ئۆمەر، ئوسمان، ئەلى، تەلھە، زۇبەير ئىبنى ئاۋام، سەئد ئىبنى مالىك، ئابدۇرراھمان ئىبنى ئەۋف جەننەتتىدۇر.» سەئد ئىبنى زەيد مۇنداق دېگەن: «خالىسام ئونىنچى كىشىنىڭمۇ ئىسمىنى ئېيتىپ بېرەمەن.»[③] ئۇ، بۇ ئارقىلىق ئۆزىنى كۆزدە تۇتماقتا. اللّٰه ھەممىسىدىن رازى بولسۇن ـ ئامىن!

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم يەنە مۇنداق دېگەنىدى: «ئۇممىتىم ئارىسىدا مېنىڭ ئۇممىتىمگە ئەڭ مەرھەمەتلىك كىشى ئەبۇبەكرىدۇر. اللّٰه نىڭ دىنىدا ئەڭ سالاپەتلىكى ئۆمەردۇر. ئەڭ سەمىمىي ھايا ئىگىسى ئوسماندۇر. ھالال بىلەن ھارامنى ئەڭ ياخشى بىلىدىغىنى مۇئاز ئىبنى جەبەلدۇر. اللّٰه نىڭ كىتابىنى ئەڭ ياخشى ئوقۇيدىغىنى ئۇبەي ئىبنى كەئبتۇر. ئىسلام مىراس ھوقۇقىنى

[①] ئىبنى ماجە ۋە تىرمىزى رىۋايەت قىلغان.
[②] بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.
[③] ئەبۇداۋۇد، تىرمىزى ۋە ئىبنى ماجە رىۋايەت قىلغان.

ئەڭ ياخشى بىلىدىغىنى زەيد ئىبنى سابىتتۇر، ھەر ئۇممەتنىڭ سىر ساقلىغۇچى بىر كىشىسى بولىدۇ. بۇ ئۇممەتنىڭ سىر ساقلىغۇچى كىشىسى ئەبۇ ئۇبەيدە ئىبنى ئەل جەرراھتۇر.»[1]

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھەسەن بىلەن ھۈسەين (رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما) لەر ھەققىدە مۇنداق دېگەندى: «شۈبھىسىز، ئۇ ئىككىسى جەننەت ئەھلىنىڭ نەۋقىرانلىرىدۇر. يەنە شۈبھىسىزكى، ئۇ ئىككىسى ئۇنىڭ (يەنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ) رەيھانى ئىدى.»[2]

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم يەنە مۇنداق دېگەندى: «پەرۋەردىگارىم! مەن ئۇلارنى ھەقىقەتەن ياخشى كۆرىمەن، سەنمۇ ئۇلارنى ياخشى كۆرگىن!»[3]

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھەسەن رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ھەققىدە مۇنداق دېگەندى: «مېنىڭ بۇ ئوغلۇم (نەۋرەم) سەييىدتۇر. پات يېقىندا الله تائالا ئۇ ئارقىلىق مۇسۇلمانلاردىن ئىككى چوڭ تەرەپ ئارىسىدا بىر سۈلھى ئەمەلگە ئاشۇرىدۇ.»[4] دەرۋەقە، ئەھۋال پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئېيتقىنىدەك بولدى.

ئۇ ئىككىسىنىڭ ئانىسى (فاتىمە رەزىيەللاھۇ ئەنھا) ھەققىدىمۇ مۇنداق دېگەندى: «شۈبھىسىزكى، ئۇ جەننەت ئەھلى ئاياللىرىنىڭ گۈل تاجىسىدۇر.»[5]

---

[1] تىرمىزى ۋە ئىبنى ماجە رىۋايەت قىلغان.
[2] بۇخارى ۋە تىرمىزى رىۋايەت قىلغان.
[3] بۇخارى ۋە تىرمىزى رىۋايەت قىلغان.
[4] بۇخارى، ئەبۇداۋۇد ۋە تىرمىزى رىۋايەت قىلغان.
[5] بۇخارى، مۇسلىم ۋە تىرمىزى رىۋايەت قىلغان.

نۇرغۇنلىغان ساھابى كىرەمنىڭ ئومۇمىي ۋە شەخسىي پەزىلەتلىرىگە دائىر ساناپ تۈگەتكۈسىز دەرىجىدە كۆپ رىۋايەت ئېنىقلانغان. ھەر قانداق بىر ئىشتا ئۇلاردىن بىرىنىڭ پەزىلىتىنىڭ ئېنىقلىنىپ چىقىشى، ئۇنىڭ ھەر جەھەتتىن باشقىلاردىن تېخىمۇ پەزىلەتلىك بولۇشىنى شەرت قىلمايدۇ. ئەمما تۆت چوڭ خەلىپە بۇنىڭدىن مۇستەسنادۇر. بۇ تۆت خەلىپە ھەققىدىكى ھەدىسلەرنى يۇقىرىدا كۆرۈپ ئۆتتۇق. ھەزرىتى ئەلىگە كەلسەك، ئۇ مۇسۇلمانلارنىڭ بىردەك پىكرى بىلەن ئۇلاردىن (يەنى ئالدىنقى ئۈچىدىن) كېيىن يەر يۈزىدىكىلەرنىڭ ئەڭ پەزىلەتلىكى ھېسابلىنىدۇ.

# خەلىپىلىك

**210 ـ سوئال:**

**ﷲ نىڭ پەيغەمبىرى سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن كېيىن خەلىپىلىكنىڭ ۋاقتى قانچىلىك؟**

ئەبۇ داۋۇد ۋە باشقىلار سەئىد ئىبنى جۇمھەندىن، ئۇ سەفىنەدىن مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلماقتا: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەندى: «پەيغەمبەرنىڭ خەلىپىلىك دەۋرى ئوتتۇز يىلدۇر، ئاندىن ﷲ رەھبەرلىكنى خالىغىنىغا بېرىدۇ.»[1]

بۇ مۆھلەت ئەبۇبەكرى، ئۆمەر، ئوسمان ۋە ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملارنىڭ خەلىپىلىك ۋاقتىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئەبۇبەكرى ئىككى يىل ئۈچ ئاي، ئۆمەر ئون يىل ئالتە ئاي، ئوسمان ئون ئىككى يىل، ئەلى تۆت يىل توققۇز ئاي خەلىپىلىك قىلدى. بۇلار جەمئىي 29 يىل ئالتە ئاي بولىدۇ. ھەسەن ئىبنى ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا قىلىنغان بەيئەت نەتىجىسىدە يۈرگۈزۈلگەن ئالتە ئايلىق خەلىپىلىك بىلەن 30 يىل تولۇقلىنىدۇ.

ئىسلام تارىخىدىكى تۇنجى پادىشاھ مۇئاۋىيە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بولۇپ، ئۇ بارلىق پادىشاھلارنىڭ ئەڭ خەيرلىكى ۋە ئەڭ پەزىلەتلىكىدۇر. ئۇنىڭدىن كېيىن، تاكى ئۆمەر ئىبنى ئابدۇلئەزىز رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ يېتىپ كەلگىچە زالىم پادىشاھلىق دەۋرى ھۆكۈم سۈرگەنىدى. شۇڭا ئەھلى سۈننەت

[1] ئەبۇداۋۇد ۋە تىرمىزى رىۋايەت قىلغان.

ئالىملىرى ئۆمەر ئىبنى ئابدۇلئەزىزنىڭ خەلققە خۇددى تۆت چوڭ خەلىپىدەك ھۆكۈمرانلىق قىلغانلىقىغا قاراپ، ئۇنى بەشىنچى خەلىپە دەپ ھېسابلايدۇ.

**211 ـ سوئال:**

**بۇ تۆت كىشىنىڭ ئومۇمىي جەھەتتىن خەلىپىلىككە دائىر دەلىللەر قايسىلار؟**

ئۇلارنىڭ خەلىپىلىككە دائىر دەلىللەر ساناپ تۈگەتكۈسىز دەرىجىدە كۆپ بولۇپ، تۆت چوڭ خەلىپە دەۋرىنىڭ ئوتتۇز يىل ئىچىدە بولۇشى بۇ دەلىللەردىن بىرىدۇر. بۇ، ئۇلارنىڭ رەھبەرلىكتە تۇرغان مۆھلەتنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. دەلىللەرنىڭ بىر قىسمى بۇرۇن بىز سۆزلەپ ئۆتكىنىمىزدەك، ئۇلارنىڭ پەزىلەتلىرى توغرىسىدىكى ھەدىس ـ رىۋايەتلەردۇر. خەلىپىلەرنىڭ ئۆز ئارىلىرىدىكى پەزىلەتلىرىمۇ ئۇلارنىڭ خەلىپىلىك نۆۋىتىگە قارىتا بولىدۇ.

بۇنىڭ يەنە بىر دەلىلى ئەبۇداۋۇد ۋە باشقىلارنىڭ سەمۇرا ئىبنى جۇندۇبتىن كەلتۈرگەن رىۋايىتىدۇر: بىر ئادەم مۇنداق دېدى: «ئەي الله نىڭ پەيغەمبىرى! مەن ئاسماندىن چېلەككە ئوخشايدىغان بىر نەرسىنىڭ ساڭگىلاپ تۇرغىنىنى كۆردۈم. ئەبۇبەكرى كېلىپ، بۇ چېلەكنىڭ ئىككى يېنىدىن تۇتۇپ، ئازراق ئىچتى، ئاندىن ئۆمەر كېلىپ، چېلەكنى ئىككى يېنىدىن تۇتۇپ، قانغۇچە ئىچتى. ئاندىن ئوسمان كېلىپ، چېلەكنى ئىككى ياندىن تۇتۇپ، قانغۇچە ئىچتى. ئاخىرىدا ئەلى كەلدى. چېلەك بىر ئاز چايقالدى ۋە چېلەكتىن ئۇنىڭ ئۇنىڭ ئۈستىگە ئازراق سۇ تۆكۈلدى.»[1]

---

[1] ئەبۇداۋۇد رىۋايەت قىلغان.

بۇ ھەقتىكى دەلىللەرنىڭ (ئەڭ كۈچلۈك) بىرى مەسلىھەتلىشىشى مۇھىم دەپ قارالغان كىشىلەرنىڭ بۇ تۆت زاتنىڭ خەلىپىلىكىنى بىردەك قوبۇل قىلىشى بولۇپ، ئازغۇن ۋە بىدئەتچىلەردىن باشقا ھېچكىم ئۇلارنىڭ خەلىپىلىكىگە تىل تەگكۈزمىگەندى.

## 212 ـ سوئال:

**باشتىكى ئۈچ خەلىپىنىڭ خەلىپىلىكىنىڭ ئومۇمىي دەلىلى نېمە؟**

بۇنىڭغا دائىر دەلىللەرمۇ بەك كۆپ. بۇنىڭ بىر قىسمىنى ئالدىنقى سوئاللىرىمىزدا تىلغا ئېلىپ ئۆتتۇق. ئەبۇبەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بۇ ھەقتە مۇنداق بىر ھەدىس رىۋايەت قىلغان. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىر كۈنى: «قايسىڭلار چۈش كۆردۈڭلار؟» دەپ سورىدى. بىرى: مەن بىر چۈش كۆردۈم. ئاسماندىن خۇددى تارازىغا ئوخشاش بىر نەرسە چۈشتى. ئەبۇبەكرى ئىككىڭلار تارتىلدىڭلار، سەن ئەبۇبەكرىدىن ئېغىر كەلدىڭ. ئاندىن ئۆمەر بىلەن ئەبۇبەكرى تارتىلدى، ئەبۇبەكرى ئۆمەردىن ئېغىر كەلدى. ئاندىن ئۆمەر بىلەن ئوسمان تارتىلدى، ئۆمەر ئوسماندىن ئېغىر كەلدى. ئاندىن تارازا يوقاپ كەتتى، ـ دېدى.[①]

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم يەنە مۇنداق دېگەنىدى: «بۈ كېچە سالىھ بىر كىشىگە بىر چۈش كۆرسىتىلدى. ئۇ چۈشتە ئەبۇبەكرى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا، ئۆمەر ئەبۇبەكرىگە، ئوسمان ئۆمەرگە

[①] ئەبۇداۋۇد ۋە تىرمىزى رىۋايەت قىلغان.

چىقىلدى.» [1] بۇ ئىككى ھەدىس ئىمام ئەھمەد ۋە ھاكىم تەرىپىدىن رىۋايەت قىلىنماقتا.

## 213 ـ سوئال:

**ئەبۇبەكرى ۋە ئۆمەرنىڭ خەلىپىلىكىگە دائىر بىرلىككە كەلگەن دەلىللەر قايسىلار؟**

بۇ ھەقتىكى دەلىللەرمۇ بەك كۆپ بولۇپ، بۇلارنىڭ بىر قىسمى سەھىھۇلبۇخارى ۋە سەھىھ مۇسلىمدە بايان قىلىنغان. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم دەيدۇكى: «مەن چۈشۈمدە ئۆزۈمنى قېشىغا بىر سوغا قويۇلغان قۇدۇقنىڭ يېنىدا كۆردۈم. ئۇ قۇدۇقتىن الله ئىرادە قىلغان مىقداردا سۇ تارتتىم. ئاندىن ئەبۇقۇھافەنىڭ ئوغلى (ئەبۇبەكرى) ئۇنى قولىغا ئېلىپ، بىر ياكى ئىككى سوغا سۇ تارتتى. ئۇنىڭ ھەرىكەتلىرى سەل ـ پەل ئاجىز ئىدى. الله ئۇنىڭ ئاجىزلىقىنى مەغپىرەت قىلسۇن! كۆپ ئۆتمەي، بۇ سوغا ناھايىتى يوغان بىر سوغىغا ئايلاندى. ئۆمەر ئىبنى خەتتاب بۇ سوغا بىلەن سۇ تارتتى. مەن ئىنسانلار ئارىسىدا ئۆمەردەك سۇ تارتقان بىرىنى كۆرۈپ باقمىدىم. ئادەملەر ئۇنىڭ (قۇدۇقنىڭ) ئەتراپىنى ئورىۋالدى.» [2]

## 214 ـ سوئال:

**ئەبۇبەكرىنىڭ خەلىپىلىكى ۋە تۈنجى خەلىپە بولۇپ سايلىنىشىنىڭ دەلىلى نېمە؟**

بۇ ھەقتىمۇ ساناپ تۈگەتكۈسىز دەرىجىدە كۆپ ھەدىس بار. بۇلارنىڭ بىر قىسمىنى ئالدىنقى سوئاللاردا كۆرۈپ ئۆتتۇق،

---

[1] ئەبۇداۋۇد رىۋايەت قىلغان.

[2] بۇخارى، مۇسلىم ۋە تىرمىزى رىۋايەت قىلغان.

يەنە بىر قىسمى سەھىھۇلبۇخارى ۋە سەھىھمۇسلىمدا بايان قىلىنماقتا. بىر ئايال پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ يېنىغا كەلدى. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇ ئايالنىڭ قايتىپ كېتىشىنى بۇيرىدى. ئايال: (ئۆلۈمنى كۆزدە تۇتقاندەك) ئەگەر كېلىپ، سىزنى تاپالماي قالسامچۇ؟ - دەپ سورىدى. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «ئەگەر مېنى تاپالمىساڭ، ئەبۇبەكرىنىڭ يېنىغا بارغىن!» دېدى.

سەھىھ مۇسلىمدا رىۋايەت قىلىنغان بىر ھەدىسمۇ بۇنىڭ دەلىلىدۇر. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ: الله نىڭ پەيغەمبىرى سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم سەكراتتىكى ۋاقتىدا ماڭا مۇنداق دېگەنىدى: «ماڭا داداڭ بىلەن قېرىندىشىڭنى چاقىرىپ بەرگىن. مەن ئۇلارغا بىر پارچە خەت قىلىپ بېرەي. چۈنكى مەن ھەرقانداق بىرىنىڭ بىر تەمەننىدە بولۇشىنى ياكى بىرىنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىپ، مەن (خەلىپىلىككە ئۇنىڭدىنمۇ) لايىقراق دېيىشىدىن قورقىمەن. ھالبۇكى، الله مۇ، مۇئمىنلەرمۇ ئەبۇبەكرىدىن باشقىسىغا رازى بولمايدۇ.»

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سەكراتتىكى ۋاقتىدا، ئەبۇبەكرىنى جامائەتكە ئىمام قىلىپ تەيىنلىگەن چاغدىمۇ شۇنداق دېگەنىدى.

ئۇندىن باشقا، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇھاجىر ۋە ئەنسار ساھابىلىرىنىڭ ھەممىسى ۋە ئۇلاردىن كېيىن كەلگەنلەر ئۇنىڭغا (ئەبۇبەكرىگە) بەيئەت قىلىش توغرىسىدا پىكىر بىرلىكىگە كەلگەنىدى.

**215 ــ سوئال:**

**خەلىپىلىكتە ئەبۇبەكرىدىن كېيىن ئۆمەرنىڭ ئالدىغا چىقىرىلىشىنىڭ دەلىلى نېمە؟**

بۇ ھەقتىكى دەلىلمۇ بەك كۆپ بولۇپ، بىر قىسمىنى بايان قىلىپ ئۆتتۇق. بۇ دەلىللەردىن بىرى پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنۇ سۆزلىرىدۇر. ئۇ: «مەن سىلەرنىڭ ئاراڭلاردا قانچىلىك تۇرىدىغانلىقىمنى بىلمەيمەن. مەندىن كېيىن كېلىدىغان ئىككى كىشىگە ئىتائەت قىلىڭلار» دېگەندىن كېيىن، ھەزرىتى ئەبۇبەكرى بىلەن ھەزرىتى ئۆمەرنى ئىشارەت قىلدى.[1]

دېڭىز دولقۇنىدەك ئارقىمۇ ئارقىدىن كېلىدىغان پىتنىلەر ھەققىدىكى ھەدىسمۇ بۇنىڭ بىر دەلىلىدۇر. ھۇزەيفە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا دېدىكى: «سەن بىلەن بۇ پىتنىلەر ئارىسىدا قۇلۇپلاقلىق بىر ئىشىك بار.» ئۆمەر: «بۇ ئىشىك ئېچىلامدۇ ياكى چېقىلامدۇ؟» دەپ سورىدى. ھۇزەيفە: «چېقىلىدۇ» دەپ جاۋاب بەردى. شۇنىڭ بىلەن، ئۆمەر: «ئۇنداقتا، ئۇ ئىشىك قايتا يېپىلمىغۇدەك» دېدى. بۇ ئىشىك ئۆمەر بولۇپ، ئىشىكنىڭ چېقىلىشى ھەزرىتى ئۆمەرنىڭ ئۆلتۈرۈلۈشىگە سىمۋول قىلىنغانىدى. ئۇندىن كېيىنمۇ، ئۇممەت ئارىسىدىن ھەزرىتى ئۆمەردەك ئۆتكۈر قىلىچ چىقىپ باقمىدى.[2]

ئۇندىن باشقا، بارلىق ئۇممەت ھەزرىتى ئەبۇبەكرىدىن كېيىن ئۇنىڭ خەلىپىلىككە تەيىنلىنىشى توغرىسىدا پىكىر بىرلىكىگە كەلگەنىدى.

**216 ـ سوئال:**

[1] تىرمىزى ۋە ئىبنى ماجە رىۋايەت قىلغان.

[2] بۇخارى، مۇسلىم، ئىبنى ماجە رىۋايەت قىلغان.

**بۇ ئىككىسىدىن كېيىن خەلىپىلىككە ئوسمانىنىڭ كەلتۈرۈلۈشىنىڭ دەلىلى نېمە؟**

بۇ ھەقتىكى دەلىلمۇ ناھايىتى كۆپ بولۇپ، بىر قىسمىنى يۇقۇرىدا كۆرۈپ ئۆتتۇق. بۇلاردىن بىرى كەئب ئىبنى ئۇجرە رىۋايەت قىلغان تۆۋەندىكى ھەدىسى بۇنى تەشكىل قىلىدۇ. الله نىڭ پەيغەمبىرى سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىر پىتنىنى تىلغا ئالدى ۋە ئۇنىڭ پات يېقىندا كېلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. دەل شۇ چاغدا بېشى يۆگەكلىك بىر ئادەم ئۆتتى. الله نىڭ پەيغەمبىرى سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «بۇ، ئۇ كۈنى ھىدايەتتە بولىدىغانلاردىندۇر» دېدى. مەن دەرھال يۈگۈرۈپ بېرىپ، ئوسمانىنىڭ قولىدىن تۇتتۇم ۋە الله نىڭ پەيغەمبىرى سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە قاراپ: بۇمۇ؟ ـ دېدىم. الله نىڭ پەيغەمبىرى: «بۇ» دېدى. بۇ ھەدىسنى ئىبنى ماجە ۋە تىرمىزى مۇررە ئىبنى كەئبتىن رىۋايەت قىلغان بولۇپ، بۇ سەھىھ ھەسەن ھەدىستۇر.

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دېگەن: الله نىڭ پەيغەمبىرى سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەندى: «ئەي ئوسمان! ئەگەر الله بىر كۈنى بۇ ئىشنىڭ بېشىغا سېنى قويغاندا، مۇناپىقلار الله نىڭ ساڭا كىيگۈزۈپ قويغان كۆينەكنى سېلىۋېتىشنى تەلەپ قىلسا، سەن ھەرگىز سېلىۋەتمىگىن!» پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ سۆزنى ئۈچ قېتىم تەكرارلىدى. بۇ ھەدىسنىمۇ ئىبنى ماجە رىۋايەت قىلغان.

ئاۋۋال كىچەش ئەزالىرى (ھەزرىتى ئۆمەرنىڭ يېڭى خەلىپە تەيىنلەش ۋەزىپىسىنى تاپشۇرغان كىشىلەر)، ئاندىن باشقا ساھابىلەر ئۇنىڭغا بەيئەت قىلىشتا پىكىر بىرلىكىگە كەلگەن. ھەزرىتى ئوسمانغا تۇنجى بولۇپ ھەزرىتى ئەلى ،

ئاندىن ئابدۇراھمان ئىبنى ئەۋف، ئۇندىن كېيىن باشقا كىشىلەر كېلىپ بەيئەت قىلدى.

**217 ــ سوئال:**

**ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ خەلىپىلىكىنىڭ ۋە ئالدىنقى ئۇچىدىن كېيىن ئۇنىڭ خەلىپىلىككە تەيىنلىنىشىنىڭ دەلىلى نېمە؟**

بۇ ھەقتىكى دەلىللەرمۇ بەك كۆپ بولۇپ، بىر قىسمىنى يۇقىرىدا كۆرۈپ ئۆتتۇق. بۇنىڭ بىر دەلىلى پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ شۇ سۆزلىرىدۇر: «ئېسىت ئاممار، ئېسىت! ئۇنى ھەقسىزلىك بىلەن ئىسيان چىقارغانلار ئۆلتۈرىدۇ. ئۇ ئۇلارنى جەننەتكە چاقىرسا، ئۇلار ئۇنى ئوتقا (يەنى دوزاخقا) چاقىرىدۇ.»[1]

ئاممار رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ھەزرىتى ئەلى بىلەن بىللە ئىدى. ئۇنى شام خەلقى ئۆلتۈردى. ئۇ ئۇلارنى سۈننەتكە، جامائەتكە، ھەق ئىمام بولغان ئەلى ئىبنى ئەبۇتالىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا ئىتائەت قىلىشقا دەۋەت قىلىۋاتاتتى. بۇ ھەدىس سەھىھ كىتابلاردا بايان قىلىنماقتا. ئۇ كىتابلاردىكى يەنە بىر ھەدىستە پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنغان: «بۆلگۈنچىلىك دەۋرىدە بىر قىسىم كىشىلەر ھەقتىن چەتنەپ كېتىدۇ. ئۇلارنى ھەققە تېخىمۇ يېقىن بولغان يەنە بىر قىسىم كىشىلەر ئۆلتۈرىدۇ.»[2]

[1] بۇخارى، مۇسلىم، تىرمىزى رىۋايەت قىلغان.
[2] مۇسلىم ۋە ئەبۇداۋۇد رىۋايەت قىلغان.

خاۋارىجلار ھەقتىن چەتنەپ كەتتى. ھەزرىتى ئەلى ئۇلارنى نەھرىۋان كۈنى ئۆلتۈردى. بارلىق ئەھلى سۈننەتنىڭ ئىچىدا ئۇ ھەققە ئەڭ يېقىن كىشىدۇر.

# ئەمرگە بويسۇنۇش

**218 ـ سوئال:**

**مۇسۇلمانىنىڭ ئۈستىدىكى ئەمىرلەرنىڭ ھەقلىرى نېمىدىن ئىبارەت؟**

ئۇلارغا ھەقنى ئاساس قىلغان ھالدا سەمىمىيەتلىك بىلەن نەسىھەت قىلىش، ھەقتە ئۇلارغا ئىتائەت قىلىش، ئۇلارنى ھەققە بۇيرۇپ، مۇۋاپىق شەكىلدە ئاگاھلاندۇرۇش، ئارقىسىدا تۇرۇپ ناماز ئوقۇش، ئۇلار بىلەن بىللە جىھادقا چىقىش، زاكاتنى ئۇلارغا بېرىش، ھەقسىزلىق قىلغان تەقدىردىمۇ سەۋر ـ تاقەت قىلىش، كۇپرىلىققا ئوچۇق دالالەت قىلمىغۇچە ئۇلارغا قارشى قىلىچ تەڭلىمەسلىك، يالغاندىن ماختاش ئارقىلىق ئۇلارنى ئالدىماسلىق، ئىسلاھ قىلىش ۋە مۇۋەپپىقىيەتكە ئېرىشىشلىرى ئۈچۈن ئۇلارغا دۇئا قىلىش.

**219 ـ سوئال:**

**بۇنىڭ دەلىللىرى نېمىلەر؟**

بۇنىڭ دەلىللىرى بەكمۇ كۆپ بولۇپ، بەزىلىرى تۆۋەندىكىچە:

**اللہ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئى مۇئمىنلەر! اللہ قا، پەيغەمبەرگە ۋە ئۆزەڭلاردىن بولغان ئىش ئۈستىدىكىلەرگە ئىتائەت قىلىڭلار.﴾[1]**

---

[1] سۈرە نىسا، 59 = ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمۇ مۇنداق دېگەندى: «سىلەرگە بىر قۇل ئەمىر قىلىپ تەيىنلەنگەن تەقدىردىمۇ، ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلىڭلار.»[1] «كىمكى ئۆز ئەمرىنىڭ نالايىق ئىشلىرىنى كۆرسە، ئۇنىڭغا سەۋر ـ تاقەت قىلسۇن. چۈنكى جامائەتتىن بىر غېرىچ بولسىمۇ ئايرىلىپ قالغان ئادەم، مۇتلەق ھالدا جاھىلىيەت ئۆلۈمى بىلەن ئۆلگەن بولىدۇ.»[2]

ئۇبادە ئىبنى ئەسسامىت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەندى: بىز پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ چاقىرىقىغا بىنائەن ئۇنىڭغا بەيئەت قىلدۇق. بەيئەت ۋاقتىدا بىزدىن ئالغان ۋەدىسى ئارىسىدا شۇ سۆزلەر بار ئىدى: «مەمنۇن بولغان ياكى بولمىغان ۋاقىتلاردا، راھەت ۋە قىيىنچىلىق مەزگىللىرىدە، باشقىلار بىزدىن ئەۋزەل كۆرۈلگەن ھالدىمۇ ئىتائەت قىلىپ، ئىش ئۈستىدىكى كىشىلەر بىلەن تالاش ـ تارتىش قىلمايدىغانلىقىمىزغا بەيئەت قىلىمىز.» ئاندىن الله نىڭ پەيغەمبىرى سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «ئەمما قولۇڭلاردا ئوچۇق كۆپۈرلۈق ئىكەنلىكىگە دائىر دەلىل بولغان ئىش يۈز بەرسە، سىلەر بۇ ۋەدىدىن مۇستەسنا بولىسىلەر» دېدى.[3]

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم يەنە مۇنداق دېگەندى: «سىلەرگە بىر ئەزاسى كېسىلگەن زەڭگى قۇل ئەمىر قىلىنغان تەقدىردە، ئۇ الله نىڭ كىتابىغا ئۇيغۇن

[1] بۇخارى، مۇسلىم ۋە ئەبۇداۋۇد رىۋايەت قىلغان.
[2] بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.
[3] بۇخارى، مۇسلىم، نەسائى ۋە ئىبنى ماجە رىۋايەت قىلغان.

شەكىلدە سىلەرگە قوماندانلىق قىلسىلا، سىلەر چوقۇم ئۇنىڭغا بويسۇنۇڭلار ۋە ئىتائەت قىلىڭلار.»①

«مەمنۇن بولغان ياكى بولمىغان ئىشلاردا بويسۇنۇپ، ئىتائەت قىلىش مۇسۇلماننىڭ ۋەزىپىسىدۇر. ئەگەر ئۇنىڭغا گۇناھ ـ مەسىيەت بىلەن ئەمر بېرىلسە، ئۇ بۇنىڭدىن مۇستەسنا (يەنى ئىتائەت قىلىنمايدۇ). ئەگەر ئۇنىڭغا گۇناھ بولىدىغان بىر ئەمر بېرىلسە، ئۇ ئەمرگە بويسۇنۇش ياكى ئىتائەت قىلىشقا بولمايدۇ.»② «ئىتائەت پەقەت ياخشى ئىشتا بولىدۇ.»③

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيهى ۋەسەللەم يەنە مۇنداق دېگەنىدى: «ئۇ (يەنى ئەمىر) دۈمبەڭگە ئۇرۇپ، مېلىڭنى تارتىۋالسىمۇ، سۆزىنى ئاڭلاپ ئىتائەت قىلغىن!»④

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيهى ۋەسەللەم يەنە بىر ھەدىسىدە مۇنداق دېگەنىدى: «كىمكى ئىتائەتتىن ۋاز كەچسە، قىيامەت كۈنى ئۇ ئۆزىنى ياقلايدىغان ھېچقانداق دەلىل تاپالمىغان ھالدا اللە نىڭ ھۇزۇرىغا بارىدۇ. ئەگەر كىمكى بويىنىدا بەيئەت مەسئۇلىيىتى بولمىغان ھالدا ئۆلۈپ كەتسە، ئۇ جاھىلىيەت ئۆلۈمى بىلەن ئۆلگەن بولىدۇ.»⑤

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيهى ۋەسەللەم يەنە مۇنداق دېگەنىدى: «بۇ ئۈممەتنىڭ بىرلىك ۋە باراۋەرلىك ئىچىدىكى

---

① مۇسلىم، تىرمىزى ۋە ئىبنى ماجە رىۋايەت قىلغان.
② بۇخارى، مۇسلىم، تىرمىزى، ئەبۇداۋۇد، نەسائى ۋە ئىبنى ماجە رىۋايەت قىلغان.
③ بۇخارى، مۇسلىم، ئەبۇداۋۇد، نەسائى ۋە ئىبنى ماجە رىۋايەت قىلغان.
④ مۇسلىم ۋە ئەبۇداۋۇد رىۋايەت قىلغان.
⑤ ئىمام مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ئىشنى بۇزماقچى بولغانلارنى (مەيلى ئۇ كىم بولۇشىدىن قەتئىينەزەر) قىلىچ بىلەن هالاك قىلىڭلار!» [1]

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم يەنە بىر ھەدىسىدە مۇنداق دىگەندى: «بەزىبىر ئەمىرلەر باركى، ئۇلارنىڭ بەزىلىرىنىڭ ياخشىلىق ئۇچۇن ۋە بەزىلىرىنىڭ يامانلىق (گۇناھ) ئۇچۇن ئىكەنلىكىنى كۆرىسىلەر. كىمكى ياخشىلىققا ئەمر قىلسا قۇتۇلىدۇ، كىم يامانلىققا قارشى چىقسا، خاتىرجەملىككە ئېرىشىدۇ. ئەمما (ئۇ يامانلىققا) رازى بولغان ۋە بويسۇن ئەگەشكەن كىشى مەقسىتىگە يېتەلمەيدۇ.» ساھابىلەر: ئۇلارغا قارشى ئۇرۇش قىلمامدۇق؟ ـ دەپ سورىدى. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «نامازنى تەرك ئەتمىگىچە ئۇنداق قىلماڭلار!» دىدى. [2]

ۋە بۇندىن باشقا كۆپلىگەن ھەدىسلەر بار بولۇپ، بۇلارنىڭ ھەممىسى سەھىھ كىتابلاردا بايان قىلىنماقتا.

## 220 ـ سوئال:

**ياخشىلىققا بۇيرۇپ، يامانلىقتىن توسۇش كىمنىڭ ۋەزىپىسى؟ بۇنىڭ مەرتىۋىلىرى قايسىلار؟**

الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿سىلەرنىڭ ئاراڭلاردا خەيرلىك ئىشلارغا دەۋەت قىلىدىغان، ياخشى ئىشلارغا بۇيرۇپ، يامان ئىشلارنى مەنئى قىلىدىغان بىر جامائە بولسۇن؛ ئەنە شۇلار مەقسىتىگە ئېرىشكۈچىلەردۇر.﴾ [3]

---

[1] مۇسلىم، نەسائى ۋە ئەبۇداۋۇد رىۋايەت قىلغان.

[2] مۇسلىم، ئەبۇداۋۇد ۋە تىرمىزى رىۋايەت قىلغان.

[3] سۈرە ئال ئىمران، 104 ـ ئايەت.

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەممۇ مۇنداق دېگەندى: «(ئاراڭلاردىن كىمكى (شەرئەت مەنئى قىلغان) بىر يامان ئىشنى كۆرسە، ئۇنى قولى بىلەن ئۆزگەرتسۇن، ئۇنىڭغا كۈچى يەتمىسە تىلى بىلەن، ئۇنىڭغىمۇ كۈچى يەتمىسە دىلى بىلەن يامان كۆرسۇن. مانا بۇ ئىماننىڭ ئەڭ زەئىپ ھالىتىدۇر.» [1]

قۇرئان ئايەتلىرى ۋە پەيغەمبىرىمىز ھەدىسلىرىدىن بۇ ھەقتە كەلگەنلىرى ساناپ تۈگەتكۈسىز دەرىجىدە كۆپ بولۇپ، ئۇلارنىڭ ھەممىسى ياخشىلىققا بۇيرۇپ، يامانلىقنى كۆرگەن ھەر كىمنىڭ ئۇ يامانلىقنى توسۇش ۋەزىپىسىنىڭ بارلىقى ئىكەنلىكىگە دەلىل بولۇپ كەلمەكتە.

بۇ ۋەزىپە باشقا بىرى تەرىپىدىن ئورۇنلانمىغىچە ئۇ كىشىنىڭ زىممىسىدىن چۈشمەيدۇ. ھەر كىمنىڭ ۋەزىپىسى ئۆز ئەھۋالىغا قارىتا بولىدۇ. بىر ئىشنىڭ ئالدىنى ئېلىشقا قۇربى يېتىدىغان ۋە ئۇ ئىشنى تېخىمۇ ياخشى بىلىدىغان بىرى بار بولسا، ئەلۋەتتە شۇ ئىشنى ئورۇنلاش ئۇ كىشىگە تېخىمۇ ۋاجىپ بولىدۇ ھەم مۇۋاپىق بىر تەرەپ قىلىنىدۇ.

گۇناھ ئۆتكۈزگۈچىلەرگە ئازاب كېلىدىغان ۋاقىتتا، ئۇ ئىشنىڭ قىلىنماسلىقنى ئېيتقان ۋە ئۇ ئىشنى چەكلەشكە تىرىشقان كىشىلەرلا ئامانلىققا ئېرىشىدۇ. بىز بۇ مەسىلە ھەققىدە ئالاھىدە توختىلىپ، بىر رىسالە تەييارلىدۇق. بۇ توغرۇلۇق ھەقنى تەلەپ قىلغۇچىلار ئۈچۈن بۇ يەردە كەلتۈرگەنلىرىمىزمۇ يېتەرلىك دەپ قارايمىز. ھەمدۇ سانا اللە قا خاستۇر، بىزگە قىلغان ئىلتىپاتى ئۈچۈن اللە تائالاغا چەكسىز مىننەتدارلىقىمىزنى بىلدۈرىمىز.

---

[1] مۇسلىم، ئەبۇداۋۇد، تىرمىزى، نەسائى ۋە ئىبنى ماجە رىۋايەت قىلغان.

# ئەۋلىيالىق ۋە كارامەت

**221 ـ سوئال:**

**ئەۋلىيالارنىڭ كارامەتلىرىنىڭ هۆكمى نېمە؟**

ئەۋلىيالارنىڭ كارامەتلىرى ھەقتۇر. كارامەت ــــ ئۆزلىرىنىڭ ھېچقانداق مۇداخىلىسى بولمىغان ۋە (كاپىرلارغا قارشى) جەڭ ئېلان قىلىشمۇ مەقسەت قىلىنمىغان، ئۇلارنىڭ قولى بىلەن ئەمەلگە ئاشىدىغان، پەۋقۇلئاددە بىر ئەھۋالنىڭ كۆرۈنۈشىدۇر. بۇ ئىشنى اللہ ئۇلار ئارقىلىق (ئۇلار بۇ ئىشنى بىلمىسىمۇ) مەۋجۇدىيەت ئالىمىدە مەيدانغا كەلتۈرىدۇ. ئەسھابۇل كەھف قىسسىسى بىر غارغا يوشۇرۇنۇپ، غار ئاغزى قۇرام تاش بىلەن ئېتىلىپ قالغان ئۈچ كىشىنىڭ قۇتۇلۇپ قېلىشىغا دائىر قىسسە، راھىب جۇرەيج قىسسىسى بۇنىڭغا مىسال بولالايدۇ.

مانا بۇلارنىڭ ھەممىسى ئۇ ئەۋلىيالارنىڭ پەيغەمبەرلىرىگە ئائىت مۆجىزىلەردۇر. شۇڭا بۇ ئۇممەت ئارىسىدىكى كارامەتلەر تېخىمۇ كۆپ ۋە تېخىمۇ بۈيۈكتۇر. چۈنكى بۇ ئۇممەتنىڭ پەيغەمبىرىنىڭ مۆجىزىلىرىمۇ ئەنە شۇنداق بۈيۈك، اللہ نىڭ نەزىرىدىكى قىممىتىمۇ ئارتۇق ئىدى. مۇرتەدلەرگە قارشى تۇرۇش ۋاقتىدا ئەبۇبەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ بېشىدىن ئۆتكەن ۋەقەلەر، ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنبەردە تۇرۇپ، شامدىكى سارىيەگە ئاۋازىنى يەتكۈزگەنلىكى قاتارلىقلار. ئۇنىدىن باشقا، ھەزرىتى ئۆمەرنىڭ مىسىردىكى نىل دەرياسىغا مەكتۇپ يېزىشى بىلەن، نىل دەرياسىنىڭ ئېقىشى، ئەل ئەلا ئىبنى ھەدرەمىنىڭ بىزانسلارغا

قارشى ئۇرۇش ئېلىپ بېرىلغان ۋاقىتتا ئېتى بىلەن بىرگە دېڭىزغا شۇڭغۇشى، ئەبۇ مۇسلىم ئەل ھەۋلەنىنىڭ ئەسۋەد ئەل ئەنسى (يالغانچى پەيغەمبەر) نىڭ ئۆزى ئۈچۈن ياققان ئوتنىڭ ئىچىدە ناماز ئوقۇشى ۋە بۇنىڭغا ئوخشاش پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم زامانىدا ۋە ئۇندىن كېيىنكى ساھابى كىرەم دەۋرلىرىدە كۆپلىگەن ساھابىلاردىن كۆرۈلگەن پەۋقۇلئاددە ئىشلار بۇنىڭغا مىسال بولالايدۇ.

ئۇلارنىڭ ئىزىنى بويلاپ ماڭغان تابىئىنلار بىلەن ئۇلاردىن كېيىن كۇنىمىزگىچە ۋە قىيامەت كۈنىگە قەدەر كۆرۈلىدىغان ئىشلارمۇ ھەم شۇنداقتۇر. بۇلارنىڭ ھەممىسى ھەقىقەتەن پەيغەمبىرىمىز سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۆجىزىلىرىدۇر. چۈنكى ئۇلار (يەنى ئۈممەت) بۇلارغا پەقەت ئۇنىڭغا (يەنى پەيغەمبەرگە) ئەگىشىش ئارقىلىق نائىل بولالىغانىدى.

پەيغەمبىرىمىز سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە ئەگەشمىگەن بىرىدە پەۋقۇلئاددە ئەھۋال كۆرۈلسە، ئۇ بىر پىتنە ياكى كۆز بويامچىلىقىدىن ئىبارەتتۇر. ھەتتا بۇنىڭغا ئوخشاش كىشىلەر شەيتاننىڭ دوستلىرىدىندۇر، بۇلاردىن الله نىڭ مەرھەمىتىگە سىغىنىپ پاناھلىق تىلەيمىز.

**222 ـ سوئال:**

**الله نىڭ دوستلىرى كىملەردۇر؟**

الله قا ئىمان ئېيتقان، تەقۋادارلىق قىلغان، الله نىڭ پەيغەمبىرى سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە ئىتائەت قىلغان ھەركىم الله نىڭ ئەۋلىيالىرىدۇر. الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿راستلا الله نىڭ دوستلىرىغا (ئاخىرەتتە الله نىڭ ئازابىدىن) قورقۇش، (دۇنيادا قولدىن كەتكۈزۈپ قويغانغا)

قـــايغۇرۇش يوقـــتۇر.﴾[1] ئـــاندىن كېيـــن بۇلارنـــڭ كـــم ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئۇلار ئىمان ئېيتقان ۋە تـەقۋادارلىق قىلغـانلاردۇر.﴾[2] يەنــە بــر ئايەتتــە مۇنــداق دەيدۇ: ﴿الله مۇئمىنلەرنىڭ ئىگىسىدۇر، ئۇلارنى (كۇفرىنىڭ) زۇلمىدىن (ئىماننىڭ) يورۇقلۇققا چىقىرىدۇ.﴾[3]

الله تائالا يەنە بىر ئايەتتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿شۈبھىسىزكى، سـىلەرنىڭ دوسـتۇڭلار الله تـۇر، الله نىـڭ رەسـۇلىدۇر ۋە مۇئمىنلـەردۇركى، مۇئمىنلـەر تـەئدىل ئـەركان بىلـەن نامـاز ئۆتەيدۇ، زاكات بېرىدۇ، ئۇلار (الله نىڭ ئەمرىگە) كەمتەرلىك بىلـەن بويســۇنغۇچىلاردۇر. كىمكــى الله نــى، الله نىــڭ پەيغەمبىرىنى ۋە مۇئمىنلەرنى دوست تۇتىدىكەن، (ئۇ الله نىڭ جامائەســـىدىندۇر). الله نىـــڭ جامائەســـى (ئەلۋەتتـــە) غالىبتۇر.﴾[4]

پــەيغەمبەر ســەللەللاھۇ ئەلــەيھى ۋەســەللەمۇ مۇنــداق دېگـەندى: «پـالانچى ئائىلـە كىشـلىرى مېنىـڭ دوستلىرىم ئەمەس. مېنىڭ دوستلىرىم پەقەت تەقۋادارلاردۇر.»[5]

ھەسەن ئەلبەسرى (الله ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) دېدىكى: بــر قىســـم كىشـــىلەر ئـــۆزلىرىنىڭ الله نـــى دوســـت تۇتىدىغانلىقىنى دەۋا قىلىشىدۇ. ئەمما الله تائالا ئۇلارنى شۇ ئـــايىتى بىلـــەن سىـــنىدى: ﴿ئەگـــەر سىـــلەر الله نـــى دوســـت

---

[1] سۈرە يۇنۇس، 62 ـ ئايەت.
[2] سۈرە يۇنۇس، 63 ـ ئايەت.
[3] سۈرە بەقەرە، 257 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[4] سۈرە مائىدە، 55 ـ ۋە 56 ـ ئايەتلەر.
[5] بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

تۇتساڭلار، ماڭا ئەگىشىڭلاركى، اللە سىلەرنى دوست تۇتىدۇ.﴾[1]

ئىمام شافئىي (اللە ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) مۇنداق دېگەنىدى: «سىلەر بىر ئادەمنىڭ سۇ ئۈستىدە مېڭىۋاتقانلىقىنى ياكى ئاسماندا ئۇچۇۋاتقانلىقىنى كۆرسەڭلارمۇ، ئۇنىڭ اللە نىڭ پەيغەمبىرى سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە ئىتائەت قىلىدىغان ياكى قىلمايدىغانلىقىنى بىلمىگىچە ئۇنى تەستىقلىماڭلار ۋە ئۇنىڭ سىرتقى كۆرۈنۈشىگە ئالدانماڭلار.»

**223 ـ سوئال:**

**پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ: «ئۇممىتىمدىن بىر قىسىم كىشىلەر ھەق ئۈستىدە داۋاملىق زەپەر قۇچىدۇ. ئۇلارغا قارشى تۇرغۇچىلار (ئۇلارغا) ھېچقانداق زىيان يەتكۈزەلمەيدۇ. شانى ئۇلۇغ ۋە مۇبارەك اللە نىڭ ئەمرى يېتىپ كەلگۈچە (بۇ ئىش) مۇشۇنداق داۋاملىشىدۇ»[2] دېگەن ھەدىستە كۆزدە تۇتۇلغان بىر قىسىم كىشىلەر كىملەر؟**

بۇلار يەتمىش ئۈچ پىرقە ئىچىدىن ھىدايەتكە ئېرىشىدىغان بىردىنبىر پىرقىگە تەۋە كىشىلەردۇر. چۈنكى پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بۇ پىرقىنى ھالاك بولىدىغان باشقا پىرقىلەردىن تۆۋەندىكى ھەدىسى ئارقىلىق مۇستەسنا قىلغانىدى: «... بىرى مۇستەسنا ھەممىسى ھالاك بولىدۇ، ئۇ بىرى جامائەتتۇر.»[3] يەنە بىر رىۋايەتتە مۇنداق

---

[1] سۈرە ئال ئىمران، 31 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[2] بۇخارى، مۇسلىم، ئەبۇداۋۇد، تىرمىزى ۋە ئىبنى ماجەلەر رىۋايىتى.
[3] ئىبنى ماجە رىۋايەت قىلغان.

دېگەندى: «ئۇلار بۇگۇن مەن ۋە ساھابىلىرىم مېڭىۋاتقان يولدىن ماڭغۇچىلاردۇر.»

ئۇلۇغ الله تىن بىزنى ئۇلاردىن قىلىشىنى، بىزنى ھىدايەتكە يەتكۈزگەندىن كېيىن، قەلبىمىزنى ھەقتىن بۇرىماسلىقىنى، بىزگە ئۆز پەزلىدىن رەھمەت ئاتا قىلىشىنى تىلەيمىز. شۈبھىسىزكى، ئۇ، چەكسىز مەرھەمەتلىك زات (ۋەھھاب) تۇر. ﴿قۇدرەت ئىگىسى بولغان پەرۋەردىگارىڭ ئۇلارنىڭ سۈپەتلىگەنلىرىدىن پاكتۇر. پەيغەمبەرلەرگە سالام بولسۇن! جىمى ھەمدۇ سانا ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى الله قا خاستۇر!﴾[1]

بۇ ئەسەر ھىجرى 1365 ـ يىل (مىلادى 1945 ـ يىلى) شەئبان ئېيىنىڭ بىرىنچى كۈنى (دۈشەنبە) تاماملاندى.

[1] سۈرە سافقات، 180 ـ ۋە 182 ـ ئايەتلەر.